

1995

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANGCIVILIZATION

4



تارىخنىڭ گۇۋاچىسى

توختى ھەسەن فوتوسى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
44 - يىل نەشرى
قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
1995 - يىل 4 - سان (ئومۇمىي 215 سان)

# بۇ سانىدا

## مەخسۇس سەھىپە

مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇپ، سەنئىتىمىزدە تېخىمۇ شانلىق نەتىجە يارىتايلى ...................... ئابلەت ئابدۇرېشىت 2

## مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى

چوڭ تىپتىكى مىللىي مۇزىكىلىق ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۈسەن» ئۈچ تۇر بويىچە «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى............... رىسالەت مۇھەممەت 6

## ئەدەبىيات گۈلزارى

ئۆپۆقتا سىڭىپ كەتكەن تەن ...... (ھېكايە) ............ رۇقىيە تۇردۇش 7

## سەنئەتكارلار شەجەرىسى

بىر «ئەۋلىيا» ھەققىدە ھېكايە ...... (ئەدەبىي ئاخبارات) ............ ئەخەت تۇردى 19

## ئۇرۇنەك

ئەينەك ۋە نۇر ........... (ئەدەبىي ئاخبارات) ......... ھاجى ئاتىكەمىرئەھمەت 37

## ئەينەك

سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن، ئويلىساڭچۇ؟ ...................... باغراش 45

## ئاممىۋى مەدەنىيەت

ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنى ھەقىقىي تۇردە كۈچەيتىش كېرەك ........... 80

مۇقاۋىدا: ئىشتىياق؛ مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: كۆسەن تاشكېمىرلىرى رەسىملىرىدىن «ئۇسسۇل ئىلاھەسى». رەسىملەرنى پەرھات ئىبراھىمى سىزغان. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)، ساتتار توختى
تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، رەسسام: پەرھات ئىبراھىمى
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا رېداكتورى: قۇربان مامۇت







- چوڭ تىپتىكى مىللىي مۇزىكىلىق ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۆسەن» 5 - نۆۋەتلىك «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۆتكۈزگەن مۇكاپاتلاش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

**ئابلەت ئابدۇرېشىت**

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى)

يولداشلار:

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى 16 - ماي بېيجىڭدە ئۆتكۈزگەن 5 - نۆۋەتلىك «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن نومۇرلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان چوڭ تىپتىكى مىللىي مۇزىكىلىق ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۆسەن» ئۈچ تۈر بويىچە «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا» مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا زور شان - شەرەپ كەلتۈردى. بۇ مۇناسىۋەت



بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۈگۈن داغدۇغىلىق مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزمەكتە. مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن، ئۈچ تۈر بويىچە «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بارلىق سەنئەتكارلار ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن ئالاقىدار تەشكىللىگۈچى ئورۇنلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن ۋە تۆھپە قوشقان ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

يولداشلار:

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ كۆپ خىل رولىنىڭ بىرلىكىدە، تېمىنى كۆپخىللاشتۇرۇش بىلەن ئاساسىي ملودىيىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى دەۋر روھىغا ۋە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ساغلام مەنىۋى مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىن ئېتىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، گۈللىنىشىنى، مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى. نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر، ئويۇن (نومۇر) لار دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى چوڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» بولغان شىنجاڭنىڭ شۆھرىتىنى نامايان قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈردى. بولۇپمۇ مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى 16 - ماي بېيجىڭدە ئۆتكۈزگەن 5 - نۆۋەتلىك «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن نومۇرلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 40 يىللىق تويىغا سوۋغات سۈپىتىدە يېڭىدىن تەييارلىغان چوڭ تىپتىكى مىللىي مۇزىكىلىق ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۆسەن» «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا» يېڭى نومۇر مۇكاپاتىغا، «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۆسەن» نىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتى «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا مۇزىكا ئىجادىيىتى مۇكاپاتى» غا، «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۆسەن» نىڭ باش ئۇسسۇلچىسى دىلنار ئابدۇللا «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا ئورۇنداش مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ، مەملىكەت بويىچە مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل تۈرىدە تۇنجى قېتىم ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك پەۋقۇلئاددە شەرەپ مۇكاپاتىغا مۇيەسسەر بولغانلىقى ئاپتونوم رايونىمىز مىللىي سەنئىتىنىڭ بىر يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن، شۇنداقلا سەنئەت كەسپى بويىچە تېخى دۆلەت دەرىجىلىك ئەڭ يۇقىرى كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشەلمەسلىكتەك ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتىدىن رازى.

ئۆتكەن يىل 27 - دېكابىر جىڭجۈي تىياتىرى سەنئىتى ئۇستازى مېي لەنفاڭ، جۇشىنفاڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭدىكى بىر قىسىم تىياتىر سەنئەتكارلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدا باش شۇجى جياڭ زېمىن «مىللىي سەنئەتنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي روھنى ئۇرغۇتايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. بۇ سۆز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مىللىي سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قىلغان زور غەمخورلۇقى ۋە ئۇنىڭدىن كۈتكەن سەمىمىي ئۈمىدىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە. بىز چوقۇم بۇ «سۆز» نىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق خىزمەت ئەمەلىيىتىمىزگە يېتەكچى قىلىپ، مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەتنى زور كۈچ بىلەن جانلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

تۆۋەندە مەن شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا بىر قانچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن:

**ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات- سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم.**

شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە، يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىدە، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، «مىللىي

تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى، گۈللىنىشى ۋە يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولۇش لازىم. شىنجاڭ ئۇزۇن تارىخقا، پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە كۆپ مىللەتلىك قەدىمكى رايون. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشى، دوستانە بىللە ئۆتۈشى باشتىن ـ ئاياغ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلگەن. ھەر قايسى مىللەتلەر ئورتاق ئۇزاق تارىخقا ۋە ئۆزىگە خاس مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە. ئۇلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىگە خاس باي ۋە پارلاق مىللىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ياراتقان. تارىختىن بۇيان ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان بۇ مول ۋە رەڭگا رەڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت مىراسلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى كۆز چاقنىتىپ تۇرىدىغان قىممەتلىك، بىباھا گۆھەردۇر. بىز ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چەت ئەللەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى دادىل قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنى ئەينەك قىلىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، سەنئەتنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە جۈرئەتلىك چىقىپ، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ئىگە نادىر سەنئەت ئەسەر (نومۇر) لىرىنى ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى يېڭى ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ تۈپ نىشانى ۋە مەركىزىي نۇقتىسى. «ئەڭ ئېسىل مەنىۋى ئوزۇقنى خەلققە بېغىشلاش» ـ ھەر بىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىمىنىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى. شىنجاڭ تارىختىن بۇيان ئالەمگە مەشھۇر «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى». ئۇ ئۇزۇن مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋە مۇنبەت سەنئەت تۇپرىقىغا ئىگە. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئېستېتىك خاھىشى، سەنئەتتىن ھۇزۇرلىنىشتىكى ئادەتلىرىنىڭ ئوخشاش ئاساسىدىن قارىغاندا، ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى بويىچە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ناخشا ـ ئۇسسۇلنى ئاساسىي بوسۇش نۇقتىسى، ئاساسىي تەرەققىيات گەۋدىسى قىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ھەر خىل ژانىر، تۈرلىرىنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى ئاساس قىلغان، كۆپ خىل سەنئەت تۈرلىرى ئورتاق راۋاجلىنىدىغان ۋەزىيەت يارىتىشىمىز، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئويۇن قويۇشنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈپ، كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بوسۇش خاراكتېرىدىكى نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشىمىز لازىم.

**مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى داۋاملىق تېزلىتىپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىگە ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ھەم مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ماسلاشتۇرۇش لازىم.** بۇ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا، يېڭى ئەسەرلەر ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىگە، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى يولغا قويغىلى بولىدىغان كونكرېت پىلان ۋە نىشاننى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم. مەن شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن ـ ھۈسەن» ناملىق چوڭ تىپتىكى مىللىي مۇزىكىلىق ناخشا ـ ئۇسسۇل گۇرۇپپىسىدىكى سەنئەتكارلارنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ شان ـ شەرەپنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ زور نەتىجە قازىنىشىغا چىن كۆڭلۈمدىن تىلەكداشمەن.

**ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، 8 ـ بەش يىللىق پىلاندىكى نۇقتىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنى تېزدىن يولغا قويۇش لازىم.** ئاپتونوم رايونىمىز ئاھالىسىنىڭ 80% تىن كۆپرەكى دېھقان ـ چارۋىچىلاردۇر. شۇڭا، مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىتىش كېرەك. دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇش ـ يېزىلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بازىسىنى مۇستەھكەملەشكە، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق

رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى شۇ جايدىكى پارتكوم، ھۆكۈمەت، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى ئاستىدا، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، «مەدەنىيەتتە ئىلغار ناھىيە» بولۇش، «يېپەك يولى چېگرا مەدەنىيەت كارىدورى»، «ياش - ئۆسمۈرلەر ئەدەبىيات - سەنئىتى قار لەيلىسى پىلانى» قاتارلىق ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشقا تەشكىللەپ، شۇ ئارقىلىق تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى لازىم. بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مەركىزى ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەدەنىيەت تارماقلىرى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تۈرلۈك تەييارلىقلارنى كۆڭۈل قويۇپ پۈتتۈرۈپ، بىر تۈركۈم سۈپەتلىك ئويۇن (نومۇر) لارنى تەييارلاپ ۋە قويۇپ، ئاممىنىڭ بايرام مەزگىلىدىكى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇشى لازىم.

**ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننى، خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان، سەنئەتكە ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، ئەسىر ھالقىيدىغان زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئەخلاقىي پەزىلىتى ياخشى، سەنئەتتە كامالەتكە يەتكەن، ئۇلۇغ دەۋرىمىزگە مۇناسىپ سەنئەتكارلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم.** ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئىدىيە جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىشى لازىم. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، خالىسانە تۆھپە قوشۇش روھى ۋە يېڭىلىق يارىتىش، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى يېتىلدۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشتەك غايە ۋە ئېتىقادنى پۇختا تىكلىشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغان رېئال تۇرمۇشقا يۈزلىنىپ، زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قايناق - تاشقىنلىق ئىسلاھاتقا ئاتلىنىپ، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىك، مەزمۇن بىلەن شەكىل بىرلەشتۈرۈلگەن، ھەر مىللەت خەلقىگە ياقىدىغان، خەلققە، تۇرمۇشقا يېقىن، بەدىئىي سېھرىي كۈچكە ئىگە نادىر سەنئەت ئەسەرلىرى، نومۇر (ئويۇن) لارنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ ئېستېتىك زوقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلار ياقتۇرىدىغان بەدىئىي شەكىللەرنى تېپىپ چىقىپ، يۇقىرى ماھارەت ۋە سۈپەتلىك ئويۇنلىرى بىلەن تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلىشى، تاماشىبىنلار سېپىنى كېڭەيتىشى، مەدەنىيەتنىڭ ئىستېمال ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

**ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر مەدەنىيەت خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى كېرەك. پۈتۈن جەمئىيەتتە مەدەنىيەتنى، سەنئەتكارلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.** ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى سەنئەت قانۇنىيىتىگە، سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشى، ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشى، ھەر مىللەت ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ قايناق تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان، بەدىئىي جەزبىلىككە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپلەپ ئىجاد قىلىشىغا ھەقىقىي ئىلھام بېرىشى، ئۇلارنى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن سىياسەت جەھەتتە كۈچلۈك قوللىشى، ماددىي جەھەتتە ئوبدان ئېتىبار بېرىشى، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ھەر خىل ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشى، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىتتىپاقلاشقان، دېموكراتىك، دوستانە، تىنچ - ئازادە كەيپىيات يارىتىپ بېرىشى لازىم. مەن بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەيمەنكى، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش، قېزىپ رەتلەش - ئىنتايىن جىددىي ھەم مۇھىم خىزمەت. ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەت تارماقلىرى بۇ جەھەتتە ئاساسلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۇ خىزمەتنى ئۆزلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىشى لازىم.

يولداشلار:

پارتىيە ۋە خەلق سەنئەتكارلاردىن زور ئۈمىد كۈتمەكتە. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىدە مىسلىسىز راۋاجلانغان ۋە گۈللەپ ياشنىغان يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلايلى. M1



# چوڭ تىپتىكى مىللىي مۇزىكىلىق ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۆسەن» ئۈچ تۈر بويىچە «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

### ئاپتونوم رايون داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىپ، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن خادىملارنى تەقدىرلىدى

16 - ماي مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزگەن 5 - نۆۋەتلىك «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا» مۇكاپاتى بويىچە سەنئەت نومۇرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىق تويىغا سوۋغات سۈپىتىدە يېڭىدىن تەييارلىغان «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۆسەن» ناملىق چوڭ تىپتىكى مىللىي مۇزىكىلىق ناخشا - ئۇسسۇل «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا» يېڭى نومۇر مۇكاپاتىغا، «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۆسەن» نىڭ مۇزىكىسىنى ئىجاد قىلغان نۇسرەت ۋاجىدى، جۇجى، نۇرمۇھەممەت سايىت، ماچېڭشياڭلار مۇزىكا ئىجادىيىتى بويىچە «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا مۇزىكا ئىجادىيىتى مۇكاپاتى» غا، «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۆسەن» نىڭ باش ئۇسسۇلچىسى دىلنار ئابدۇللا «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا ئورۇنداش مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا زور شان - شەرەپ كەلتۈردى.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن 3 - ئىيۇن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى داغدۇغىلىق تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، ئويۇن قويۇش گۇرۇپپىسىنىڭ ۋەكىللى ئەركىن قۇتبىددىن، مۇزىكا ئىجادىيىتى بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن نۇسرەت ۋاجىدى، جۇجى، نۇرمۇھەممەت سايىت، ماچېڭشياڭ، «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا ئورۇنداش مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن دىلنار ئابدۇللا ۋە «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۆسەن» ئويۇن قويۇش گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيەتچىلىرى، ئويۇن قويۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باش ئۇسسۇلچىلىرى، مۇزىكا، ناخشا ئەترىتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ جەمئىي 61 نەپەر كىشىنى 80 مىڭ يۈەن نەق پۇل بىلەن تەقدىرلىدى.

تەقدىرلەش يىغىنىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ، «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۆسەن» ناخشا - ئۇسسۇل گۇرۇپپىسىنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارىنى ئوقۇپ ئۆتتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت «مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇپ، سەنئىتىمىزدە تېخىمۇ شانلىق نەتىجە يارىتايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىن ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئابلەت ئابدۇرېشىت، خەلچەم ئىسلام، خوجىخان ھاكىموۋ، ئامىنە غاپپار، غوپۇر ئابدۇللا، پاشا ئىشان، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ جۇڭچۈن، مۇھەممەت زۇنۇن قاتارلىقلار مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرگە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى. **M1**

**رىسالەت مۇھەممەت**
(ئۆز مۇخبىرىمىز)



(1995 - يىل 3 - سان، ئومۇمىي 21 - سان)





(ھېكايە)

## رۇقىيە تۇردۇش

مەن بۇ دۇنياغا كېلىشىم بىلەن ئاپام ئۇدۇنياغا سەپەر قىپتۇ، شۇڭا مېنى مومام باقتى. لېكىن موماممۇ ئاپامنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمىدى.

- ئاپاڭنىڭ ياش كېتىشىگە مەن سەۋەبچى بولدۇم، - دەيتتى ئۇ، - ئۇ كۈنلەردە داداڭنىڭمۇ خىزمىتى ئالدىراش ئىدى، لېكىن مەن تۇغۇتلۇق بالامنى يالغۇز تاشلاپ قويمىسام بوپتىكەن، بۇ تېخى بالىنىڭ ھەمرىيى چۈشمىگەن چاغ ئىدى. مەن ھاجەتكە چىقىپ كەتكەندە، - ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي يىغلاپ كېتەتتى، قاردەك ئاپئاق ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن پۇرلىشىپ ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىنى بوش بېسىپ سۈرتەتتى، - ئۇنىڭغا بىرەرسىنى قارىتىپ قويۇپ چىقسام بوپتىكەن. ئاپاڭنىڭ ئېيتىشىچە، مەن چىقىپ كېتىشىمگىلا بىر ياش ئايال قولىدا كىچىككىنە بىر سېۋەتنى كۆتۈرگەنچە كىرىپ كەپتۇ. ئۇ گەپ - سۆز قىلماي، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي ئۇدۇل ئاپاڭنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى بىرلاسىلاپ نېمىدۇ بىر نەرسىنى سېۋەتكە ساپتۇ - دە، قانداق جىمجىت كىرگەن بولسا، شۇنداق چىقىپ كېتىپتۇ.

- مېنىڭ ھەمرىيىمنى ئاشۇ ئايال ئېلىپ كېتىپتىمۇ؟ -



دېيتتىم موماملىڭ تاتارغان، گۆشلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئېڭەكلىرىگە بېشىمنى كېيىنمچە تاشلاپ، دىققەت بىلەن تىكىلىپ. موماي جاۋاب ئورنىغا ئېڭىشىپ مېنى قۇچاقلايتتى ، كۆز ياشلىرى بويۇنلىرىمغا قۇيۇلاتتى.

كېيىن يىغلاڭغۇ موماي قاتتىق ئۇخلاپ كەتتى، بىر مۇنچە ئاق ياغلىق ئارتىشقان ئاياللار يىغا - زار قىلىپ كىچىككىنە ئۆيگە لىق تولدى. ھويلىغىمۇ قارا كىيىملىك، بېلىگە ئاق باغلاشقان داداشلار توپلىشىۋالدى ۋە دېرىزە تەكچىسىدىكى مېنى قاتتىق قورقۇتۇۋەتتى. دەل شۇ چاغدا ئەتىر پۇراپ تۇرىدىغان قوڭۇر دولقۇن چاچلىق ياش ئايال مېنى يوغان قىزىل شارپىغا يۆگەپ: «موماڭ ئاپاڭنىڭ يېنىغا كەتتى، ئەمدى سەن مېنىڭ يېنىمدا تۇرىسەن» دېدى - دە، يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى سۈرتكىنىچە مېنى ئىسسىق ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، گۈلزارلىقىغا قار دۈۋىلىشىپ كەتكەن كىچىككىنە ھويلا، سېرىلىق ئايال توغرىسىدا سۆزلەپ مېنى باغرىغا باسىدىغان يىغلاڭغۇ موماي، دېرىزە تەكچىسىگە چىقىۋېلىپ ئاغزى بىلەن دېرىزە ئەينىكىدىكى مۇز گۈللىرىنى ھوردۇتۇپ ئۇ يەردىن ھاسىل بولغان تۆشۈكتىن سائەت - سائەتلەپ تالاغا قاراپ ئولتۇرىدىغان كىچىككىنە قىزچاق پەقەت چۈشلىرىمدىلا مېنى ئىزدەپ تۇردى .

دادام مېنى ئانىسىنىڭ بېشىغا چىققان، دەپ قاراپ ئانچە ياخشى كۆرمەيتتى. گەرچە ھەرئايدا مەن ئۈچۈن شېرىنگۈل ھامامغا پۇل ئەۋەتىپ تۇرسىمۇ، ئۆزى كۆپ يوقلىمايتتى. شۇڭلاشقىمكىن ئۇ ماڭا بەكلا يات ۋە ناتونۇش بىلىنەتتى. ئاندا - ساندا يوقلاپ كەلگۈدەك بولسا، شېرىنگۈل ھامامنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، پەقەت يېقىن بارغىلى ئۇنىمايتتىم.

- ئانىسىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشاپتۇ، - دېدى ئۇ بىر قېتىم شۇنداقلا تۇنجى قېتىم بېشىمنى سىلاپ.

- مەن راست ئاپامغا ئوخشامدىم ؟ - دېدىم دادام كەتكەندە ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ ھامامغا.

- ئوخشايسەن. ئاپاڭ قاراچاچ، قاراكۆز، ئاق سېرىق ئىدى. چېچىنى دائىم سىلىق تاراپ كەينىگە تۈگۈۋالاتتى. بەزىدە سۈس يېشىل گاز ياغلىق چىگىۋالىدىغان.

- يەنچۇ؟ يەنە دەپ بېرىڭچۇ؟ . . .

- بۇرنى ئېلىپتەك تۈز، ئىشقىلىپ بەك چىرايلىق ئىدى. سېنىڭ مۇشۇ زىنىقىڭدىن باشقا يېرىڭ ئاپاڭغا ئوخشايدۇ.

- ئەمسە مەن چىرايلىقمۇ، ھامما؟

ھامام كۈلۈپ كېتىپ مېنى سۆيۈپ كەتتى.

- ھامما، ئاپامنىڭ بويى سىزدىن ئېگىزمىدى؟

- ۋاي - ۋۇي، ئېگىز ئىدى، خۇددى ئارتىسكىلار- دەك.

- ھوللىۋۇدنىڭ ئارتىسلىرىدەكمۇ؟

ھامامنىڭ ئۆيىدە چىرايى بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىرمۇنچە كىنو چولپانلىرىنىڭ ئاسما سۈرەتلىرى بار ئىدى، ھامام ماڭا ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ: ھوللىۋۇد كىنو چولپانلىرى، دېگەنتى. ئەمەلىيەتتە مەن ئۇ چاغدا بۇنىڭ نېمە گەپلىكىنى بىلىپ كەتمەيتتىم.

- ھە، شۇلاردەك.

- ئەمىسە مەنمۇ چوڭ بولغاندا ئاشۇلاردەك چىرايلىق بولامدىم؟

- ئۇلاردىنمۇ چىرايلىق بولىسەن، ئومىقىم. ئۇخلىغىن.

ھامام ھارغىن كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ يوتقىنىمنى تارتىپ ئۈستۈمگە يېپىپ قويدى. مەن كىچىچە گاز ياغلىق چىگكەن چىرايلىق ئاپامنى چۈشەپ چىقتىم.

ئەتىگەندە ھامام مۇزدەك قوللىرىنى يوتقىنىمنىڭ ئىچىگە تىقىپ دۈمبەمنى سىيلىغاندا ئەنىدىكىپ تۇرۇپ كەتتىم. كۆزلىرىمگە تولىمۇ گۈزەل، يېقىملىق، يالتىراق چوڭ كۆزلەر كۆرۈندى. ماڭا ئۇ، ئاپامدىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق بىلىندى.

ھامامنىڭ يولدىشى بابۇر ئاكام يەككە تىجارەتچى بولغاچقا، دائىم سىرتلاردا يۈرەتتى، ئۆيدە ناھايىتى ئاز تۇراتتى. ئۇ تۈرك ئەسكەرلىرىدەك تەمبەل بولغىنى بىلەن يۈزلىرى چوقۇر، كالپۇكلىرى قان يۇققاندەك قىپقىزىل، بۇرۇتلىرى قويۇق، كۆرۈمسىز ئادەم ئىدى. بەزىدە كوچىدا ئويناپ يۈرگىنىمدە مەھەللىدىكى غەيۋەتچى خوتۇنلارنىڭ ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقان ھامامنى ئىشارەت قىلىشىپ: «شېرىنگۈل بىر مەھەللىگە شولىسى چۈشكۈدەك چىرايلىق ئايال تۇرۇپ، ئەردىن تەلىيى چىقمىدى - دە، زايە كېتىدىغان بولدى بابۇر دېگەن تۇغماسقا» دېيىشكىنىنى ئاڭلاپ قالاتتىم. بۇنداق چاغدا نېمىشقىدۇر شېرىنگۈل ھامامغا ئىچ ئاغرىتىپ يىغلىغۇم كېلەتتى. ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەر كىشىنى تۇغماس دەيدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتىم.

- ھاما، نېمىشكە تۇغمايسىز؟ ئاپامغا ئوخشاش بولامدىكىن دەپ قورقۇۋاتامسىز؟ قورقماڭ ھاما، مەن سىزنى يالغۇز تاشلاپ قويمايمەن، سىۋەت كۆتۈرۈۋالغان ئايالنى كىرگۈزمەيمەن، - دەپ يالۋۇراتتىم.

- ئەخمىقانە گەپلەرنى قىلما، جەۋھەر. خۇدا بىزگە باللىق بولۇشنى نېسىپ قىلمىدىغۇ - تاڭ، ھېچقىسى يوق، بابۇر ساڭا ئامراق، تولا قالايمىقان خىياللارنى قىلمىغىن.

بەلكىم شۇنداقتۇ، بىراق مەن بابۇر ئاكامنىڭ ئورا كۆزلىرىگە قاراشتىن قورقاتتىم. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ شېرىنگۈل ھامامنىڭ كۆزىچىلا باشقا ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلىشىنى ياقتۇرمايتتىم. ئۇ دائىم ھويلىمىزنىڭ ئۇدۇلىدىكى يېمەك - ئىچمەك ساتىدىغان بوتكىغا كىرىۋېلىپ دۇكانچى ئاتىكەم سەتەڭ بىلەن

ئۆزاققىچە پاراڭلىشاتتى. ئاتىسكەم سەتەڭنىڭ ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى ھويلىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇنداق چاغدا شېرىنگۈل ھامىمام خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋېرەتتى. پەقەت مەنلا گېلىمغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بوغۇلۇپ كېتەتتىم. ھامىمام نېمە بولغىنىمنى سورىغاندا، جۇدۇنۇم تېخىمۇ ئۆرلەپ ئۇنى تىللىۋەتكۈم كېلىپ كېتەتتى. بابۇر ئاكام قايتىپ كىرگەندە بولسا، شېرىنگۈل ھامامىنىڭ غېمىدە يوق ئۇنىڭ ئالدىغا چاي راسلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ لاسىدە بولۇپ، دۇمسىيىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتىم. تېخىمۇ نېرۋامغا تېگىدىغىنى، بابۇر ئاكام ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ھامامىنىڭ ئالدىدا خۇددى بىرەر گۇناھ قىلىپ قويغاندەك بۇرۇقتۇم بولۇپ ئولتۇرۇۋالاتتى.

تۇۋا دېيمەن، شېرىنگۈل ھامىمام تازا ئەخمەقنىڭ ئۆزى ئىكەن.

ئەتراپنى قىزغۇچ قۇياش نۇرى قاپلىغان بىر ئەتىگەنلىكى ھامىمام مېنى بەدىنىمنى يۇيۇدىغان داسقا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ پۇراقلىق سوپۇنلىرى بىلەن ئالدىرىماي يۇيۇپ بەدىنىمگە ئۇپا سۈرتتى، ئاندىن ئاق ياقىلىق ھالرەڭ قىسقا مېھمانلىق كۆڭلىكىمنى كىيگۈزۈپ قولۇمغا چىرايلىق قاتلانغان گۈللۈك قولياغلىقنى تۇتقۇزدى - دە، كوچىغا ئېلىپ چىقتى.

- مېھمانغا بارامدۇق؟

- ياق.

- باغچىغىمۇ؟

- ياق.

- ئەمىسە نەگە؟ ئەجەب ماڭا ئېيتىپ بەرمەيدىكەنسىز- غۇ، ھاما؟ خەقلەرمۇ سىزنى كەمسۆز دەيدىكەن، بىرەر غېمىڭىز بارمۇ - يا؟ ئۇنداقمىكىن دېسەم كۈلۈپلا تۇرىسىز، ماڭا دەپ بېرىڭا ھاما، ھېچكىمگە ئېيتمايمەن، بابۇر ئاكام سىزنى بوزەك قىلامدۇ؟

- جەۋھەر؟!

چۆچۈپ كەتتىم. ھامىمام قاتتىق ھودۇقۇپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي تاتىرىپ كەتتى - دە، ئۆز - ئۆزىگە غۇدۇردىدى:

- تۇۋا خۇدايىم، ھازىرقى باللار نېمانچە قاقباشتۇ، مومايدەك گەپلەرنى قىلىدۇ.

- قىز بالا دېگەن تولا گەپ قىلمايدىغان، - دېدى ئۇ بىر ھازادىن كېيىن، - سېنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىمەن، ياخشى ئوقۇغىن. ھەر كۈنى چۈشتە ئالغىلى كېلىمەن. ئاستا - ئاستا ئۆزۈڭ بېرىپ - كېلەلەيدىغان بولىسەن. مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئاڭلا، قولياغلىق بىلەن ئاپىغىڭنى سۈرتۈپ سالما.

مەن ئەمدى گەپ قىلىشقا پېتىنالماي جىم ماڭدىم. ئۇ مېنى ياغلىقىدىن ئاق سانجىپ چارلاشقان چېكە چاچلىرى كۆرۈنۈپ قالغان بىر ئايال مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپ بېرىپ كېتىپ قالدى. «ئۇنىڭ بېشى دائىم ئاغرىپلا تۇرسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم مەن ئۇنىڭ بېشىغا چاڭ تارتىپ مەھكەم چېگىۋالغان كەشمىر ياغلىقىغا قاراپ. مۇئەللىم قىزغۇچ كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ قولۇمدىن يېتىلىگەنچە سىنىپقا ئېلىپ كىردى - دە، بىرىنچى پارتىدىكى كۆزلىرى يوغان، ئەمما بەكلا جانسىز، چىرايىدىن يۇۋاشلىقى چىقىپلا تۇرىدىغان بىر ئوغۇل باللىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

- مەن ئۇنىڭ بىلەن ئولتۇرمەن، بۇ قارىۋاي بىلەن ئولتۇرمايمەن، - كەينىمدىن بىرى شۇنداق دەپ ۋارقىرىدى. ئۆرۈلۈپ قارىسام، پۇت - قوللىرى شوخلۇقتىن جىم تۇرمايدىغان ئورۇق بىر ئوغۇل بالا كۈلگۈنچەك چېقىر كۆزلىرىنى ئويناتقىنىچە ماڭا قاراپ ھىجىيىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدىكى قارا قۇمچاق قىزچاق بولسا «پاڭگىدە» يىغلىۋەتتى.

- دىلشات، مۇشۇنداقلا قىلىدىغان بولساڭ سېنى ئوقۇتمايمەن! - دېدى مۇئەللىم ئۆزىگە ماسلاشمىغان ئىنچىكە چىرقىراق ئاۋازدا.

ئاڭغىچە قارا قۇمچاق قىز:

- مەنمۇ سەندەك سېرىق ئاسلان بىلەن ئولتۇرمايمەن، - دەپ يىغلاپ ئۆرە تۇرۇۋالدى. مۇئەللىم ئاخىر ئامال قىلالماي ئۇ ئىككىمىزنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويدى.

- ئىسمىڭ نېمە؟ - دەپ سورىدى دىلشات تەنەپپۇستا.

- جەۋھەر.

- جەۋھەر، سەن بەك چىرايلىق ئىكەنسەن، كۆڭلىكىڭمۇ چىرايلىقكەن، مەن چوڭ بولغاندا سېنى ئالىمەن.

- ئەجەب قېلىنكەنسەنغۇ، مۇئەللىمگە دەيمەن.

- دېمىگىن، دېسەڭ مېنى سەن بىلەن ئولتۇرغۇزمايدۇ، ئۇ چاغدا مەندىن ياخشىلىق كۆرمەيسەن، قەسەم قىلىپ بېرەي، ئەمدى ھەرگىز سېنى جىله قىلمايمەن.

«ئۇنىڭدىن قورقامتىم؟» ئىچىمدە شۇنداق ئويلىدىم- دە، قاپىقىمنى تۈرۈپ جىمىدە ئولتۇرۇۋالدىم. كېيىنچە ئۇ مۇنداق قەسەملەرنىمۇ قىلماس بولدى. قېرى ئايال مۇئەللىمنى پەقەت كۆزىگە ئىلمايتتى. ئۇنىڭ كۆزىچىلا باشقا باللارنى بوزەك قىلاتتى. مەن باشقىلاردەك ئۇنىڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلىپ يۈرمەيتتىم. بۇنداق قىلىش غۇرۇرۇمغا تېگەتتى. ئەجەبا، ئۇنىڭدىن قورقىمەنما، شۇنداق ئويلىسامما، ئۇنىڭ دائىم زىتىمغا تېگىشلىرىگە چىشىمنى چىشلەپ چىداشقا مەجبۇر بولاتتىم. ئۇ ھېلى سىنىپتا سومكامنى تارتىۋېلىپ توپ ئېتىپ ئوينىسا، ھېلى چېچىمغا ئەسكى قەغەزلەرنى، سەت گەپلەر يېزىلغان باغاقچىلارنى چاپلاپ قوياتتى. ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ كەتسەممۇ، لېكىن بۇنداق چاغلاردا كۆزۈمدىن بىر تېمىممۇ

ياش چىقارمايتتىم. ئەدەبلىك مىجەزىم ئۆزگىرىپ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ياۋايىلىشىپ كەتتىم. ھەر كۈنى پارتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بور بىلەن سىزىپ قوياتتىم - دە، «چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتمە» دەپ جېدەل قىلاتتىم. كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتۈۋەردى. قىرىشقاندەك باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تولۇقسىز ئوتتۇرىغا چىققاندىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر سىنىپقا كىرىپ قالدىم. گەرچە خېلىلا چوڭ بولۇپ قالساممۇ ئۇنىڭ ئەسكىلىكىدىن قۇتۇلالمىدىم.

كىتابلاردا كىشىلەر باھارنى ئاجايىپ گۈزەل دەپ تەسۋىرلىشىدىكەن، ئەمما مېنىڭ خۇشۇم قالمىدى، بولۇپمۇ ئاشۇ ئىشتىن كېيىن. بىزنىڭ بۇ يەردە ھەممە يەر پاتقاقچىلىقتا مىلىنىپ كېتىدىغان ئەتىياز پەسلىگە ئۈچ بولۇپ كەتتىم (خۇددى دىلشاتتىن بىزار بولغاندەك). بۇ دەل تولۇقسىزنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىز ئىدى. قار - مۇزلار ئېرىپ ھەممىلا يەر ئادەم دەسسەپ ماڭغۇسىز پاتقاق بوپكەتكەنىدى. دەم ئېلىش ئارىلىقىدا باللارنىڭ ھەممىسى تام تۈۋىدىكى قۇرۇق يەرلەرگە توپلىشىپ ئاپتاپ سۈناتتى. بىر كۈنى چۈشلۈك دەم ئېلىشتا ئاپتاپ سۈنغاچ «سۇ بويىدا» رومانىنىڭ 2 - قىسمىنى ئوقۇپ تۇرسام دىلشات نەدىندۇر پەيدا بولدى - دە، شارتلا قىلىپ قولۇمدىن كىتابنى ئېلىپ قاچتى. مەن: «كىتابىم» دەپ ۋارقىرىغانچە ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆزۈمنى ئاتتىم. نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئالدىمدا كېلىۋاتقان بىرسىگە ئۈسۈپتىمەن، ئۇ تېيىلىپ پاتقاققا دۈم چۈشۈپتۇ، باللارنىڭ ھەممىسى چۇرقىرىشىپ كەتتى، مەن چەكچىيىپ تۇرۇپ قالدىم. ھېلىقى كىشى ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇردى - دە، لاي بولۇپ كەتكەن كاستيۇمنى سىلىپ قولىدا كۆتۈرۈۋالدى ۋە ماڭا قاراپ قىلچە خاپا بولماستىن كۈلۈمسىرىدى. دۇنيادا مۇنداقمۇ يېقىملىق كۆزلەر بولىدىكەن - ھە. ئەپۇ سوراي دېسەممۇ تىلىم گەپكە كەلمەي تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ كاستيۇمنى قاتلىغاچ ماڭا ئېگىلىشىپ بوشقىنە سورىدى:

- ئىسمىڭىز نېمە؟

نېمىشقىدۇ ئۇرۇلۇپلا سىنىپقا قېچىپ كىرىپ كەتتىم. بۇ قورقۇشمۇ، خىجىللىقمۇ، ھودۇقۇشمۇ ياكى خۇشاللىقمۇ، ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم.

«خەپ، ئۆلگۈر پاتقاق! مەن ئۇنىڭ كاستيۇمىنى پاسكىنا قىلىۋەتكەن تۇرۇقلۇق، خۇددى ساراڭدەك كەچۈرۈم سورىماي قاچقىنىم نېمىسى، نېمانچە دۆت بولۇپ كەتكەندىمەن» دەپ پىچىرلايتتىم ئۆز - ئۆزۈمگە. «ھەممىنى قىلغان ئاشۇ دىلشات دېگەن ساراڭ».

قىز ساۋاقداشلىرىم يېڭى كەلگەن خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى توغرىلىق قىزغىن پاراڭ قىلىشىدىغان بولۇپ كېتىشتى:

- يېڭى كەلگەن شەۋكەت مۇئەللىم ئەجەب چىرايلىق ئىكەن.

- ھەئە. مەن نى - نى چىرايلىق قىزلارنى كۆرگەن، لېكىن مۇنداق چىرايلىق، قاملاشقان ئەر كىشىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. بۈگۈن ئۇ ھاۋارەڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى كۆلرەڭ پوپايكىسىنىڭ تېشىغا چىقىرىۋاپتىكەن، بەك يارىشىپتۇ.

- شىبلىتىنى دېمەمسەن تېخى، پارقىراپ تۇرىدىكەن.

- ئاڭلىسام، ئۇ مۇئەللىم بۈنىڭدىن كېيىن بىزگە سىنىپ تەربىيىچى بولغۇدەك ھەم دەرسمۇ بېرىدىكەن. بەك ياخشى بولدى. ئەمدى مۇز چىراي قېرىدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇق.

- شەۋكەت مۇئەللىم تۇرقىدىنلا كىشى ئېيمەنگۈدەك سىپايە كۆرۈنىدىكەن.

- ھەي جەۋھەر، سەن نېمىشقا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايسەن، - كەرىمە تۇيۇقسىز سوراپ قالدى.

- سەن ئۇ مۇئەللىمنى كۆردۈڭمۇ؟ راست، سەن تېخى ئۇنى پاتقاققا يىقىتىۋەتكەن.

- ھە، كۆردۈم، ياق كۆرمىدۈم. ئۇ نەدە چىرايلىق.

. .

ھېلىقى چاغدا ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ، ئەمدىلىكتە ئەنە شۇنداق كېكەچلەپ كەتتىم. نېمىشكىدۇر ئۇلارغا ئۇنى چىرايلىق دېگۈم كەلمىدى. ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ نېرى كەتتىم. كەينىمدىن قىزلارنىڭ ماڭا ھەيران بولۇپ قاراپ قالغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم. كېيىن ئۇ بىزگە دەرس بېرىدىغان بولدى. شەۋكەت مۇئەللىم شۇنچىلىك مەپتۇن قىلارلىق ئىدىكى، مەن دوسكىدىن بەكرەك ئۇنىڭ چىرايىغا، يارىشىملىق كىيىملىرىگە قاراشقا ئامراق ئىدىم. نېمىشقىدۇر كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالمايتتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇدۇل يۈزۈمگە قاراۋاتقاندەك، ئىچىمدىكى ھەممە نەرسىنى كۆرۈۋېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. مەن ئۇنىڭ دەرسىدە سىنىپتا ھەممىنىڭ ئالدى ئىدىم (راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا يېقىش ئۈچۈنلا تىرىشىپ ئۆگىنەتتىم). ئۇ دائىملا ماڭا ئامراقلىق بىلەن كۈلۈپ قارايتتى. ئۇ ماڭا ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم يىللىق تەسىر بەرگەن بىردىنبىر ئەر كىشى ئىدى. دىلشاتمۇ پەقەت ئۇنىڭ دەرسىدىلا قىلىقسىزلىق قىلىشقا پېتىنالمايتتى، لېكىن كەينىدىن ئۇنى تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كېتەتتى. ئەمما ئۇ مېنى بوزەك قىلىشتىن توختىمىدى، بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچ بىلەلمىدىم.

- جەۋھەر! بېرىپ پارتامنى سۈرتۈپ بەر، - دېدى ئۇ بىر كۈنى پوچىلىق بىلەن.

- مەنما؟ نېمە كۆرۈۋاتىسەن! ئۆزۈڭ سۈرت. خەقنى قورقاتقىنىڭ بىلەن مېنى قورقىتالمايسەن.

- قورقمساڭ قولۇڭدىكى دوسكا سۈرتكۈچنى ماڭا

ئېتىپ باقە قېنى، - دېدى ئۇ بىزەڭلىك بىلەن گۇركىرەپ.

- ئاتامچۇ، بېشىمغا ئاتمەن تازا، ھېچكىمدىن قورقۇشۇم يوق.

- شۇنداقمۇ؟ شەۋكەتنى كۆرسەڭ باشقىچە مۇلايىملىشىپ كېتىدىغانسەن.

ئۇنىڭ شۇ گېپى بىلەن نېمىشقىدۇر يۈزلىرىم ئوت ئېلىپ قىزىرىپ كەتتىم. لېكىن يەنە دەرھال ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىپ ۋارقىرىدىم:

- نېمىتتى ئۇ شاۋكەت دېگەن، مۇئەللىمگە خوشامەت قىلىپ ئىشمۇ!؟

- ئەلۋەتتە خوشامەتچى ئەمەسمەن، بىراق بىزنىڭ ئۇ توز كۆڭلۈمنى باشقىچە قىلىۋەتمىدى دەپ باقە؟!

پۈتۈن بەدىنىم كۆيۈشكە باشلىدى، ئاغزىمغا گەپ كەلمىدى.

- جەۋھەر! ئارتقا بۇرۇل، ئىسپاتلىمامسەن ئەمدى.

كەينىمگە ئۆرۈلسەم شەۋكەت مۇئەللىم كىرىۋېتىپتۇ، كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ بەدىنىمگە تىكەنلەر سانجىلغاندەك بولدى. سۇرتكۈچ قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتىمۇ، تاشلىۋەتتىممۇ بىلمىدىم، سىنىپتىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتىم. ئۆيگە كېلىپلا تىترەپ يېتىپ قالدىم. شۇ ياتقانچە ئۈچ كۈن ياتتىم. دوختۇرنىڭ ئوكۇللىرىمۇ كار قىلمىدى. ھامام يېنىمدا تۇرۇپ تىلىمغا ئېتىغۇدەك تاماق ئېتىپ بېرىش ئۈچۈن خېمىر يۇغۇرۇۋاتاتتى. تەڭلىدىكى ئاپئاق يۇمشاق خېمىر كۆزۈمگە بارغانسېرى يوغىناپ، كۆپۈپ، چوڭىيىپ پۈتۈن ئۆينى بىر ئالغاندەك كۆرۈنۈپ مېنى بېسىۋالدى، تىنالماي قالدىم: - ئېھ، خېمىرنى، خېمىرنى تارتىڭ، خېمىر... - قىينىلىپ ۋارقىراپ كەتتىم. بىر چاغدا پېشانەمگە مۇزدەك بىر نەرسە تەگدى، خېمىرلار يوقاپ كۆزۈمگە شېرىنگۈل ھامامنىڭ خۇمار كۆزلىرى كۆرۈندى. كېيىن يەنە قىزىپ كەتتىم، بىر پاي ئايىغىم ئۆزىچىلا ئۆيدە سەكرەپ، لەيلەپ ئۇسسۇل ئوينىغانچە ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. مەن: - ئايىغىمنى تۇتۇۋېلىڭ ھاما، بىر پېيى قېچىپ كەتتى، - دەپ كۆچەپ ۋارقىرىدىم. ئەمما ھامام ئايىغىمغا قاراپمۇ قويماي يۈزلىرىمنى سىيلاپ يىغلاپ يۈرەتتى. كەچكە يېقىن سەل - پەل يەڭگىللەپ قالدىم، ئايىغىممۇ ئۆز جايىدا تۇردى. ئەمما كېچىچە ئىت - مۈشۈكلەرنى چۈشەپ چىقتىم.

- مۇئەللىمىڭ بىلەن ساۋاقدىشىڭ يوقلاپ كەپتۇ، - دېدى ھامام بىر چاغدا ئاغزىنى قۇلىقىمغا يېقىن ئەكىلىپ.

- چېچىمنى تاراپ قويۇڭ ھاما، چاپسان بولۇڭ، ئورنۇمغا ئەتىر چېچىۋېتىڭ، تولا قىزىپ تەر پۇراپ كەتتىم ھەقچان.

ھامام دېگەنلىرىمنى ئورۇنداپ بولۇپ ئۇلارنى باشلاپ كىردى. شەۋكەت مۇئەللىم بىلەن دىلشات ئىككىسى ئىكەن.

- باشقىلارمۇ كېلىمىز دەپ تۇرۇۋالغان، مۇئەللىم ئۇنىمىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ساڭا ئەۋەتكەن نەرسىسى، - دېدى دىلشات بىر سومكا ئالمىنى ئۈستەلگە قويۇۋېتىپ.

شەۋكەت مۇئەللىمنى كۆرۈپلا پۈتۈن بەدىنىم يېنىكلەپ كەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ پېشانەمنى تۇتقان قوللىرىنىڭ مەڭگۈ توختاپ قېلىشىنى تىلەيتتىم. ئىختىيارسىز كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. «مۇئەللىم سىزنى كۆرمىسەم ئۆلۈپ كېتىمەن» دەۋەتكىلى تاس قالدىم. ئەگەر مۇئەللىم كەلمىگەن بولسا، قانچىلىك يېتىشىمنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. شۇ كۈنىلا بوي - بېشىم يەڭگىللەپ ساقىيىپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن دىلشاتمۇ مەن بىلەن قېرىشماس بولدى.

- ئەمدى ئاغرىپ قالما جەۋھەر، سېنى ھەرگىز خاپا قىلمايمەن، - دېدى ئۇ، مەن مەكتەپكە بارغان كۈنى ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ.

لېكىن ئۇ ھەدېسىلا مۇئەللىملەر بىلەن ئېتىشاتتى:

- شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول دەيمىز، ئەمىسە نېمىشقا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويىدۇ؟ - دېدى ئۇ جۇغراپىيە دەرسى بېرىدىغان ئەكرەم كۆپۈكنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ (ئەكرەم مۇئەللىم دەرس سۆزلىگەندە جاۋغىيىدىن كۆپۈك قاينايدىغان بولغاچقا، بىز ئۇنى كەينىدىن شۇنداق ئاتايتتۇق).

- سۆزلىمە! بۇ سوئالىڭنى مەندىن سورىماي بېرىپ ھۆكۈمەتكامدىن سورا، - دەيتتى ئەكرەم كۆپۈك تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ. باللار پاراقلاپ كۈلۈشەتتى. ئەمما ئارقىدىنلا يەنە ھەممەيلەن ئېغىر خىيالغا چۆكۈپ جىممىدە ئولتۇرۇپ قالاتتى.

ئۇ دائىم تاپشۇرۇقلارنى سىنىپتا ئىشلەيتتى. بەزىدە تاپشۇرۇقلارنى ئىشلىمەي كېلەتتى - دە، يېنىمغا كېلىپ مەندىن كۆچۈرۈۋالاتتى. كۆچۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمىسە:

- چۈشەنمىدىم، سىز ماڭا دەرسنى چۈشەندۈرەلمىسەڭىز، تاپشۇرۇقنى قانداق ئىشلەيمەن، - دەپ بىزەڭلىك بىلەن ھىجىيىپ مۇئەللىمنىڭ كۆزىگە كىرىۋالاتتى.

- نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ - دېدىم بىر كۈنى نارازى بولۇپ.

- مەكتەپتىن قايتىپ بېرىپلا ئاپام ياسىغان پەشمەكلەرنى ساتىمەن. بەزى كېچىلىرى ئاپام بىلەن كوچا سۈپۈرگىلى بارىمەن.

- داداڭچۇ؟

- دادام؟ دادامنىڭ ئىش ئورنى يوق. ئەسلى موزدوز ئىدى، كېسەل بولۇپ قالدى، ياتقىلى بىر يىل بولاي دېدى، يا ئۆلمىدى، يا تىرىلمىدى دېگىنە.

- ئۇنداق دېمە، دادىسىنىمۇ شۇنداق دېگەن بارمۇ؟

- بەزىدە مۇشۇنداق ساراڭدەك بولۇپ قالىمەن، - دېدى ئۇ چوڭ كىشىلەردەك گەپ قىلىپ. ئۇنىڭ كۈلكە

ئويناپ تۇرىدىغان كەپسىز چىرايى تۇنجى قېتىم تولىمۇ ئەستايىدىل ۋە مىسكىن كۆرۈندى. مەن ئۇنىڭ سوغۇقتا قارىداپ كەتكەن قوللىرىغا، سەكسەن يېرىگە ياماق چۈشكەن ئايىغىغا، كونا بولسىمۇ پاكىز ئۇستىبېشىغا ئەزەلدىن سەپسېلىپ قاراپ باقمىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. نىمشقىدۇر ئۇنىڭ تۇرقى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. ئىختىيارسىز ئاپامنى قاتتىق سېغىندىم. ئاپام بولغان بولسا ئۇنىڭدىن دىلشاتقا ئاياغ ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن بولاتتىم. شېرىنگۈل ھامامغۇ ھازىرغىچە مېنى نائۈمىد قويۇپ باقمىدى. شۇنداقتىمۇ چوڭ بولغانسېرى ئۇنىڭدىن تەپتارتىدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. بۇ ئىش توغرىسىدا قانداقمۇ ئېغىز ئاچارمەن ئەمدى. . . پات ئارىدا تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرىمەن، بەلكىم باشقا - باشقا مەكتەپلەرگە كېتىپ قالارمىز، شۇنىڭدىن كېيىن دىلشاتنى ئۇچرىتالماسلىقىممۇ مۇمكىن. ئاخىر ھامامغا تەسلىكتە دىلشاتقا ئاياغ ئېلىپ بېرىش تەلىپىنى قويدۇم:

- ئوبدان ھاما، سىز بىلمەيسىز، ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ قانچىلىك كونىراپ كەتكەنلىكىنى، پۇتىنىڭ قانچىلىك مۇزلاۋاتقانلىقىنى. . .

ھامامنىڭ ھېچ ئىككىلەنمەيلا دەرھال ماقۇل بولۇشى ۋە: «باغرىڭ يۇمشاق قىز بولغۇدەكسەن» دەپ ئېيتقىنىدىن تۇتۇپ ئەركىلىتىپ قويۇشى مېنى چەكسىز خۇشال قىلىۋەتتى.

بۈگۈن مەن ھامام دىلشاتقا ئېلىپ بەرگەن ئاياغنى سومكامغا سېلىپ مەكتەپكە ماڭدىم. خۇشاللىقىمدىن پۈتۈن ھۇجەيرىلىرىم قىمىلداپتىتى. يول بويى قۇشلار بىلەن قېتىلىپ توختىماي سايرىغۇم، سەكرىگۈم كېلىپ كەتتى. تەنەپپۇس ئارىلىقىدا ئاياغنى تۇيدۇرمايلا دىلشاتنىڭ پارتىسىنىڭ تېگىگە سېلىپ قويدۇم. ئۇنىڭ ئاياغنى تېزرەك تېپىۋېلىشىنى ۋە ئۇنى كىمنىڭ سوۋغا قىلغانلىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ كېتىشىنى، ئارقىدىنلا مېنى پەرەز قىلىپ چىقىپ كۆزلىرىدىكى ھاياجاننى باسالماي خۇددى كىنولاردىكىدەك جىمىدە ئولتۇرۇپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئولتۇراتتىم. بىر چاغدا ئۇ پارتىسىنى ئاقتۇرۇپ ئاياغنى تېپىۋالدى ھەمدە بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كالپۇكلىرى تىترەپ ئۈمچىيىپ كەتتى. مەن ھەيرانلىقتا قېتىپلا قالدىم. كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭا قاراپ كەلدى ۋە ئارانلا ئاچچىق - ئاچچىق:

- سېنىڭ قىلىقىڭمۇ؟ - دەپ سورىدى.

مەن ھېچنېمىنى ھېس قىلالماي تېخىچە چەكچىيىپ تۇراتتىم.

- مەن قەلەندەر ئەمەس، بۇ نېمەڭنى چېكەڭگە تاڭ، دېدى - دە، دىلشات سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

مەن پارتىغا بېشىمنى قويۇپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتىم. بۇ ئىش بىردەمدىلا پۈتۈن سىنىپقا پۇر كېتىپتۇ. ماڭا

ھەممىدىن بەك ئېغىر كەلگىنى، ساۋاقداشلىرىمنىڭ كەينىمدىن: «جەۋھەر دىلشاتنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا ئاياغ سوۋغا قىپتۇ» دەپ غەيۋەت قىلىشلىرى بولدى.

ئەتىسى شەۋكەت مۇئەللىم مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ:

- ئاڭلىسام، تۈنۈگۈن سىنىپتا يىغلاپسىز، زادى نېمە ئىش بولدى؟ - دەپ سورىدى.

مەن ھېچ نەرسە دېگىلى ئۇنىمىدىم. پەقەت:

- ئىشقىلىپ دىلشاتنى كۆرەر كۆزۈم يوق، مېنى باشقا سىنىپقا يۆتكەپ قويۇڭ، - دېدىم.

- ماقۇل ئەمسە، قېنى قايسى سىنىپقا كىرگىڭىز بار؟

مەن بۇرۇنلۇپلا ئىشنىڭ تەرەپكە ماڭدىم. چىقىپ كېتىۋېتىپ يىغلاپ تاشلىدىم:

- ئۇلار ھەممىسى مېنى: «دىلشاتنى ياخشى كۆرىدىكەن» دەۋاتىدۇ. سىز بۇنىڭغا ئىشەنمەڭ مۇئەللىم. راست! مەن ئۇنىڭغا شۇنداق ئۆچكى، پەقەت سىزنىلا ياخشى كۆرىمەن!

شەۋكەت مۇئەللىم كۈلۈپ كەتتى. مەن يىغلىغانچە ئۇچقاندەك قېچىپ چىقىپ كەتتىم. توۋا خۇدايىم، ساراڭمۇ مەن؟ ئۇنىڭ ئالدىدا نېمىلەرنى دەۋەتتىم - ھە؟ ئەمدى ئۇنىڭ يۈزىگە قانداق قارارمەن؟ ئىلاھىم ئۇ ھېچنېمىنى بىلمىگەي. . . كۈلۈپ كەتتىغۇ؟ دېمەك، ئۇ باشقىچە ئويلاپ كەتمىدى. خۇداغا شۈكرى.

شۇنىڭدىن كېيىن شەۋكەت مۇئەللىمگە ئېچىلىپ - يېيىلىپ گەپ قىلىشقا پېتىنالمايدىغان، ئاتايىن ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرۈيدىغان ۋە بەزىدە ھەتتا قەستەن تولۇق تېگىدىغان بولۇۋالدىم. ئەمما ئۇ، بۇ قىلىقلىرىمغا زادىلا خاپا بولمايتتى. كۈلۈپلا تۇراتتى. تۇرۇپ ئويلاپمۇ قالىمەن. ئەگەر ئۇ راستىنلا مېنىڭ قىلىقلىرىم ئۈچۈن خاپا بولىدىغان بولسا، مەن نېمە بولۇپ كېتەرمەن - ھە! دەرسلەردە ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىشىممۇ پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈن، شۇنداق تۇرۇپمۇ بۇنى قىلچە چاندۇرمايتتىم. ئاز كۈندىن كېيىن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ بۇ يەردىن ئايرىلىدىغانلىقىمنى، ياق، ئۇنىڭدىن ئايرىلىدىغانلىقىمنى ئويلىسام قورققۇم كېلەتتى.

تەلىيىمگە تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئوتتۇرا تېخنىكومنىڭ گۈزەل سەنئەت سىنىپىغا ئوقۇشقا كىردىم. ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن سەككىز يىل ئوقۇغان ئانا مەكتىپىمنىڭ (مەن ئوقۇغان باشلانغۇچ مەكتەپمۇ مۇشۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە ئىدى) ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. شۇنداق بولغاچقا، مەكتەپكە مېڭىش يولۇمدا ئۇنى ئۇچرىتىپ تۇرالايتتىم. مۇشۇ كۈنلەردە ئالدىن سېزىش

ئىقتىدارىم شۇ قەدەر كۈچىيىپ كەتكەنىدىكى، كەينىمگە قارىماي تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ كەينىمدىن كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايتتىم. ئۇنىڭ مەن بىلەن پاراڭلىشىپ مېڭىشىنى، ئەڭ بولمىغاندىمۇ بىرەر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم - ھە.

بىراق شۇنداق چاغلاردا، ئۇچرىشىپ قالغۇدەك بولسا قېرىشقاندەك، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپلا ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ كېتىپ قالاتتى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇ تاماكا ئالىدىغان كىچىك دۇكاننىڭ ئۇدۇلىدىكى رېمونتخانىنىڭ ئالدىغا دۈۋىلەنگەن ئەسكى - تۈسكىلەر ئارىسىغا مۆكۈنۈپ سائەتلەپ تۇراتتىم.

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. مەكتەپتىن قايتىشىمدا ئۇنى ئۇچرىتالمىدىم. رېمونتخانا ئالدىدا پۇت - قوللىرىم توڭلاپ، ئېچىشىپ ئاغرىغۇچە تۇرغان بولساممۇ ئۇ كەلمىدى. شۇ كۈنى ئۆيگە ناھايىتى كەچ قايتتىم. ھامامام نەگە بارغىنىمنى سورىۋىدى گەپ قىلمىدىم. ئەمەلىيەتتە گەپ قىلغۇدەك مادارىم قالمىغانىدى. بىر چاغدا ئېسىمنى بىلسەم خۇدۇمنى بىلمەي يېتىپ كېتىپتىمەن، قىزىتمام يەنە ئۆرلەپ كېتىپتۇ. كېچىچە شەۋكەت مۇئەللىمنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ چىقىپتىمەن.

– ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مۇئەللىمىڭنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپلا چىقتىڭ، – دېدى ھامامام ئەتىسى ماڭا دورا ئىچكۈزۈۋېتىپ. يۈزۈم بىردىنلا كۆيۈپ ئېسىلغاندەك بولدى، – چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، سىزمۇ دائىم ئادەمنىڭ خىيالىدا يوق نەرسىلەر چۈشىگە كىرىدىكەن، دەيتتىڭىزغۇ، ھاما، – دېدىم دەرھال.

قىزىتمام تېخى پۈتۈنلەي يانمىغان بولسىمۇ، مەكتەپكە بېرىشقا ئالدىرىدىم. كۆزلىرىم شەۋكەت مۇئەللىمنى ئىزدەيتتى. دەرستىن چۈشكەندە مەكتەپتىن يانغان بىر توپ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۇنى كۆردۈم. ئۇ، بۈگۈن ئادەتتىكىدىن باشقىچىرەك ياسىنىۋاپتۇ. ئۇنى كۆرۈش بىلەن پۇتلىرىم ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇ بولسا ئالدىراپ مېڭىپ، دوقمۇشتا تۇرغان ئېگىز پاشنىلىق قىزىل ئۆتۈك، قىزىل چاقماق پەلتۇ كىيگەن، بويىنىغا ئاق شارپا ئورىۋالغان، ئۇزۇن چاچلىق قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئۇنى قولتۇقلاپ ئاپئاق قارلىق كوچىدا غارسىلداپ دەسسەپ يۈرۈپ كەتتى. مەن ئون نەچچە قەدەم نېرىدا، ياق، نەچچە مىڭ قەدەم، نەچچە ئەسىر نېرىدا قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. شۇتاپ ئېسىمگە كىچىك چاغلىرىمدا چوڭلارنىڭ مەندىن ئىككى ياش چوڭ نەۋرە ئاكام ئەنۋەرنى گەپكە سېلىپ:

– چوڭ بولغاندا جەۋھەرنى ئالامسەن؟ – دەپ سورىسا، – ئالمايمەن، ئۇنىڭ ئېگىز پاشنىلىق ئايىغى يوق، ئۇزۇن چېچىمۇ يوق، – دەپ يىغلايدىغانلىقى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا: «مېنىڭ نېمىشقا ئۇزۇن چېچىم يوق» دەپ خاپا سالىدىغانلىقىم كەلدى. ھالسىز پۇتلىرىمنى سۆرىگەنچە ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. نېمىشقىدۇر بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلايتتىم. ئەينەككە قارىۋىدىم كۆزۈمگە ئۆزۈم ئەمەس، ھېلىقى ئۇزۇن چاچلىق قىز كۆرۈندى. ئۇنىڭغا ھەۋەسلەنگەنسېرى ئۆچلۈكۈم كېلەتتى. بىردىنلا جىق ئىشلارنى ئويلاپ كەتتىم. جىلە بولغىنىمدىن تۇجۇپىلەپ چىڭگىدە بىر تال بوغۇۋالغان چېچىمنى تارتىپ - تارتىپ چۇۋۇۋەتتىم. لېكىن يەنىلا قىسقا!

مەن بېرىپ ھامامنىڭ ئاق شارپىسىنى بويۇنۇمغا ئوراپ باقماقچى بولۇپ ئۇنىڭ چامادانىنى ئاچتىم. شۇئان كۆزۈمگە كىيىملەرنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇلغان يېشىل تاشلىق كىچىككىنە خاتىرە چېلىقتى. توغرا، شېرىنگۈل ھامامام دائىم كەچلىرى مېنىڭ ھۇجرامغا كىرىپ شام يورۇقىدا بۇ خاتىرىگە نېمىلەرنىدۇر يازاتتى. بەزىدە مەن ئۇنىڭ بۇ خاتىرىگە بىر نېمىلەرنى يازغاچ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «نېمە بولدىڭىز» دەپ سورىسام، «بەزى ئىشلار ئېسىمگە كېلىپ قالدى» دەپلا بولدى قىلاتتى. ئىشقىلىپ بابۇر ئاكامدىن يوشۇرامدىكىن بۇ خاتىرىنى دائىم مېنىڭ ھۇجرامدا يازاتتى. ئۇ، بۇنىڭغا نېمىلەرنى يازىدىغاندۇ؟ بۇنى كۆرگەنلىكىمنى شېرىنگۈل ھامام بىلىپ قالسا... بەربىر ئۇ بۈگۈن ئۆيدە يوقتۇ، دەپ ئويلىدىم ۋە ئۆزۈمچىلا بۇ خاتىرىگە قىزىقىپ قالدىم. گەرچە توغرا قىلمايۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇرسامۇ، ئاخىر بىر نىيەتكە كېلىپ خاتىرىنى ئاچتىم ۋە ئالدىراپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

خاتىرىنىڭ دەسلەپكى بەتلىرىگە شېرىنگۈل ھامامنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىكى ئىشلار، كېيىن بابۇر ئاكام بىلەن بولغان مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى يېزىلىپتۇ. ئۇلار بەختلىك يۈرۈپ توي قىلغانىكەن. ئاخىرقى بەتلىرى پۈتۈنلەي ياش بىلەن بويۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، تەستە ئىلغا قىلغىلى بولاتتى:

– ياق بابۇر، مەن ئاجراشمايمەن، ھەر قانچە ئازابلانسامۇ سىزگە بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچمايمەن. بۇرۇن نېمە ۋەدىلەرنى قىلىشمىغان؟ مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن سىز بۇلارنى ئۇنتۇپ كەتتىڭىز. مەن بۇ ئازابلىق تۇرمۇشقا بەرداشلىق بېرىشكە رازىمەنكى، ھەرگىز باشقىلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن ئايال بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن.

ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزى ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلمايدۇ؟ ئۇ مېنى قىينىماقچى، ئۇ مېنىڭ ھەسەت قىلىشىمنى، ئۇنى كۈنلىشىمنى كۈتۈۋاتىدۇ. بۇ ئارقىلىق مەندىن روھىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشمەكچى. لېكىن مەن ئەخمەق ئەمەس، كۈنلىگىنىم ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئالدىدا چۈشۈرگىنىم ئەمەسمۇ؟...

بۇ بەتنىڭ ئاخىرىغا نۇرغۇن كۆپ چېكىتلەر قويۇلۇپ ھېچ نەرسە يېزىلماپتۇ. كېيىنكى بەتلىرىنى ئېچىۋىدىم بەكمۇ قالايمىقان، بولۇشىچە يېزىلغان قۇرلار كۆرۈندى:

- تۇنجى قېتىم ئوغرىلىقچە بىر بوتۇلكا بىراندىنى كۆتۈرۈپ ئاستا ھۇجرامغا كىردىم - دە، يۇمشاق ئورۇندۇقتا (بابۇر دائىم مۇشۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ پىۋا ئىچەتتى.) پۇتۇمنى ئالماپ ئولتۇرۇپ، ئۆزۈم يالغۇز قىرتاق تەمنى يۇتۇشقا باشلىدىم. ئىچمەك نېمىدېگەن تەس. . . مەن ئۆزۈمنى زورلايتتىم. مۇشۇنداق قىلسام مەست بولۇپ ئىچىمدىكى بۇرۇقتۇملۇق بىر دەملىككە بولسىمۇ يوقامدىكىن، دەپ ئويلايتتىم. تەقەززالىق بىلەن مەست بولۇشنى كۈتەتتىم. بىراق مېنى ئۇيقۇ باستى، پۇت - قوللىرىم ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ بۇ خاتىرىنى يېزىۋاتىمەن. كاللام ئىنتايىن سەگەك، ئىشەنگىن شېرىنگۈل، ئىنتايىن سەگەك، پەقەت قوللىرىملا قولاشمايۋاتىدۇ، كۆڭلۈممۇ ناھايىتى تىنچ، تىت - تىتچىلىقتىن قۇتۇلدۇم. . .

ئۇ قىمارغا بېرىلىپ كەتتى، تالاغا قارايدىغان بولۇپ قالدى. مەندىن بارا - بارا يىراقلىشىۋاتىدۇ، ياق، مەن ئارتۇقچە گۇمان قىلىۋاتمايمەن. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئوتتۇرىمىزدا بالا بولمىغىنى ئۈچۈنمۇ؟ بىراق بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىممۇ؟ نېمىشقا مەندىن ئاجراشمايسەن، بابۇر؟ مېنى چىدىماي قالىدۇ، ئاخىر ئۆزى ئېغىز ئاچىدۇ. دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ بىراق بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئالدىڭدا بىچارە ھالەتكە چۈشۈشنى ھەرگىز خالىمايمەن. . . مانا مۇشۇنداق يوشۇرۇنچە ياش تۆكۈشكە رازىمەن. بۇ خاتىرە بەتلىرى مېنىڭ بىردىنبىر سىرداشىم بولۇپ قالدۇ.

توۋا، ھاراق ئادەمنى غېرىبلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ياخشى ھەمراھ ئىكەنغۇ. . . ئاھ خۇدا، سەندىن قورقىمەن، قورقۇپ تۇرۇپ بۇ نەرسىنى ئىچىپ گۇناھ قىلغىنىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرگەيسەن. مەن ئالدىڭدا ئامالسىز بىچارىمەن.

. .

ئادەم مەست بولسا ئەقلىنى تاپىدىغان ئوخشايدۇ، توۋا، نېمىدەپ بابۇردىن ئاغرىنىمەن. ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا نېمە ھەققىم؟ شەخسىيەتچى دۇنيا بۇ، شېرىنگۈل. سەن ئۆزۈڭ ئايرىم مۇستەقىل ئادەمسەن، نېمىدەپ خەقنى ئۆزۈڭگە چېتىۋالىسەن؟ ھەممىسى مەنىسىز كۆپۈك! قۇرۇق گەپقۇ ئاخىر؟ . . . قاپاقلىرىم ئېغىرلىشىپ كەتتى، قاتتىق ئۇيقۇ بېسىۋاتىدۇ، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. نېمىلەرنىدۇ دەيتتىم، كۈلەتتىم. . . ئاخىر ھەممىنى ئۇنتۇدۇم. ئويغانغىنىمدا بېشىم ئېغىر، ئۆزۈم ھالسىز ئىدىم. ئەينەكتىكى سەتلىشىپ كەتكەن چىرايىمغا قاراپ ئولتۇرۇپ باغچىغا بېرىپ پال ئاچقۇزماقچى بولدۇم، لېكىن پۇتۇمدا دەسسىگۈدەك ماغدۇر يوق. توۋا! بۈگۈن بىر كۈن كەچكىچە ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ يۈرەمدىغاندىمەن؟ ھېلىمۇ ياخشى بابۇر كېلىپ قالماپتۇ. جەۋھەرنىڭ مەكتەپتىن كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. . . تۇرۇپ كېتەي. . . مۇشۇ كۈنلەردە ئاشۇ كىچىككىنە قىزدىنمۇ خۇدۇكسىرەيدىغان بولۇپ كېتىۋاتىمەنغۇ - تاڭ؟ ! . . .

بۇ قۇرلاردىن كېيىنكى نەچچە بەت ئاق قالدۇرۇلۇپتۇ. كېيىنكى بەتلەرگە يېزىلغان خەتلەر خېلى ئېنىق ئىدى: ئۇ بۈگۈن ماڭا: «مۇھىم سودا ئىشىم بار، ئۇ تويغا ئۆزىڭىز بېرىڭ» دېمىگەنمىدى، ئەجەبا مەن بارغاندا ئۇ ئاللىقاچان ئۇنۇپ بوپتۇ. . . ياش قىزلار بىلەن تانسا ئويناپ كېتىشلىرىچۇ تېخى. . . بۇ ئىشلارنى كۆزۈم كۆرمىسۇن دەپ چىقىپ كەتتىم. «شېرىنگۈل، بىللە كېتىمىز، بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ، ئەجەب ئالدىراپ چىقىۋاپسىزغۇ؟» دېيىشلىرىچۇ تېخى. «سىزنى ئاۋارە قىلماي، مىجەزىم يوق» دېدىم چاندۇرماي كۈلۈپ ۋە قايتىدىغان ئاياللار چىققان ماشىنىدىن بىرىگە چىقىۋالدىم. ئۇ چوقۇم ئازابلىنىدۇ، ئۇمۇ باشقىلار تەرىپىدىن سەل قارىلىشنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرسۇن. ئىختىيارسىز كۆڭلۈم يايراپ كەتتى. مۇشۇنداق ئۆز - ئۆزۈمنى مەغرۇرلۇغۇم بىلەن بەزلەپ يۈرۈۋېرىمەنمۇ؟ مۇشۇنداق قىلسام ئۇمۇ ئۆزىنىڭ قارتىنى ئويناپ يۈرۈۋېرىدىغۇ ئاخىر؟

ئۇ، كېچىدە قايتىپ كەلمىدى. مەن غۇرۇرۇمنى چۆرۈپ تاشلاپ ئۇ ئەتىگەندە ئىشىكتىن دەلدەڭشىپ كىرىشىگىلا بىر مەيدان جېڭ قىلىشقا تەييارلانغانىدىم، بىراق نېمىشقىدۇر كۈلۈمسىرىدىم. ئۇ، بىلىكىمدىن تۇتۇپ مېنى ئۆزىگە تارتتى:

- مېنى نېمىشقا بۇنچە قىينايسىز؟ يالغاندىن ئالىيجانابلىق قىلغۇچە مەن بىلەن ئاجرىشىپ كەتسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟

- ئاجرىشىپ كېتىشكە ئاساسىم بولمىسا، سىزنىڭ ئاساسىڭىز باردۇر بەلكىم، - دېدىم ئاچچىق تەلەپپۇزدا.

- مېنىڭ قىلىقلىرىم سىزنى ئازراقمۇ خاپا قىلمىدىمۇ؟ ماڭا زايە كېتىسىز.

- مېنى سىزنى كۈنلەيدۇ دەپ ئويلاۋاتامسىز؟ - مەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم، - مەقسىتىڭىزگە يېتەلمەي ئازابلىنىۋاتىدىغانسىز - ھە؟ مەن ئۆزۈمنى ھېچقاچان باشقا ئاياللارغا سېلىشتۇرغان ئەمەس، چۈنكى ئۇلار مېنىڭ ھەسەت قىلىشىمغا ئەرزىمەيدۇ.

- ئەمىسە تۈنۈگۈن «مىجەزىم يوق» دېگىنىڭىز راستمۇ؟

مەن گەپ قىلمىدىم.

- نېمىدېگەن بوينىڭىز قاتتىق.

بىز كۈلدۇق، بىر - بىرىمىزگە قاراپ شۇنداق تاتلىق، شۇنداق خۇشال كۈلدۇق. قىزىق، تۈنۈگۈنكى ئاغرىنىش، ئۆچمەنلىك، تېرىكىشلەر نەگە كەتتىكىن، بەلكىم چىن سۆيگۈ شۇنداق بولسا كېرەك . . .

شىرىنگۈل ھامامنىڭ خاتىرىلىرىنى ئوقۇپ بولغۇچە بېشىم ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ئەخمەقلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئازابلاپ يۈرۈشلىرى كۈلكۈمنى كەلتۈردى. بەلكىم بابۇر ئاكام دەل ئەنە شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلار بىر - بىرىگە بولغان سېھرىي كۈچىنى يوقاتمىغاندۇ ۋە مەڭگۈ يوقاتماس. لېكىن مەن ھەرگىزمۇ ھامامنى دورىمايمەن، چوقۇم ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىمەن. ئۆزۈم ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەرگە ئېرىشمەي قويمايمەن.

* * *

ئىككى يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ، ئۆزۈمنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى ۋە شىرىنگۈل ھامامنىڭ بىرمۇنچە يول مېڭىشى بىلەن ئۆزۈم ئىلگىرى ئوقۇغان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەقسىم قىلىندىم. شۇنداق بولغاندا، شەۋكەت مۇئەللىمنى ئۇچرىتىپ تۇرۇش پۇرسىتى چىقاتتى. ئىشقا چۈشكەن تۇنجى كۈنى راستىمنى ئېيتسام ئوماق باللارنى ئەمەس ئۇنى كۆرۈشكە بەكرەك ئالدىرىدىم ۋە ئەتىگەندىلا ئۆيدىن چىقتىم. چوڭ كوچىدا كېتىۋېتىپ ئۆزۈمنى بىردىنلا چوپچوڭ بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم. ئىختىيارسىز جىددىيلىشىپ چاچلىرىمنى ھېلىدىن ھېلىغا تۈزەپ باراتتىم، چىرايىمغا پەرۋاسىز ھەم خاتىرجەم تۈس بېرىشكە تىرىشاتتىم. كىمدۇر بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەينىمگە قارىدىم، يولنىڭ ئۇتەرىپىدە ئادەتتىكىچە كىيىنگەن، ئۇسكىلەڭ سارغۇچ چاچلىرى ئۆزىگە بەكلا ياراشقان ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. بۇ كەپسىز چېقىر كۆزلەر نەقەدەر تونۇش - ھە. مەن ئىختىيارسىز توۋلىۋەتتىم:

- دىلشات!

كەينى - كەينىدىن ئۈزۈلمەي ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلار سىيرىلىككەندە ئۇ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ يۈگۈرگەنچە ئالدىمغا كەلدى:

- جەۋھەر، سېنى كۆرمىگىلى بەك ئۇزاق بوپتۇ، پەقەت ئۆزگەرمەپسەن، بويۇڭلا سەل ئۆسۈپتۇ شۇ، سەل ئورۇقلاپ قالغاندەك تۇرىسەن.

ئىككىمىز ئاغزى - ئاغزىمىزغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتۇق:

- مەن سېنى تونۇيالمىغىلى تاس قالدىم، دىلشات. بويۇڭ بەك ئۆسۈپ كېتىپتۇ.

- سەن يەنىلا شۇنداق چىرايلىقكەنسەن، جەۋھەر.

- مىجەزىڭ پەقەت ئۆزگەرمەپتۇ. نەلەرگە كەتتىڭ، سېنى بۇ شەھەردە پەقەت ئۇچراتمىدىمغۇ؟ راست، داداڭنىڭ كېسىلى قانداق بولدى؟

- ساقىيىپ قالدى، لېكىن سەل ئاقساپ ماڭىدۇ. مەن تىرىكچىلىك غېمىدە ئۈرۈمچىگە بېرىپ پايپاق ساتتىم، ئاقىدىغانلىكى ئىشنىڭ ھەممىنى قىلىپ باقتىم. ئەمدى قايتىپ كېلىپ كاۋاپچىلىق قىلىۋاتىمەن، ئوقىتىم ھەر ھالدا ياخشى. خۇداغا شۈكرى، يامان ئەمەس كېتىپ بارىمەن. سەن نېمىلا بولمىسا ئوقۇۋالدىڭ، ئۆرلەپ ئوقۇمىغان بولساڭمۇ ئىشقىلىپ ئۆزۈڭ قىزىقىدىغان كەسىپكە كىرەلىدىڭ. قانداق، خىزمەت تاپتىڭمۇ؟

- تاپتىم، بىز ئوقۇغان باشلانغۇچ مەكتەپكە ئورۇنلاشتىم، بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئىشقا چۈشكىلى مېڭىشىم.

- تەلەيلىككەنسەن، ئاسانلا خىزمەت تېپىپسەن، سېنى تەبرىكلەيمەن. چۈشتە ئىشتىن چۈشكەندە ۋاقتىڭ بارمۇ؟ ئاران بىر ئۇچراشقاندا سىرتتا تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى.

- ماقۇل.

- ئەمىسە، چۈشتە مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلايمەن، - دېدى دىلشات خوشلىشىپ ماڭغاچ.

مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتىم. كەيپىياتىم باشقىچە ياخشى، ئۆزۈمنى بالىلىقىمغا، دىلشات بىلەن ئورۇشۇپ - تىللىشىپ ئۆتكەن ئاشۇ كۈنلەرگە قايتقاندەك ھېس قىلاتتىم. زالدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئەينەككە قارىۋىدىم، چىرايىمدىن كۈلكە يېغىپ كېتىپتۇ. ئەستا، كىچىك باللارنىڭ ئالدىغا تۇنجى قېتىمدىلا ھېجىيىپ كىرسەم قانداق بولغىنى، ئۇلارغا تومۇرۇمنى تۇتقۇزۇپ قويماسلىقىم كېرەك، بىراق چىرايىمغا جىددىي تۈس بېرىشكە ھەر قانچە تىرىشىپمۇ ئەپلەشتۈرەلمىدىم.

ئىشتىن چۈشكەندە دىلشات راستىنلا دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. بىز كىچىك ئاشپۇزۇلدىن بىرىگە كىرىپ تاماق يېدۇق، ئاندىن ئۇياق - بۇياقتىن پاراڭلىشىپ كوچا ئايلاندۇق.

-بىرەرسى بىلەن يۈرىدۇڭمۇ؟ - ئۇ تۇيۇقسىز سوراپ قالدى. بۇ گەرچە ناھايىتى ئاددىي سوئال بولسىمۇ، ئىختىيارسىز ھودۇقۇپ كەتتىم:

- ياق!

- نېمىگە چۆچۈيسەن؟ تېخىچە ئاشۇ شەۋكەت مۇئەللىمنى ئۇنتۇمىدىڭمۇ - يە؟

- راست دەيسەن، - دېدىم جىددىي تۇردە. بۇ سۆزنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ تۇيماي قالدىم.

ئۇ مېنى: «ساراڭ!» دەپ تىللىغانچە كېتىپ قالىدۇ، دەپ ئويلىغان چېغى، چىرايىمغا قاراپ ھەيران بولغان ھالدا تۇرۇپ كەتتى.

- مەن ئۇنى مەڭگۈ مۇشۇنداق ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايمەن. تاھازىرغىچە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر ئادەمنى ئۇچرىتالمىدىم. بۇرۇن ئۇ ماڭا پەقەت ئامراق بىر ئوقۇغۇچىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلغىنى ئۈچۈن ئارىلىقىمىز يىراقلاپ كەتكەن بولسىمۇ، مانا ئەمدى

چوڭ بولدۇم، خىزمەتكە چىقتىم. ئۇ خىيالىمدىن كەتمىگەنىدى بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدىن باشقا يېقىن ئادىمىم يوقتەكلا تۇيۇلىدۇ. نېمىدەپ ئۇيلىساڭ مەيلى. سەنىڭ ئوغۇل بالا، شۇنداقتىمۇ سەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ باققانمۇ، مەن ئۇ كۆزلەرگە قاچان قاراپ سالدىم، شۇندىن باشلاپ سارالڭ بولدۇم. لېكىن مەن بۇ مۇھەببەتتىن قۇتۇلالمىدىملا ئەمەس، ۋاز كېچەلمىدىم.

- مېنى تولا كولدۇرلاتمىغىنە، - ئۇ قاتتىق چارچاپ كەتكەندەك ئېغىر بىر خۇرسىنىپ قويدى.

- سەن توغرا ئېيتقان دىلشات، بۇ راست. چۈنكى هاياتىمدا ئۇ ماڭا تۇنجى قېتىم يىللىق مۇئامىلە بىلەن كۈلۈپ قارىغان ئەر كىشى.

- سارالڭ بولدۇڭمۇ؟ ئۇنىڭ هازىر ئايالى، بالىسى تۇرسا.

- ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ، مەن ئۇنى ئايالىمۇ، بالىسىمۇ يوق چاغدىلا ياخشى كۆرگەن، - ئاۋازىم تىترەپ چىقتى، يىغلىۋېتەيلا دەپ قالدىم.

- مېنىچۇ؟ مېنى نېمىدەپ ياخشى كۆرمىدىڭ؟ هازىرغۇ مېنى بىر كاۋاپچى دەپ ياراتمايسەن. لېكىن مەن سېنى تۇنجى كۆرگەن چېغىمدىلا، ئاشۇ كىچىككىنە سەبىي ۋاقتىمدىن تارتىپلا ياخشى كۆرۈپ كەلدىمغۇ.

- بولدى قىلە ئەمدى، ئاران بىر ئۇچراشقاندا سوقۇشۇپ قالمايلى يەنە.

- بوپتۇ، خوش. خۇدا بۇيرۇسا بىز يەنە ئۇچرىشىپ قالىمىز، - ئۇ دوق قىلغاندەك چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ شۇنداق دېدى - دە، كەينىگە قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ۋېلىسىپىت بىلەن كېلىۋاتقان شەۋكەت مۇئەللىمنى ئۇچرىتىپ قالدىم.

- ياخشىمۇ سىز مۇئەللىم.

- جەۋھەر، كۆرۈنمەس بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ بۇرۇن ئوقۇغۇچۇم ئىدىڭىز. ئاڭلىسام ئەمدى خىزمەتداش بولۇپ قاپتۇق. سىزنى تەبرىكلەيمەن. نېمە دەرس بېرىدىكەنسىز؟

- رەسىم.

- توغرا، ئېسىم قۇرۇسۇن، گۈزەل سەنئەت كەسپىدە ئوقۇدىڭىز - هە. ئايرىلىقىمىز يېقىن بولغاندىكىن ۋاقىت چىقىرىپ چوقۇم دەرسىڭىزنى ئاڭلىغىلى كىرىمەن.

- راستما! - مەن ئۇنىڭ ماڭا سەپسېلىپ قاراپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ بالىلارچە خۇشاللىق بىلەن كۈلدۈم، بۇ كۆزلەر بۇرۇنقىدەكلا سېھىرلىك ئىدى.

بالىلار ئۆزلىرى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدىغان تىل دەرسىگە قارىغاندا، رەسىم دەرسىنى بەكرەك ياخشى كۆرسە كېرەك، هەر قېتىم رەسىم تاختامنى كۆتۈرۈپ سىنىپقا كىرگىنىمدە چاۋاك چېلىشىپ سەكرىشىپ كېتەتتى. مەن ئۇلارغا كۆپ هاللاردا كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرنى سىزدۇرۇشتىن كۆرە، ئۇلارنىڭ خىيالىدىكى نەرسىلەرنى سىزدۇرۇشقا تىرىشاتتىم. بۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ سىزغان رەسىملىرى ئوبرازلىق چىقاتتى. ئۇلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى چىرايلىق قىلىپ سىزىشقا، ئەڭ چىرايلىق رەڭلەرنى بېرىشكە، ئۆچ كۆرىدىغان نەرسىلەرنى بولسا بەتبەشىرە سىزىشقا تىرىشاتتى. مەن بەزىدە ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى كۆرۈۋېتىپ كۈلۈپ تېلىقىپ قالاتتىم.

-هېلىتىنلا ئۇلارنى ئىجادچانلىق يولىغا باشلىغىلى تۇرۇپسىز - دە، تېخى بالدۇرلۇق قىلار؟

تونۇش، سىپايە ئاۋازدىن چۆچۈپ كەينىمگە قارىدىم. ئەسلىدە شەۋكەت مۇئەللىم قاچانلاردىدۇر بىزنىڭ بۆلۈمگە كىرىپ كەينىمدە مەن تەكشۈرۈۋاتقان تاپشۇرۇقلارغا قاراپ تۇرغانىكەن.

- ئۇلار تۈز سىزىقنىمۇ ئوڭشاپ سىزالمايدىغان بىرىنچى سىنىپ بالىلىرى ئەمەس، هەممىسى خېلى قولى كېلىپ قالغان بالىلار. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ مەقسىتىممۇ ئۇلارنى رەسسام قىلىپ چىقىش ئەمەس، بەلكى تەسەۋۋۇرنى ئېچىش.

- ئۇنداقتا تېخىمۇ بولمايدۇ، ئۆز ئالدىڭىزغا ئىش تۇتۇپ مۇدىرىڭلاردىن تەنقىد يەپ يۈرمەڭ يەنە، - دېدى ئۇ بىر خىل سالاپەت بىلەن كۈلۈپ. ئاندىن ئامراقلىق بىلەن چىرايىنى پۈرۈپ قويۇپ ئۇدۇلۇمدا ئولتۇردى.

بىز بالىلارنىڭ قىزىقارلىق قىلىقلىرى، ئۇلارنى قانداق يېتەكلەش توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. شەۋكەت مۇئەللىم تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچى بولغاچقا، بىلىدىغانلىرى كۆپ ئىدى. ئاخىرىدا، بۇرۇنقى بىزنىڭ سىنىپتىكى ساۋاقداشلار توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. «ئىشقىلىپ، ماڭا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان، ئېسىمدىمۇ ئەڭ ئېنىق تۇرغان بىردىنبىر ئوقۇغۇچۇم سىز جەۋھەر» دېدى ئۇ قايتىش ئالدىدا تاماكىسىنى نېرىقى ئۈستەلدىكى كۈلدانغا بېسىپ ئۆچۈرۈپ تۇرۇپ. شەۋكەت مۇئەللىم بىلەن كۆڭۈللۈك پاراڭلاشقانلىقىم ئۈچۈنمىكىن ئۆيگە ناهايىتى خۇشال قايتتىم ۋە ئىختىيارسىز غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كېتىپتىمەن.

- بارغانسېرى ئېتىكلىشىپ كېتىۋاتىسەن جۇمۇ، - دېدى هامىمام رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ.

- مەن ئەزەلدىن شۇنداققۇ، - دېدىم ئۇنىڭغا ئەركىلەپ.

بىر يەكشەنبە كۈنى ئۆزۈم يالغۇز بازارغا چىقتىم. كوچىدىكى ئادەمنىڭ جىقلىقىدىن ئىچىم ئېلىشىپ كەتتى. ماڭدامدا بىر قەلەندەر، ئاقساق - چولاقلار پېشىمگە ئېسىلاتتى. مومام دائىم: «ئادەمگە پەرىشتە: 'سەدىقە قىل' دەيدۇ، شەيتان: 'سەدىقە قىلما' دەيدۇ» دەيدىغان.

«پەرىشتىنىڭ كەينىدىن ماڭاي، ھەر ھالدا مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇلاردىن ياخشى» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. تويۇقسىز تونۇش ئاۋازنى ئاڭلىدىم - دە، قىستىلىپ يۈرۈپ ئازادىرەك تەرەپكە ئۆتتۈم. كوچا دوقمۇشىدا دىلشات 11 ـ 12 ياشلار چامىسىدىكى، يومىزەكتەك يۇمۇلاق بىر بالا يارىدەمچىسى بىلەن كاۋاپ سېتىۋاتقانىكەن.

— كاۋاپ يەڭلار، كاۋاپ. ياخلان گۆشى، يېمىسەڭلەر ئارماندا قالىسىلەر، ھە قېنى كەلمەمسىلەر . . . بىرەر زىق يەپ قويمامسىز، - ئۇ ھەدەپ توۋلايتتى. ھەر بىر خېرىدارنىمۇ قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ھەييار كۆزلىرىنى چاققانلىق بىلەن يۈگۈرتەتتى.

— دىلشات، قانداق ئەھۋالىڭ؟ يوقاپ كەتتىڭغۇ، - ئەھۋال سورىدىم ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ.

— ئالدىراشلىقىمنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ - دېدى ئۇ مېنىڭ كېلىشىمنى بۇرۇنلا بىلگەندەك، كاۋاپداندىن يېڭىلا پىشقان بىر نەچچە زىق كاۋاپنى ياندىكى بىر خېرىدارغا سۇنۇۋېتىپ پەرۋاسىز ھالدا.

— كاۋاپ يەمسەن؟ - ئۇ ماڭا مۇنداقلا بىر قاراپ قويدى.

— بىكارغا بەرسەڭ ئەلۋەتتە يەيمەن -دە.

— پۇلىنى ئالايمىكىن دەيمەنغۇ، - دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ.

— سېنى كۆرۈشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. قايتا ئۇچراتمىسام بوپتىكەن، -دېدى ئۇ بەش- ئالتە زىق كاۋاپنى قولۇمغا تۇتقۇزۇۋېتىپ كۆزلىرىمگە سىرلىق قاراپ. ئۇنىڭ ھەييارلىق بىلەن چاقناپ تۇرىدىغان چېقىر كۆزلىرى تويۇقسىزلا بەكمۇ مىسكىن ۋە ھارغىن كۆرۈندى، - ئالۋاستىدەك خىيالىمغا كىرىپلا ئالدىڭ.

— چاقچىقىڭنى بولدى قىلساڭچۇ ئەمدى.

— بۇنىڭ چاقچاق ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرىسەنغۇ، نېمانچە قىلىسەن؟ مېنى كاۋاپچى دەپ ياراتمايۋاتىسەن! ئورنىمىزنى سېلىشتۇرۇۋاتىسەن! ئۇنچە قىلىپ كەتمە، سەن پەرىشتىمىتىڭ؟ ماڭا ئوخشاشلا ئادەم. بىلىپ قوي، قىزبالا دېگەن تولا! - ئۇ تويۇقسىز ئاچچىقلاپ قولىدىكى چوغ يەلپۈيدىغان يەلپۈگۈچنى يەرگە ئاتتى.

— سەن . . . سەن نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن . . . سارالڭ! - مەن گېپىمنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدىم، ئەتراپتىكى كىشىلەر بىزگە قاراپ تۇرۇشاتتى، خىجىل بولغىنىمدىن چاناقلىرىمدا لىغىرلاپ قالغان ياشلارنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈگۈرگىنىمچە كېتىپ قالدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغانسام ياستۇقۇمنىڭ بىر بۇرجىكى ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. بەلكىم چۈشۈمدە يىغلىغاندىمەن. سىرتقا چىقىۋىدىم كەچكۈزنىڭ مۇزدەك شامىلى يۈزۈمگە ئۇرۇلدى. ھويلىدىكى شەبنەم چۈشۈپ ھۆل بولۇپ كەتكەن ياغاچ ئورۇندۇقتا يوغان پوپايكامغا يۆگەنگىنىمچە ئولتۇرىمەن. ئۇزۇن گۈللۈك يوپكام يەردىكى نەمخۇش كوكاتلار ئۈستىدە سۆرۈلۈپ تۇراتتى. يوپكامنى تارتىپ ئوڭشاپ قويۇشقىمۇ قولۇم بارمىدى. پۈتۈن ئوي - پىكرىم، كۆز نۇرۇم بىر نۇقتىدا، بىر مەۋھۇم نۇقتىدا توختاپ قالدى. قاتتىق چارچاپ كەتكەندەك ئېغىرتىندىم. سارغايغان ياپراقلىرى شالاڭلاپ كەتكەن دەرەخلەر، ئۇدۇلدىكى سوقما تام گويا مېنى زاڭلىق قىلىپ بېزىرىپ قاراپ تۇرغاندەك تۇيۇلدى. سۇڭگۇچتىن تۈكلىرى ساپسېرىق پارقىراق بىر ئالاكىت كىرىپ كەلدى - دە، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا يىغىپ بىر نەچچە قەدەم نېرىدا ماڭا جىممىدە قاراپ تۇردى. مەن سەۋدايىلاردەك ئۇنىڭغا قاراپ پىچىرلىدىم: «ئۇنىڭ مېنى ئەيىبلەيدىغان ھەققى يوق! مەن شەۋكەت مۇئەللىمنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن». ئۇ غىڭشىپ - غىڭشىپ قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ يېنىمغا كەلدى - دە، ئېتەكلىرىمنى پۇراشقا باشلىدى، مەن بىردىن سەسكىنىپ ھەم قورقۇپ چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. مۇزدەك ھاۋادىن بولۇشچە سۈمۈرۈۋالماق بولۇپ بېشىمنى كەينىمگە تاشلاپ ئاسمانغا تەلمۈردۈم. تۇمانلىق ئاسمان شۇ قەدەر غەمكىن ۋە سوغۇق ئىدىكى، مەن جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىراپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇۋالدىم.

شەۋكەت مۇئەللىم بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىمىز كۆپ بولغانسېرى مۇناسىۋىتىمىز قويۇقلىشىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ ئەمدى ماڭا خىزمەتداشلارچە مۇئامىلە قىلاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا بولغان بۇرۇنقى قىزىقىش ۋە ئەيمىنىشلىرىم تېخى پۈتۈنلەي تۈگىگىنى يوق. ئۇ نەزىرىمدە تېخىچىلا قول يەتكۈسىز، سىرلىق ئىدى. يەنە تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئىچىمگە بىر غۇۋا، ئىلاشمان تەشۋىش كىرىۋالاتتى. قانداقتۇر يوشۇرۇن بىر نەرسە ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشقا، ئىنتىلىش ۋە ئۈمىدلىرىمنى بىراقلا كۆمۈۋېتىشكە مەجبۇرلايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشىنى كۈچلۈك ئارزۇ قىلاتتىم. بىراق بىر كەچكۈز ئاخشىمى، دېرىزىدىن تۇمانلىق ئاسمان كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر كەچكۈز ئاخشىمى ئاشۇ ئىشخانىدا بارلىق تۇيغۇلىرىم، ئەقىدەم ۋە جاھىللىقىم بىلەن پاك - پاكىز خوشلاشتىم.

ئۇدۇل دېرىزىدىن بىر پارچە ئاپئاق تۇمانلىق بوشلۇقتىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدىغان گۇگۇم مەزگىلى ئىدى. «سىزگە مۇھىم گەپ بار، ساقلاپ تۇرسىڭىز» دېگەن خەتلەر يېزىلغان باغاقچە تاپشۇرۇۋالغىنىم ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلار قايتىپ كېتىپ خېلىلا ئازادىلىشىپ قالغان ئىشخانىدا، كىتاب - دەپتەرلەر دۆۋىلەنگەن ۋەيران جوزا ئالدىدا يالغۇز قالدىم. بىر چاغدا ئۇ كىرىپ كەلدى، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ ئىشخانىدا ئۇزاققىچە مېڭىپ يۈردى، ئاندىن بىردىن ئالدىمدا توختاپ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ

قارىدى. مەن بەرداشلىق بېرەلمەي ئىتتىكلا يەرگە قارىۋالدىم.

- مەن بۈگۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ سىزگە بىر ئىشنى ئېيتماقچى، - دېدى ئۇ خۇددى دەرس ئۆتۈۋاتقاندەك ئېنىق - ئېنىق، ئالدىرىماي سۆزلەپ.

- قېنى دەڭ.

- ئايالىم بىلەن ئاجرىشىپ كەتمەكچى، - ئۇ بۇ گەپنى شۇنداق تېز، شۇنداق ئىتتىك دەۋەتتى - دە، ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك چوڭقۇر ئۇھ تارتتى.

مەن چەكچەيگىنىمچە قېتىپ قالدىم. نە جىددىيلىشىش، نە ھاياجانلىنىش، نە قورقۇش، نە خۇشاللىق. . . ھېچنەرسىنى ھېس قىلالمىدىم. ھەممە نەرسە شۇنچىلىك كۆلكىلىك، شۇنچىلىك مەنىسىز ئىدىكى پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم - جىسمىم بوشلۇقتىكى بىر پارچە ئاق قەغەزدەك قۇپقۇرۇق لېكىن تولىمۇ يەڭگىل لەيلەپ قالدى. بۇ گەپنى خۇددى مەن ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئاڭلاپ كېلىۋاتقاندەك تولىمۇ كونا ۋە زېرىكىشلىك تۇيۇلدى.

- مەن بەختلىك ئەمەس، جەۋھەر. ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى سەزدىم. سىز ئارقىلىق قايتىدىن بەختىمنى تاپماقچىمەن. بەلكىم مەن سارائلىق قىلىۋاتقاندىمەن، چۈنكى ئايالىم، بالام بار ئادەم مەن. لېكىن بىلىشىڭىز كېرەك، ھاياتتا مۇھەببەت بەك مۇھىم. بولۇپمۇ مەن ئۈچۈن بۇ مۇھەببەت ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. . .

قالغان گەپلەر قۇلىقىمغا كىرمىدى، ئۇ نېمىلەرنىدۇر دەپ قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شوراپ چۈشەندۈرەتتى. مەن قاتتىق چارچاپ كېتىۋاتقانلىقىمنى سەزدىم. ئۇدۇلۇمدا توختىماي مىدىرلاۋاتقان سالاپەتلىك ئېغىز مەن تۇغۇلۇشۇم بىلەنلا مەڭگۈ مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرغاندەك بىلىنىپ كەتتى. قېچىپ كەتكۈم، قۇلاقلىرىمنى ئېتىۋالغۇم كەلدى، ئاخىرى ۋارقىرىۋەتتىم:

- يوقىلىڭ، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىڭ! - نېمىشقىدۇر لاغىلداپ تىترەۋاتاتتىم.

- سىزگە نېمە بولدى؟ مېنى ياخشى كۆرمەمسىز؟ ئىشەنمەيمەن. ئەلۋەتتە مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن، ھەر ئىككىمىز تانالمايمىز. يەنە نېمىدەپ . . .

يەنە شۇ مۇلايىم - سىلىق، بوش ۋە رىتىملىق ئاۋاز . . . كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. چۈشەكەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتكەندەك مۆدۈرۈپ - سوقۇلۇپ ئىشىككە ئۆزۈمنى ئاتتىم، كەينىمدىن يەنە شۇ ئاۋاز ئاڭلاندى:

- سىزنى مەجبۇرلىمايمەن! ئەمدى مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى، كېتىمەن . . .

- ياق! كېتىدىغان ئادەم مەن! - ۋارقىرىدىم، ئۇ ئاڭلىدىمۇ، ئاڭلىمىدىمۇ بىلمەيمەن. نە ئۆيگە كەتكۈم، نە بىر ئەرسىنىڭ يېنىغا بارغۇم كەلمىدى. ھەممە نەرسىدىن بىزار بولغان ھالدا خېلى قاراڭغۇ چۈشكۈچە مەقسەتسىز چۆگىلەپ يۈردۈم. پەقەت قورسىقىم ئاچقاندىلا ئۆزۈمنىڭ كىملىكى، نەگە بېرىشىم كېرەكلىكى ئېسىمگە كەلدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئىشقا بارمىدىم؛ كېيىن جىم - جىملا يېزىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەتتىم. ۋۇجۇدۇم قۇپقۇرۇق. نە خۇشاللىق، نە غەشلىكنى سەزمەيدۇ. پەقەت ئۆزۈمنى تىنىمسىز ئۆزگىرىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. نېمىشقىدۇر بالا چاغلىرىمنى - ئالدىدىكى پارتىدا ئولتۇرىدىغان قارا كۆزلۈك، ئاق پىشماق قىزچاق بىلەن چېقىر كۆزلۈك شوخ ئوغۇل بالىنى سېغىنىپ قالدىم. دىلشات، ئۇ ھازىر نەدىدۇ. «قىز بالا دېگەن تولا» بۇ بىر جۈملە سۆز كېچە - كۈندۈز غوڭۇلداپ قۇلىقىمغا كىرىۋالدى. بەلكىم بۇ دۇنيادا مېنى دىلشاتلا ھەممىدىن بەك چۈشىنەلىسە كېرەك. چۈنكى ئۆزۈممۇ ئۆزۈمنى چۈشەنمەيدىتتىم. ئۇ بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى . . . ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم باردەك، پەقەت ئۇنىڭغىلا دېيىشىم كېرەكتەك، ئىچىمدىكى چۈشىنىكسىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈشۈم ھەتتا قېنىپ يىغلىۋېلىشىم ياكى بولمىسا كۈلۈۋېلىشىم كېرەكتەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. بىر ئىزىمدا تۇرالمايلا قالدىم. شۇنى ھېس قىلىۋاتاتتىمكى، ئۇ مېنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر يېقىن كىشىم ئىدى. مەن ئاخىر ئۇنى ئىزدەپ تاپتىم. بىز شەھەرنىڭ چېتىدىكى دەريا بويىغا كەلدۇق.

- بەك يېتىمسىراپ كېتىۋاتىمەن دىلشات، مېنى بۇنداق تاشلىۋەتمىسەڭ. يۈرىكىم سەندىن باشقا ھېچكىمگە بۇنچە يېقىن، بۇنچە تونۇش ئەمەس.

- نېمە دېمەكچى ئىدىڭ؟ - ئۇ كۆزلىرىمگە بېشىنى يېقىن ئەكېلىپ خۇددى بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك ئۇدۇل قارىدى.

- مېنى بەك ياخشى كۆرەمسەن؟ - دېدىم مەن قارشى قىرغاقتا قارىغىنىمچە ئېغىر ئۇھ تارتىپ.

- شەۋكەت مۇئەللىمدەك ھالغا قالغۇم يوق، سەن پەقەت ئۆزۈڭ ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەرنىلا قەدىرلەيسەن، - ئۇ، قولىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سالغىنىچە يىراقتىكى قىزغۇچ ئۇپۇققا قاراپ خۇددى ئۆز - ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك پىچىرلىدى. كېيىن ئۇ بۇرۇلۇپلا ماڭا قارىماي قويىماي بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ كەتتى.

كەچكى قۇياش نۇرىدا قېنىق توپا رەڭگىگە كىرگەن دەريا سۈيى جىمجىت داۋالغۇيتتى. مەن ئۇنىڭ دەريا بويلاپ كېتىۋاتقان ئۇسكىلەڭ گەۋدىسىگە، ئۇچىسىدىكى ئاپئاق كۆڭلىكى قىزغۇچ ئۇپۇق قوينىدا غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردۇم. ئالدىمدا پەقەت ساھىلدىكى قۇزۇنغا سوزۇلغان ئاياغ ئىزلىرىلا قالدى. **M3**





- زامانىمىزدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى قۇربانجان تۆرەكنى زىيارەت

(ئەدەبىي ئاخبارات)

**ئەخەت تۇردى**

ئۇ ئادەتتە، سىز - بىزگە ئوخشاشلا ئاددىي ھەم نورمال ئادەم. لېكىن ئۇنىڭ كۆز باغلاشقا، سېھىرگەرلىككە ياتمايدىغان، تاماشىبىنلار بىلەن يۈزمۇيۈز ئولتۇرۇپ، نەق مەيداندا كۆرسىتىدىغان كارامىتىنى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەم دەرھال ياقىسىنى تۇتۇپ: «توۋا، نېمە كارامەت بۇ؟ ئۇ، ئادەم ئەمەس، ئەۋلىياكەنغۇ!» دېمەي قالمايدۇ. «ئەۋلىياكەنغۇ!» دېگەن سۆز بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ كارامەتلەرگە ئەقلى يەتمەي ھەيران بولۇۋاتقانلىقلىرىنى بىلدۈرىدۇ. راست، مەنمۇ بۇ ئاددىي يىگىتنىڭ كۆرسەتكەن ھۈنەر - كارامەتلىرىنى بىر نەچچە قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، بۇ ئاجايىپ سىرنىڭ تېگىگە يېتەلمەي يۈرگەنلەرنىڭ بىرى!

ئىككى مەڭزىدىن ھەمىشە قان تەپچىرەپ تۇرىدىغان، ئاق سېرىق، قوڭۇر چاچ، كۆك كۆز، دولان دەرياسى بويىدا ئۆسكەن سۇۋادانلاردەك بەستلىك، پۈتۈن تۇرقىدىن تېخىچە يېزا كادىرلىرىغا خاس ئاددىي - ساددىلىق بىلەن



مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى شەرىپى قۇربانجان تۇرەك، بۇ يىل 42 ياشقا كىردى، بويىنىڭ ئېگىزلىكى 1 مېتىر 80 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 107 كىلوگرام. سۆزلىگەندە ئانچە - مۇنچە دولان شېۋىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ مەكىتتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىنى ھەممە ئادەم پەملىيەلەيدۇ.



قۇربانجان تۇرەك

ئۇنى ئويۇن كۆرسەتتى دېگەندىن كۆرە، كارامەت كۆرسەتتى، دېگەن تۈزۈك. چۈنكى ئۇ بارلىق ئويۇنلىرىنى ئۆزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ قادىلىپ تۇرغان كۆزى ئالدىدا، ھېچقانداق غەيرىي نەرسىلەرنىڭ ياردىمىسىز، پەقەت ئىككى قولى، ئىككى كۆزى، ئاغزى، ياڭراق ئاۋازى. . . قىسقىسى، كىشىلەر بىر - ئىككى مېتىر ئارىلىقتا كۆرۈپ تۇرغان جىسمى ۋە روھى بىلەنلا كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، بەزىلەرنىڭ ئۇنى: «ئەۋلىياكەنغۇ بۇ!» دېيىشى بىكار ئەمەس. ئەۋلىيا دېگەن زادى كىم؟ ئەۋلىيا دېگەن قەدىمدىن ھازىرغىچە مۆجىزە - كارامەت كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ئادەملەر، مەسىلەن، يوق نەرسىلەرنى بار قىلىدىغان، بار نەرسىلەرنى يوق قىلىدىغان. بۇرۇن بۇنداق گەپلەر رىۋايەت، ئەپسانە، دەپ قارىلاتتى. ھالبۇكى، ھازىر كىشىلەر ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن ئىشىنىدىغان بولدى.

دەرۋەقە، ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاش خېلى مۇشكۈل ئىش. چۈنكى ئۇ كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن تەجرىبىسى ۋە ئېڭىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئادەتلەنگەن سەزگۈسى ۋە ئېڭىغا سىغمايدۇ. شۇڭا، ھەر قانداق ئالاھىدە ئىقتىدارغا تەئەللۇق تەجرىبىگە پەقەت شۇ مەيداندا بار بولغان ۋە بىۋاسىتە كۆزەتكەن ئادەملەرلا ئىشىنىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ئەمدى مەن سىزگە ئاشۇنداق كارامەتلەرنىڭ نەق مەيداندىكى ئەھۋالىدىن بىر نەچچىنى ئەينەن سۆزلەپ بېرەي. سۆزلەيدىغانلىرىم كونكرېتنى زامان ھەم ماكانغا ئىگە بولغان، بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ گۇۋاھ - ئىسپاتلىقىدىن ئۆتكەن پاكىتلىق، رېئال ئىشلار:

**1. ۋاقتى: 1994 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، كەچ سائەت 8 دىن 11 غىچە. ئورنى: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، ئاتاقلىق رەسسام غازى ئەمەتنىڭ ئۆيى.**

قاتناشقانلار: ئۆي ئىگىسى، سەنئەت ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ سابىق مۇئاۋىن سېكرېتارى ئابلىز ئىسمائىل، ئىنستىتوت پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى مۇقىيىت مۆمىن، ئىنستىتۇت كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئابباس ياقۇپ، دوتسېنت ئابابەكرى يۈسۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سېرىك ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مىجىت ساۋۇت، ئەخەت تۇردى (مۇئەللىپ) قاتارلىق 11 ئادەم.

مېھمانلار غازى ئەمەتنىڭ كىچىك مېھمانخانىسىدا تام بويلىتىپ سېلىنغان كۆرپە ئۈستىدە قۇربانجاننى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. قۇربانجان ئويۇننى دەسلەپ قەرتتىن باشلىدى، مەزكۇر قەرت ئۆي ئىگىسى بازاردىن يېڭىلا سېتىۋالغان پېچەت قەرت ئىدى.

A: قۇربانجان قەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆز يېنىدا قاتار ئولتۇرغان ئالتەيلەنگە خالىغانچە بىردىن قەرت ئېلىشنى ۋە شۇ قەرتنىڭ مەلۇم يېرىگە ئۆز ئىسمىنى يېزىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. ئەڭ دەسلەپ مەن قول سوزۇپ، 52 دانە قەرتنىڭ ئىچىدىن بىرنى سۇغاردىم. ئالغىنىم 10 لۇق تاپان بولۇپ چىقتى، بۇنى قۇربانجان كۆرمىدى. مەندىن كېيىن يېنىمدا ئولتۇرغان بەشەيلەنمۇ نۆۋەت بىلەن بىردىن قەرتنى ئالدى ۋە ھەممىمىز ئۆزىمىز ئالغان قەرتنىڭ ئۈستىگە ئىسمىمىزنى يېزىپ قويدۇق، بۇنى ئۆزىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمىدى. كېيىن بۇ قەرتلەرنى غازى ئەمەت يەردىكى قەرتلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ، قايتا - قايتا شىلىدى ۋە ئىككى ئالقىنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ مەھكەم تۇتۇپ تۇردى. بۇ



قۇربانجان رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ قوبۇلىدا

جەريانىدا قۇربانجان قەرتلەرگە زادىلا يېقىن يولىمىدى. كېيىن ئۇ، ئىككى مېتىر ئارىلىقتا تۇرۇپ، قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق گۇمپا ئىشلەشكە باشلىدى. بۇ چاغدا غازى ئەمەت: «ۋاي، بۇ قەرتلەر قولۇمدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك مىدىرلاۋاتىدىيا!» دەپ، 52 دانە قەرتنى تېخىمۇ مەھكەم تۇتتى. بىر - ئىككى مىنۇتتىن كېيىن قۇربانجان بايا بىزنىڭ كۆزىمىزچە گىلەمنىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈپ قويغان قۇرۇق تەخسىنى بىر پاي بەتىنكىسى بىلەن: «ھايت!» دەپ ئۇرۇۋىدى تەخسە چۇل - چۇل بولۇپ، ئاستىدىن ئالتە دانە قەرت چىقتى. قۇربانجان بىر قەرتنى ئېلىپ ئۇرۇپلا: «مانا سىلىنىڭ 10 لۇق تاپان» دەپ ماڭا بەردى. قولۇمدىكى قەرت ھەقىقەتەنمۇ بايا ئۆزۈمنىڭ ئىسمى يېزىلغان 10 لۇق تاپان ئىدى. ئارقىدىنلا يېنىمدىكى كىشىگە: «مانا سىلىنىڭ غىشنىڭ تۇزى!» دەپ ئىككىنچى قەرتنى بەردى، ئۇ كىشىمۇ ھەيرانلىقتا نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، بايا قەرت ئالغان تەرتىپ بويىچە ئالتىمىزگە ئالتە دانە قەرتنى تارقىتىپ بەردى، ھەممەيلەننىڭ قولىدىكى قەرت بايا ئۆزىمىز ئېلىپ ئىسمىمىزنى يېزىپ قويغان قەرتلەرنىڭ نەق ئۆزى ئىدى.

ھەممەيلەن كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ كارامەتنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى. راست ئەمەسمۇ، بۇ ئالتە دانە قەرت قانداق قىلىپ غازى ئەمەتنىڭ قولىدىكى قەرتلەرنىڭ ئارىسىدىن ئىككى مېتىر يىراقلىقتىكى تەخسىنىڭ ئاستىدا پەيدا بولۇپ قالدى؟ بۇ قەرتلەر غازى ئەمەتنىڭ قولىدىن قانداق چىقتى؟ ئاسماندىن چۈشتىمۇ، يەردىن ئۈندىمۇ؟ يەنە كېلىپ، باشقا قەرتلەر ئەمەس، دەل ئالتە ئادەم مەخپىي ئېلىپ ئۆز قوللىرى بىلەن ئىسىملىرىنى يازغان قەرت!؟

B: قۇربانجان غازى ئەمەتكە قەرتلەرنىڭ ئارىسىدىن خالىغان بىر قەرتنى ئېلىشنى ئېيتتى. غازى ئەمەت 52 دانە قەرتنىڭ ئارىسىدىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋىدى. ئۇ 10 لۇق قاغا بولۇپ چىقتى. قۇربانجان ئۇنى يىرتىپ، ئۇششاقلاپ، ئۆز ئاغزىغا سېلىپ قويۇشنى ئېيتتى. غازى ئەمەت ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە بايىقى 10 لۇق قاغىنى يىرتىپ، ئۇششاقلاپ، بەئەينى كۆممىقوناق چوڭلۇقىدا تىتىپ، ئاندىن ئۆز قولى بىلەن قۇربانجاننىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى. قۇربانجان ئۇنى ھەممەيلەنگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئاغزىدا ئۇيان - بۇيانغا ئايلاندۇرۇپ چايندى. ھەتتا ئالدىدىكى پىيالىدىن ئىككى - ئۈچ قېتىم چاي ئوتلاپ تۇرۇپ چايندى، كېيىن ئاستا - ئاستا ئېغىز ۋە بويۇنلىرىنى رىتىملىق ھەرىكەتلەندۈردى، بۇ چاغدا قۇربانجاننىڭ باش قىسمى قىزىرىپ، تەرلەپ، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى. تەخمىنەن بەش مىنۇتلاردىن كېيىن ئۇ ئىككى قولىنىڭ باشمالتىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئاغزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئاپىرىپ، ئاغزىدىكى قەرتنىڭ ئىككى يېنىدىن يېنىككىنە تۇتۇپ تارتىۋىدى، بايا تىتىلىپ، چاينىلىپ كەتكەن 10 لۇق قاغا ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇرۇنقىدەك ئۆز پېتى، ھەتتا ھۆللەنمىگەن ھالدا پۈتۈنسۈرۈك چىقتى، قەرتنىڭ بىرەر تال گۈلى ياكى خەت - سىزىقلىرىمۇ ئېگىز - پەس، ئېرى - بېرى بولمىغانىدى. ھەممەيلەن ئۇنى بىر - بىردىن قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ ھەيران قالدى. قەرتنىڭ يۈزىدە بىرەر پۈچۈلانغان ياكى ئۆلانغان يېرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇ زادى نېمە كارامەت؟! قۇربانجاننىڭ ئاغزىدا ناھايىتى زامانىۋىلاشقان توقۇش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش مىكرو ماشىنىسى بارمۇ نېمە؟! باشقا بىر ئادەمنىڭ قولى بىلەن ئۇششاق تىتىلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سېلىنغان ۋە يەنە چاي بىلەن ھۆللىنىپ چاينالغان بىر دانە قەرتنىڭ بەش مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇرۇنقى پېتىدە پۈتۈنسۈرۈك چىقىشى ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلمامدۇ؟!

ئۆيدىكى ھەممەيلەن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئەقلى بىلەن ھېس قىلىپ، كاللىسى بىلەن ئەستىقلاپ ئولتۇرغان بۇ ئىشنىڭ سىرى زادى نەدە؟!

C: قۇربانجان مېھمانلاردىن خالىغانچە بىر پۇلنى چىقىرىشنى ئېيتتى. غازى ئەمەت دەرھال كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىدىن 10 يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى ئالدى. بۇ پۇلنىڭ نومۇرى: CT 30444044 ئىدى. قۇربانجان بۇ پۇلنى قولىغا ئېلىپ، ھەممىمىزگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ يىرتىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن غازى ئەمەت چاقچاققا يۆلەپ: «ئاپلا، ئون يۈەن بىكار كەتتىغۇ!» دېۋىدى، قۇربانجان: «قورقمىسىلا، بىكار كەتمەيدۇ، ھېلىلا كۆرىلا!» دەپ تۆت پارچە قىلىنغان پۇلنى يەنە چىرايلىق قاتلاپ يىمىرىپ، ئىككى قولىنىڭ باشمالتىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقى ئارىسىغا ئېلىپ بىر نەچچە قېتىم سىرىپ، ئاندىن پۇلنى ئاستا ئاچتى، 10 يۈەنلىك پۇل ئۇنىڭ قولىدا بۇرۇنقى پېتى، پۈتۈنسۈرۈك تۇراتتى. ھەممىمىز ئۇنى قولىمىزغا ئېلىپ، ئارقا - ئارقىدىن سىنچىلاپ قاراپ چىقتۇق. ئۇنىڭدا ھېچقانداق غەيرىي ئىزنا يوق ئىدى، نومۇرىمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئىدى.

D: قۇربانجان ئالدىدىكى گېزەك تەخسىسىدىن بىر تال ئۆرۈك قېقىنى ئېلىپ يېدى ۋە ئۇچكىسىنى ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنىدا تۇتۇپ، ھەممەيلەنگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مەن بۇنى مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ ئونىنچىسىنىڭ يانچۇقىدىن چىقىراي» دەپ، ئۇچكە بار ئالقىنىنى يۇمۇپ بىردەم تۇردى - دە، كېيىن: «مانا كەتتى!» دەپلا ئالقىنىنى ئاچتى، ئالقىنىدا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئاندىن ئۇ ئولتۇرغانلارنى بىر باشتىن ساندى، ئونىنچى ئادەم ئابلىز ئىسمائىل بولۇپ چىقتى. ئۇ ئادەم قۇربانجاننىڭ سول يېنىدا، ئۇنىڭدىن ئىككى مېتىر نېرىدا ئولتۇرغانىدى. قۇربانجان ئابلىز ئىسمائىلغا قاراپ: «ئابلىز ئاكا، قېنى ئۆزلىرى كاستۇملىرىنىڭ مەيدە يانچۇقىنى ئاقتۇرۇپ باقسىلا» دېدى. ئابلىز ئىسمائىل مەيدە يانچۇقىنى ئاقتۇرۇپ، دەسلەپ قەلەم ۋە كىنىشكىلىرىنى چىقاردى، كېيىن يەنە قولىنى سېلىپ، بايىقى ئۇچكىنى ئالدى، ئۇنى ھەممەيلەن قولىمىزغا ئېلىپ كۆرۈپ چىقتۇق، بۇ ئۇچكە يېڭىلا ئېغىزدىن چىققاچقا، ھۆل ۋە شىلىمشىق تۇراتتى!

2. ۋاقتى: 1994 - يىلى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، كەچ سائەت ئالتىدىن توققۇزغىچە. ئورنى: ئەخەت تۇردى (مۇئەللىپ) نىڭ ئۆيى. قاتناشقانلار: «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى مىركامىل ياقۇبى، شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئالىي مۇھەررىر ئابلىمىت سادىق، يازغۇچى ئابدۇراھمان قاھار، قەشقەردىن كەلگەن داۋۇت ھاجىم قاتارلىق يەتتە كىشى.

A؛ قۇربانجان يېڭىلا پېچىتى بۇزۇلغان (مۇئەللىپ دۇكاندىن سېتىۋېلىپ ئەكىرگەن) قەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مىركامىل ياقۇبىغا ئۇنىڭ ئىچىدىن خالىغان بىر تالنى سۇغۇرۇپ ئېلىشنى ئېيتتى. مىركامىل ياقۇبى قەرتلەرنىڭ ئارىسىدىن 10 لۇق چىللىكنى سۇغۇرۇپ ئالدى ۋە ئۇنىڭ بىر چېتىگە ئىسمىنى يېزىپ، ئۇنى قايتىدىن ئوتتۇرىدىكى قەرتلەرنىڭ ئىچىگە قىستۇردى. ئاندىن ئۆز قولى بىلەن قەرتلەرنى بىر نەچچە قېتىم ئارىلاشتۇرۇپ شىلاپ، قۇربانجاننىڭ قولىغا بەردى. قۇربانجان بىر دانە قۇرۇق لېگەننى ھەممەيلەنگە كۆرسىتىپ، سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا - گىلەم ئۈستىگە كۆمتۈرگەندىن كېيىن، قولىدىكى 52 دانە قەرتنى لېگەننىڭ ئۈستىگە: «ھايت!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە كۈچ بىلەن ئۇرۇۋىدى قەرتلەر تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. ئاندىن ئۇ بىر خىل سالماق ھەرىكەت بىلەن لېگەننى كۆتۈردى، لېگەننىڭ ئاستىدا ھېلىقى - مىركامىل ياقۇبىنىڭ ئىسمى يېزىلغان 10 لۇق چىللىك تۇراتتى. دېمەك: قۇربانجان بىر خىل سېھرىي كۈچ بىلەن 10 لۇق چىللىكنى لېگەننىڭ ئاستىغا ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى.

B؛ مىركامىل ياقۇبى قەرتلەرنىڭ ئارىسىدىن سەككىزلىك تاپاننى ئېلىپ، قۇربانجاندىن باشقا ھەممەيلەنگە كۆرسىتىپ، ئۇنى يەنە قەرتلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ شىلىغاندىن كېيىن، 52 دانە قەرتنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىدا مەھكەم قىسىپ تۇردى. قۇربانجان ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ تۇرۇپ، ئۈچ مېتر ئارىلىقتىن كۈچەپ گۈمپا ئىشلىتىۋىدى، ھايال ئۆتمەي ھېلىقى سەككىزلىك تاپان قۇربانجاننىڭ ئالقىنىدىن چىقتى. دېمەك، قۇربانجان ئۆز بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ كۈچى بىلەن مىركامىل ياقۇبىنىڭ قولىدىكى قەرتلەرنىڭ ئارىسىدىن ھېلىقى نىشانلىق سەككىزلىك تاپاننى يىراقتا تۇرۇپ سۇغۇرۇپ ئالغانىدى.

C؛ قۇربانجان مېھمانلاردىن خالىغان بىر پۇلنى چىقىرىپ بېرىشنى ئېيتتى. ئابلىمىت سادىق يانچۇقىغا قول سېلىپلا 10 يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى ئېلىپ بەردى. بۇ پۇلنىڭ نومۇرى: PF 10272487 ئىدى. «سىلىگە ئازراق زىيان بولىدىغان بولدى، - دېدى قۇربانجان ئابلىمىت سادىققا قاراپ كۈلۈپ، - 10 يۈەن پۇللىرىنى نەق مەيداندا يوقىتىۋېتىدىغان بولدۇم، خاپا بولماسلا؟» ئابلىمىت سادىق دەرھال ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتتى: «ھېچقىسى يوق، يوقىتىپ باقسىلا، كارامەتلىرىنى كۆرۈپ باقايلى.»

شۇ گەپلەردىن كېيىن قۇربانجان سول قولىنى ئالدىغا سوزۇپ 10 يۈەن پۇلنى شۇ قولىنىڭ ئالقىنىدا قويۇپ ھەممەيلەنگە كۆرسەتتى. ئاندىن ئالقىنىنى يۇمۇپ، بىر دەم بىر نەرسىلەرنى ئوقۇغاندەك قىلدى - دە، ئارقىدىنلا: «سۇف» دەپ قولىنى ئاچتى، قولىدا پۇل يوق، قۇپقۇرۇق ئىدى. بۇ پۇل نەگە كەتتى؟ بۇنىڭغا ھازىر ھېچكىم قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيتتى.

D؛ قۇربانجان يىراقتىن كونترول قىلىش ئىقتىدارى بىلەن نورمال مېڭىۋاتقان سائەتنى توختىتىپ قويىدى. ئۇ مىركامىل ياقۇبىنىڭ «ستېزىن» ماركىلىق 21 تاشلىق چەت ئەل سائىتىنى بىلىكىدىن يەشتۈرۈپ، قولىغا ئېلىپ كۆردى، ئاندىن ھەممەيلەننىڭ تەكشۈرۈپ بېقىشىمىزنى ئېيتتى. سائەت ناھايىتى نورمال ھالەتتە چىكىلداپ مېڭىۋاتاتتى. كېيىن ئۇ، سائەتنى ئابلىمىت سادىققا بېرىپ، يېرىم مېتر يىراقلىقتا تۇتۇپ تۇرۇشنى ئېيتتى ۋە ئۆزى قولىنى سائەتكە جونۇپ تۇرۇپ گۈمپا ئىشلىدى ھەم بىر چاغدا: «قاراپ بېقىڭلار، سائەت مېڭىشتىن توختىدى!» دەپ ۋارقىرىدى. بىز گۇررىدە ئولىشىپ سائەتكە قارىدۇق. دېگەندەك، سائەتنىڭ سېكۇنت مىلى چىپپىدە توختاپ قالغانىدى. قۇربانجان تېخىچە گۈمپا ئىشلەش ھالىتىدە كۈچىنىپ تۇراتتى. سائەت توپتوغرا تۆت مىنۇت مېڭىشتىن توختىدى. قۇربانجاننىڭ گۈمپىسى توختاش بىلەن تەڭ سائەتمۇ مېڭىپ كەتتى.

كېيىن، مىركامىل ياقۇبىنىڭ ئېيتىشىچە، ناھايىتى توغرا ماڭىدىغان بۇ سائەت شۇ ئىشتىن كېيىن نورماللىقىنى يوقىتىپ، بەزىدە كېيىن قالىدىغان، بەزىدە ئىلگىرى كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. دېمەك: قۇربانجاننىڭ يىراقتىن ئىشلەتكەن گۈمپىسى بىلەن سائەتنىڭ بىرەر زاپچىسى زەخىملەنگەن چېغى.

E؛ ئابلىمىت سادىق قۇربانجاننىڭ تەلىپى بويىچە، ياندىكى ئۆيگە چىقىپ مەلۇم بىر قەرتكە ئۆزى خالىغان بىر نەچچە سۆز بىلەن بىر نەچچە رەقەمنى يېزىپ كىردى، نېمە يازغانلىقىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمىدى. كېيىن قولىدىكى ئاشۇ قەرتنى باشقا قەرتلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ، قايتا - قايتا شىلاپ، ئاندىن سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان پەتنۇسنىڭ ئاستىغا باسۇرۇپ قويىدى، ئۇنىڭغا ھېچكىم يېقىن كەلمىدى. شۇندىن كېيىن قۇربانجان ئورنىدىن تۇرۇپ، بايا ئابلىمىت سادىق مەخپىي خەت يازغان ئۆيگە چىقىپ ئايلاندى ۋە شۇ يەردە ئولتۇرۇپ قولىدىكى قەغەزگە بىر نېمىلەرنى يازدى، ئاندىن مېھمانلار بار ئۆيگە كىرىپ: «بىر ئاز مۇرەككەپرەك نەرسىلەر يېزىلىپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنى ئەينەن تېپىشقا تىرىشتىم، سىلەر ئەمدى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭلار» دەپ قولىدىكى قەغەزنى بىزگە بەردى. ئابلىمىت سادىق پەتنۇسنىڭ ئاستىدىكى قەرتلەرنى ئېلىپ، بايا ئۆزى يوشۇرۇپ قويغان ھېلىقى قەرتنى ئىزدەپ تاپتى. بىز ھەممەيلەن ئولىشىپ، قەرتكە يېزىلغان خەت بىلەن قەغەزدىكى خەتلەرنى سېلىشتۇردۇق. ئابلىمىت سادىق تاپاننىڭ تۆزىغا: «تراللىبۇس، كىنىيە، لوگارىفما» دېگەن

ئۈچ ئىسىم بىلەن «1600000، 4815795، 2866174» قاتارلىق رەقەملەرنى يازغانىكەن. قۇربانجان بۇ ئىسىملەر بىلەن رەقەملەرنى توپتوغرا تېپىپ چىقىپتۇ!

بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ، ئاران تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان (ئەينى زاماندا - ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تازا ئالغىرلاشقان ئۇ يىللاردا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئوقۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى - مۇھەررىردىن) بىر ئادەمنىڭ ئۆز سەۋىيىسىدىن خېلىلا ھالقىپ كەتكەن بۇنداق قىيىن ۋە مۇرەككەپ ئىسىملارنى تېپىپ چىققانلىقىدىن ناھايىتى ئەجەبلەندۇق ھەم



سۈرەتتە: (ئوڭدىن سولغا): توماس، غوپۇر ئابدۇللا، قۇربانجان

ھاياجانلاندۇق. بىزنىڭ قۇربانجاننى «ئەۋلىيا» دېيىشىمىزدىكى سەۋەبمۇ مانا شۇ يەردە! ئۇ زادى باشقا ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى قانداق بىلىۋالدى؟ ئابلىمىت سادىقنىڭ يوشۇرۇنچە يازغان مەخپىي خەتلىرىنى بىرەر پەرىشتە ياكى «جىن - شەيتان» ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىمۇ قانداق؟ بۇ يەردىكى سىر - ھېكمەت زادى نېمە؟!

مەن ئابلىمىت سادىق خەت يازغان تاپاننىڭ تۈزى بىلەن قۇربانجان ئىشلەتكەن ھېلىقى بىر ۋاراق قەغەزنى خاتىرە سۈپىتىدە ساقلاپ قويدۇم، خالىغان كىشىلەر كۆرۈشنى خالىسا ئىشىكىم ھەر قاچان ئوچۇق.

3. **ۋاقتى: 1995 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، كەچ سائەت ئالتىدىن سەككىزگىچە. ئورنى: يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ ئۆيى.** قاتناشقانلار: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا، گېرمانىيىلىك مېھمان توماس، چېخ - سلوۋاكىيىلىك قىز مېھمان مارىيا، تۈركىيىلىك مېھمان ئابدۇرەزاق ھاجىم قاتارلىق توققۇز كىشى.

بۇ سورۇندا كۆرسىتىلگەن ھۈنەر - كارامەتلەرنىڭ بەزىسى يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش بولغاچقا، مۇئەللىپ ئۇنى تەكرارلىماي، پەقەت باشقىلاردىن پەرقلىق بولغان ئىككىلا كارامەتنى يېزىشنى لايىق تاپتى. بۇلارنىڭ جەريانى مۇنداق:

A: قۇربانجان پۇل ئۆزگەرتىش ھۈنىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، مېھمانلاردىن خالىغان بىر پۇلنى چىقىرىشنى ئېيتتۇدى، گېرمانىيىلىك توماس ئەپەندى يانچۇقىغا قول سېلىپلا 20 دوللارلىق ئامېرىكا پۇلىدىن بىرنى ئالدى. قۇربانجان بۇ پۇلنى ھەممەيلەنگە كۆرسەتتى ۋە پۇل ئىگىسى توماس ئەپەندىگە پۇلنىڭ نومۇرىنى يازغۇزدى، ئۇنىڭ نومۇرى: G18814593C ئىدى. ئاندىن مەزكۇر 20 دوللارنى ئۇڭ قولىنىڭ ئالقىنىدا قويۇپ پۈرلىدى، كېيىن قولىنى يۇمۇپ، بىر نەرسىلەرنى ئوقۇغاندەك قىلدى ۋە بىردىنلا قولىدىكى پۇلنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ: «قېنى ئۆزۈڭلار ئېلىپ كۆرۈپ بېقىڭلار!» دېدى. بىز دەرھال پۇلنى قولىمىزغا ئېلىپ قارىدۇق، بايىقى 20 دوللارلىق پۇل بىردەمدە 10 دوللارغا ئۆزگىرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ نومۇرىمۇ بايىقىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە ھالدا B27592979C غا ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

توماس ئەپەندى ھەيرانلىق ئىچىدە قىزىقچىلىق بىلەن خەنزۇچە قىلىپ: «ئاپلا، 10 دوللار زىيان تارتتىمغۇ!» دەپ قۇربانجانغا ئالاھىدە نەزەر بىلەن قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى، چېخ - سلوۋاكىيىلىك قىز مارىيا ھاياجىنىنى باسالماي، قۇربانجاننىڭ قولىغا ھۆرمەت ۋە قايىللىق بىلەن بىرنى سۆيۈپ قويدى.

B: قۇربانجان مېھمانلارغا قولىدىكى قەرتنى سوزۇپ: «مۇشۇ قەرتلەرنىڭ ئارىسىدىن خالىغان ئىككى قەرتنى ئېلىپ، ئىسىمڭلارنى يېزىپ، ئۇنى يەنە قەرتلەرنىڭ ئارىسىغا سېلىپ شىلاپ بېرىڭلار!» دېدى. ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىن مۇئاۋىن رەئىس غوپۇر ئابدۇللا قۇربانجاننىڭ قولىدىكى قەرتنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئارىسىدىن ئىككى قەرتنى سۇغۇرۇپ ئالدى. بۇ قەرتلەرنىڭ بىرسى غىشنىڭ سولدىتى، يەنە بىرسى قاغىنىڭ بەشلىكى ئىدى. غوپۇر ئابدۇللا بۇ قەرتلەرنىڭ ئاق يېرىگە ئىسمىنىڭ باش ھەرپىنى يېزىپ قويدى، ئاندىن ئۇنى باشقا قەرتلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئىككى - ئۈچ قېتىم شىلاپ قۇربانجانغا بەردى. قۇربانجان ئۇنى سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر دانە قۇرۇق تەخسىنىڭ ئاستىغا باسۇرۇپ، بىر خىل يەڭگىل قول ھەرىكىتى بىلەن ئاللىنېمىلەرنى ئوقۇغاندەك قىلدى - دە، كېيىن يېنىدىكى بىر پاي بەتىنكىسىنى قولىغا ئېلىپ: «ھايت!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە تەخسىنىڭ ئۈستىگە زەرپ بىلەن ئۇردى، تەخسە چۇل - چۇل بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى قەرتلەرمۇ تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. قۇربانجان قولىياغلىقى بىلەن يۈز - كۆزىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈۋېتىپ: «قېنى ئەمدى چېچىلغان قەرتلەرنى يىغىپ، ھېلىقى ئىككى قەرتنى تېپىپ بېقىڭلار!» دېدى. ئۆيدىكىلەر قولمۇ قول قەرتلەرنى يىغىپ، بايا غوپۇر ئابدۇللا ئەن سېلىپ قويغان ئىككى قەرتنى ئىزدىدى. لېكىن ئۇ قەرت تېپىلمىدى، قالغان 50 دانە قەرت ساپساق تۇراتتى. شۇ چاغدا قۇربانجان مۇلايىمغىنا كۈلۈپ قويۇپ: «ئۇ ئىككى قەرت گىلەمنىڭ ئاستىدا، سىلەر گىلەمنى قايرىپ قاراپ بېقىڭلار!» دېدى. مېھمانلار ھەيرانلىقتا بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، قېلىن مويلۇق

يۇڭ گىلەمنىڭ بىر چېتىدىن تۇرتەكلەپ قايرىپ، بايا قۇربانجان قەرتلەرنى قويۇپ ئۇرغان يەرنىڭ دەل ئاستىدىن ھېلىقى ئىككى قەرتنى - غىشنىڭ سولدىتى بىلەن قاغىنىڭ بەشلىكىنى تاپتى. بۇ قەرتلەرنىڭ قانداق قىلىپ گىلەمنىڭ ئاستىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ھېچكىمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. شۇنچە سىنچىلاپ قارايمۇ ھېچكىم گىلەمنىڭ بىرەر يېرىدىن كۆيگەن يەر ياكى تۆشۈك تاپالمىدى!

قۇربانجاننىڭ باشقا سورۇنلاردىمۇ ئەنە شۇنداق ئەن سېلىنغان قەرتلەرنى بىرلا ئۇرۇپ تامنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكى، ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىغا ئۇرۇپ، كىچىككىنە ئېغىزدىن يوغان قەرتنى شۇ پېتى كىرگۈزۈۋەتكەنلىكى، قەرتنى بۇ تامغا ئۇرۇپ، ئۇ تامدىكى تەكچىدە تۇرغان لوڭقىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتكەنلىكى، ھەتتا ئادەمنىڭ كۆڭلىكىنىڭ، ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى نەق مەيدان خەۋەرلىرى تېخمۇ كۆپ!

**4. ۋاقتى: 1995 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، كەچ سائەت بەشتىن توققۇزغىچە. ئورنى: ئەخەت تۇردى (مۇئەللىپ) نىڭ ئۆيى.** قاتناشقانلار: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر، تالانتلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇكېرىم راھمان، شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاتاقلىق رەسسام ئابدۇكېرىم نەسىرىددىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ھېمىت مەخسۇت، تۇركىيىلىك مېھمان ئەنۋەر ئەپەندى، ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر، غۇلجىدىن كەلگەن مېھمان مىجىت قاتارلىق 10 ئادەم.

مېھمانلار قۇربانجاننىڭ كارامەتلىرىنى ئېنىق كۆرۈش ئۈچۈن، سافادا ئەمەس، بەلكى گىلەم ئۈستىدە قۇربانجاننى چۆرىدەپ يېرىم دائىرە بولۇپ ئولتۇردى.

A، مىجىت ناسىر قۇربانجاننىڭ تەكلىپى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان قەرتلەرنىڭ ئارىسىدىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئالدى ۋە ئۇنى قۇربانجاندىن باشقا ھەممىمىزگە كۆرسەتتى، ئۇنىڭ قولىدىكىسى ئۈچلۈك غىش ئىدى. قۇربانجان ئۇنىڭغا: «ئاشۇ قەرتنىڭ بىر يېرىگە ئىسىملىرىنى يېزىپ، ئاندىن ئارىلاشتۇرۇۋەتسىلە!» دېدى. مىجىت ناسىر قولىدىكى قەرتنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئىسمىنى يازدى ۋە يەردىكى قەرتلەرنىڭ ئارىسىغا سېلىپ، بىر قانچە قېتىم ئارىلاشتۇرۇپ شىلىدى. شۇندىن كېيىن قۇربانجان قەرتلەرنى قولىغا ئېلىپ، ئەڭ ئۈستىدىكى بىر قەرتنى ئېچىپ: «بايىقى قەرت مۇشۇمۇ!» دەپ كۆرسەتتى. بۇ - ئالتىلىك قاغا ئىدى. ھەممەيلەن: «ئەمەس» دېدى. قۇربانجان بۇ ئالتىلىك قاغىنى مىجىت ناسىرغا بېرىپ: «ئەمىسە، سىلى بۇ ئەمەس قەرتنى ئالقانلىرىغا ئېلىپ چىڭ تۇتۇپ تۇرسىلا» دېدى - دە، قولىدىكى قالغان قەرتلەرنى: «ھايت!» دەپ قاتتىق ۋارقىراپ تۇرۇپ، مىجىت ناسىرنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تامغا كۈچ بىلەن ئۇردى. قەرتلەر تامغا تېگىپ تەرەپ - تەرەپكە چېچىلدى، شۇ چاغدا قۇربانجان: «ئەمدى قوللىرىنى ئېچىپ قاراپ باقسىلا» دېدى. مىجىت ناسىر قولىنى ئاچتى، ھەممىمىز ئۇنىڭغا قارىدۇق، ئۇنىڭ قولىدا بايىقى ئالتىلىك قاغا يوق، ئۇنىڭ ئورنىدا بايا ئۆزى ئىسمىنى يېزىپ قويغان ئۈچلۈك غىش پارقىراپ تۇراتتى. . .

بۇ كارامەتكە ئەقلى يەتمىگەن سورۇن ئەھلى بىر - بىرىگە قارىشىپ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

B، قۇربانجان قولىدىكى قەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېدى: «بىرەيلەن مۇشۇ قەرتلەرنىڭ ئارىسىدىن ئوخشاش تۆت قەرتنى ئايرىپ، ئاندىن شىلاپ قولۇڭلاردا تۇتۇپ تۇرۇڭلار، مەن بىر ھۈنەر قىلاي» دېدى. بىز يەنە مىجىت ناسىرنى ئوتتۇرىغا چىقاردۇق. ئۇ، قەرتلەرنىڭ ئارىسىدىن تۆت ماتكىنى ئايرىپ چىقتى. ئاندىن ئۇنى يەنە قەرتلەرنىڭ ئىچىگە سېلىپ شىلىدى ۋە قۇربانجاننىڭ تەلىپى بويىچە ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، مەھكەم تۇتۇپ تۇردى. قۇربانجان ئۆزىنى رۇسلاپ ئىككى مېتىر ئارىلىقتىن گۈمپا ئىشلىتىشكە باشلىدى، ئۇ دەسلەپ ئوڭ قولىنى ئالدىغا سوزۇپ، ئۈچ بارمىقىنى چىقىرىپ، مىجىت ناسىرنىڭ قولىدىكى قەرتلەرگە چەنلەپ تۇرۇپ قولىنى ھەرىكەتلەندۈردى، ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ يۈز - كۆزى قىزىرىپ، تەرلەپ، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ، پۈتۈن بەدىنى قاتتىق زورۇققۇش ھالىتىگە كەلدى. شۇ چاغدا مىجىت ناسىرمۇ: «ۋاي - ۋاي! . . . قولۇمنىڭ ئالقىنى قىزىۋاتىدىغۇ!» دەپ ھەيرانلىق ئىپادىسىنى بىلدۈردى. ئارىدىن بەش - ئالتە مىنۇت ئۆتكەندە، قۇربانجان ئالدىغا سوزغان ئوڭ قولىنىڭ ئۈچ بارمىقىنى قەرتكە قارىتىپ يەنە بىر قېتىم قاتتىق شىلتىدى، بۇ قېتىم ئۇنىڭ قولىمۇ تىترەپ كەتتى، شۇ چاغدا ئۆي ئىچىدە سۈس كۆيۈك ھىدى پۇرىغاندەك بولدى، قۇربانجان گۈمپا ئىشلەشتىن ئاستا توختاپ: «ئەمدى بولدى، ھېلىقى تۆت قەرتنى تېپىپ قاراپ بېقىڭلار!» دەپ قاتتىق بىر ئۇھ تارتتى. ھەممىمىز دەرھال مىجىت ناسىرنىڭ قولىدىكى قەرتلەرگە تىكىلدۇق، ئۇ قەرتلەرنى بىرمۇ بىر ئۆرۈپ يۆرۈپ، ئاخىر ھېلىقى تۆت ماتكىنى بىر يەردىن تاپتى، قارىساق تۆت ماتكىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسى (قۇربانجاننىڭ ئۈچ بارمىقىغا تەڭ كېلىدىغان يېرى) كۆيۈپ تۆشۈك بولۇپ قاپتۇ، چۆرىسى بولسا ساق، يەنە كېلىپ، بۇ تۆت قەرت تۇرغان يەرنىڭ ئاستىدىكى قەرتىمۇ، ئۈستىدىكى قەرتىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش ئالامىتى يوق ئىدى. بۇنى كۆرۈپ ھەممىمىز ھاڭ - تاڭ قالدۇق. ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان يېرى، بۇ تۆت ماتكا دەسلەپتە بىر يەردە بولسىمۇ، لېكىن قەرتلەرنى قايتا - قايتا شىلىغان ۋاقىتتا، بىر - بىرىدىن ئاجراپ ئارىلىشىپ كېتىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئۇلار يەنە قانداق قىلىپ بىر يەرگە يىغىلىپ قالدى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر - بىرىدىن قىلچە پەرقى يوق ئوخشاش شەكىلدىكى قەرتلەرنىڭ باشقا بىرەرسى كۆيمەي، نەق ئاشۇ تۆت ماتكىنىڭ - مىجىت ناسىر ئالاھىدە ئايرىپ ئېلىپ ھەممىمىزگە كۆرسەتكەن ئاشۇ

نىشانلىق تۆت ماتكىنىڭ كۆيۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟! بۇ يەردە زادى قانداق كۈچ رول ئوينىۋاتقاندۇ؟! بۇنى كۆيدۈرگەن هارارەت، ئېنېرگىيە نەدىن كەلدى؟...

كۆيدۈرۈلگەن تۆت ماتكىنىڭ ئىككىسىنى مەن ساقلاپ قويدۇم، بىرسىنى مىجىت ناسىر ئالدى، يەنە بىرسىنى تۈركىيىلىك ئەنۋەر ئەپەندى ئالدى. ئەگەر كۆرۈشنى خالايدىغانلار بولسا، مەن بۇ مۆجىزىلىك خاتىرىنى خالىغان ۋاقىتتا كۆرسىتىشكە تەييارمەن.

C: قۇربانجان شىرەدىكى گېزەك تەخسىسىدىن بىر تال بادامنى ئېلىپ، تىرنىقى بىلەن ئۇنىڭ پوستىنى پۇچۇلاپ، ئازراق بەلگە سالدى، ئاندىن سول قولىنىڭ ئالقىنىدا قويۇپ ھەممەيلەنگە كۆرسىتىپ بولۇپ، ئالقىنىنى يۇمدى-دە: «مانا كەتتى!» دەپلا قولىنى ئېچىۋىدى، ئۇنىڭ قولىدىكى بادام يوقالدى. ئۇ ھەممەيلەنگە بىر قۇر قارىۋېتىپ، ئۆزىدىن ئىككى - ئۈچ مېتىر يىراقلىقتا ئولتۇرغان ئابدۇكېرىم راھمانغا: «ئۆزلىرى كاستومىلىرىنىڭ يانچۇقىغا قاراپ باقسىلا» دېدى. ئابدۇكېرىم راھمان كاستومىنىڭ سول يانچۇقىدىن ھېلىقى ئەن سېلىنغان بادامنى ئېلىپ ھەممەيلەنگە كۆرسىتىپ ھەيرانلىقتا: «بۇ... بۇ... قانداقسىگە مېنىڭ يانچۇقۇمغا كىرىپ قالدى!» دېگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

D: قۇربانجان يەنە بىر كارامەت كۆرسىتىش ئۈچۈن مېھمانلاردىن پۇل چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. ھەممەيلەن غۇلجىدىن كەلگەن سودىگەر يىگىت مىجىتقا قارىدى. ئۇ دەرھال يانچۇقىدىن 100 يۈەنلىك يېڭى پۇلدىن بىرنى ئېلىپ قۇربانجانغا بەردى. مەن شۇ چاغدا بۇ پۇلنىڭ نومۇرىنى يېزىۋالدىم. ئۇنىڭ نومۇرى: QC30788115 ئىدى.

قۇربانجان بۇ پۇلنى ھەممىمىزنىڭ كۆز ئالدىدا دەسلەپ ئىككى پارچە قىلدى، كېيىن تۆت پارچە قىلدى (يىرتىلغان ئاۋازنى ھەممىمىز ئاڭلىدۇق.) ئاندىن ئۇنى قالايمىقان ئارىلاشتۇرۇپ، پىلتە قىلىپ ئېشىپ، سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان پەتنۇسنىڭ ئاستىغا باسۇردى - دە، بىر خىل گۈمپا بىلەن پەتنۇسنىڭ ئۈستىگە بىرنى ئۇرۇپ پەتنۇسنى ئېچىۋىدى، ھېلىقى تۆت پارچە بولغان 100 يۈەنلىك پۇل پۈتۈن پېتى - بۇرۇنقى ئەسلى بويىچە چىقتى.

قۇربانجان ئەمدى بۇ 100 يۈەن پۇلنى پۈرلاپ، سول قولىنىڭ ئالقىنىغا قويۇپ مۇشتىنى تۈگدى، ئاندىن پۇل ئىگىسى مىجىتقا قولىنى سۆيگۈزدى (مىجىتنى پۇلى بىلەن خوشلاشتۇردى)، شۇنىڭدىن كېيىن گۈمپا بىلەن ۋارقىراپ تۇرۇپ قولىنى ئېچىۋىدى، بايىقى QC30788115 نومۇرلۇق 100 يۈەن پۇل 10 يۈەنگە، يەنى RC 54150929 نومۇرلۇق 10 يۈەنگە ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن مىجىت ھەيرانلىقتا:

- بۇگۈنكى ئويۇن ماڭا 90 سومغا توختىدىمۇ؟ - دەپ چاقچاق قىلدى.

- قورقماڭ، - دېدى قۇربانجان خاتىرجەم ھالدا، - خۇدا خالىسا، توقسان كۈندىن كېيىن ئۆز ئەكسىگە، يەنى 100 يۈەنگە ئۆزگىرىدۇ. ئەمما سىز بۇ جەرياندا ناشايان ئىش قىلماسلىقىڭىز كېرەك!

قۇربانجاننىڭ 100 يۈەنلىك پۇللارنى 10 يۈەنگە ئۆزگەرتىۋېتىشى بۇنداق بىر سورۇندىلا ئەمەس، بىر نەچچە سورۇنلاردا قايتا - قايتا بولغان ئىش. بەلكىم بەزىلەر: «بۇ كىشى چوڭ پۇلنىغۇ كىچىكلىتىدىكەن، كىچىك پۇلنى چوڭايتالامدىكەن؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. ئىشىنىمەنكى، كىچىك پۇلنى چوڭايتىشمۇ ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. گەرچە مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولساممۇ، ئۇ بىر نەچچە مۇھىم سورۇنلاردا كىچىك پۇلنى چوڭايتىش، خەلق پۇلىنى ئامېرىكا دوللىرىغا ئۆزگەرتىش قاتارلىق ھۈنەرلىرىنى كۆرسەتكەن. شۇ چاغدا ئاپتونوم رايوننىڭ بەزى رەھبەرلىرى ئۇنىڭغا بۇنداق ئويۇننى خالىغان يەردە ئوينىماسلىقنى ئالاھىدە جېكىلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پەقەت چوڭ پۇلنى كىچىكلىتىش ھۈنىرىنىلا كۆرسەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبى ئەلۋەتتە ھەممىزگە چۈشىنىشلىك. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، يامان نىيەتلىك ئادەملەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېتىشى، بازاردىمۇ مەلۇم دەرىجىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن!


قۇربانجاننىڭ قەرت كۆيدۈرۈشىدىن بىر كۆرۈنۈش

5. ۋاقتى: 1994 - يىل 9 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، كەچ سائەت ئالتىدىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە. ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى مۇھەممەت زۇنۇننىڭ ئۆيى. قاتناشقانلار: ئۆي ئىگىسى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇقادىر نەسرىددىن، شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاتاقلىق رەسسام ئابدۇكېرىم نەسرىددىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئەمەتجان مەمتىلى، مەكتەت

نامېيلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇتەللىپ سېيىت قاتارلىق يەتتە كىشى.

قۇربانجان بۇ سورۇندا ھەممەيلەننى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ، ئەقلىنى لال قىلغان ئاجايىپ موجىزىلىك بىر كارامەتنى كۆرسەتكەن. بۇنىڭ ئېنىەن تەسۋىرى مۇنداق:

«مەن بۈگۈن ھەر بىرلىرىگە تۇپراقتىن جانلىق چىقىرىدىغان بىر ھۈنىرىمنى كۆرسىتەي. بۇ يەردە ئولتۇرغانلاردىن بىرەيلەن ماڭا سىرتتىن ئازراق توپا ئەكىرىپ بەرسۇن».

قۇربانجاننىڭ شۇ ئىلتىماسى بىلەن مۇھەممەت زۇنۇننىڭ شوپۇرى قادىرمەخسۇت ھويلىغا چىقىپ، ئۇيەردىكى گۈللۈكتىن بىر ئۇچۇم توپىنى ئەكىرىپ، داستىخان ئۈستىدىكى بوش تەخسىگە تۆكتى. قۇربانجان ئانچە ساپ بولمىغان توپىنى بارمىقى بىلەن مالتىلاپ تۇرۇپ ھەممىمىزگە كۆرسەتتى، قارامتۇل توپىغا ئۇششاق شېغىل تاشلارمۇ ئارىلاشقانىدى. قۇربانجان تەخسىنى ئالدىغا قويۇپ، قولىنى ھەملە قىلىپ تۇرۇپ، ئەپسۇنگە ئوخشاش بىر نەرسىلەرنى ئوقۇدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن: «مانا قاراڭلار، توپىدا جانلىق پەيدا بولدى» دەپ، تەخسىنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئىتتىرىپ، بارمىقى بىلەن مالتىلىدى. راست دېگەندەك، توپا ئىچىدىن كىچىككىنە بىر ئۇزۇنچاق قۇرت مىدىرلاپ چىقىشقا باشلىدى. بىز ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ تۇردۇق. بۇ چاغدا قۇربانجان بىزنى تېخىمۇ ھەيران قىلىپ: «ئەمدى مەن بۇ توپىدىن بىر دانە پاقا چىقىرىمەن، سىلەر قاراپ تۇرۇڭلار!» دېدى - دە، ھېلىقى تەخسىدىكى توپىنى قۇرت بىلەن بىللە قولياغلىقىغا توكتى، قولياغلىقنى چىرايلىق قاتلاپ، سەرەڭگە قېپى چوڭلۇقىدىكى تۈگۈنچەككە ئايلاندۇردى. ئاندىن ئۇنى گىلەمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ھېلىقى تەخسە بىلەن باسۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى رۇسلاپ، جىددىي ھالەتتە غەلىتە بىر نەرسىلەرنى ئايەت ئوقۇغاندەك ئوقۇشقا باشلىدى. لېكىن ئۇنىڭ نېمە ئوقۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى قىزىرىپ، تومۇرلىرى كۆپۈپ، پېشانىسىدىن تەر ئېقىشقا باشلىدى. بىر چاغدا ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ، تەخسىگە «سۇف» دەپ يېنىككىنە بىرنى ئۇردى - دە، ئاندىن تەخسىنى ئېلىۋېتىپ ئۇنىڭ ئاستىدىكى ھېلىقى تۈگۈنچەكلەنگەن ياغلىقنى ئالدىرىماي ئاچتى. بىز كۆزىمىزگە ئىشەنمەي قالدۇق، ياغلىقتىكى ھېلىقى توپىدىن بىرەر تال ئۇۋاقمۇ قالمىغانىدى. ئۇنىڭ ئورنىدا ئاق قۇچقاچنىڭ ئەتلىمە گۆش بالىسىدەك چوڭلۇقتىكى بىر پاقا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ھەلقۇمىنى لىپىلدىتىپ بىزگە قاراپ تۇراتتى. قۇربانجان مېھمانلارغا: «بۇ پاقىنى تۇتۇپ كۆرۈپ بېقىڭلار، راستمۇ - يالغانمۇ؟» دەپ قولىنى سوزۇۋىدى، شۇ ئارىلىقتا پاقا دىككىدە سەكرەپ گىلەم ئۈستىگە چۈشتى ۋە پۇتلىرىنى سوزۇپ تاقلىغىنىچە سافانىڭ تېگىگە كىرىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن مۇھەممەت زۇنۇن ئەپەندىنىڭ رەپىقىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «دوستلۇق» دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىر ۋراچى پاتەم روزى خانىم قورقىنىدىن ۋارقىراپ: «ئۇنى تۇتۇپ سىرتقا تاشلىۋېتىڭلار، قورقىمەن!» دەپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى. بىز قولىمىزغا چوكىلارنى ئېلىپ، سافانىڭ ئاستىغا تىقىپ پاقىنى چىقارماقچى بولدۇق، لېكىن ئۇنى كۆرگىلى بولمايتتى. يەنىلا قۇربانجان ئۆزى سافانى يۆتكىدى، قارساق، ھېلىقى پاقا تامنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ چاپلىشىپ تۇرۇپتۇ. قۇربانجان ئۇنى قولىغا ئېلىپ، ئالقىنىغا دەسسەتتى، بىر نەچچىمىز ئۇنى تۇتۇپ باقتۇق، ئۇ مۇزدەك سوغۇق ئىدى، بەدىنى لىپىلدايتتى. قۇربانجان ئۇنى ئىككى قولىنىڭ ئالقىنىغا باسۇرۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئەسلىدە مەن بۇ پاقىنى يەنە بىر ئوقۇپ لاچىنغا ئۆزگەرتمەكچى ئىدىم، لاچىن ئۆيىنى بىر ئايلىنىپ، دېرىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتەتتى. لېكىن خانىم بۇنىڭدىن قورقىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ لاچىنغا ئايلانسا، ئۆينىڭ ئىچىدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى زىيانغا ئۇچرىتىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا، مەن ئۇنى ئۆز جايىدىلا يوق قىلىۋېتەي!» ئۇ، شۇنداق دەپلا قولىدىكى پاقىغا يەنە بىر نەرسىلەرنى ئوقۇپ ھۈرۈۋىدى، ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ ئالقىنىدىكى پاقا غايىب بولدى!

بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ كارامەتلەرگە قاراپ ئولتۇرغان مېھمانلارنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلمەي كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئاغزىلىرىنى ئاچقىنىچە جىممىدە ئولتۇرۇشاتتى.

سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، بۇ زادى قانداق مۆجىزە؟

ئادەم بەدىنىدىكى بۇنداق مۆجىزىلىك ئالاھىدە ئىقتىدارنى سەممىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىمەمدۇ؟! بىزنىڭ كۆرگىنىمىز، بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگىنىمىز ئىنتايىن ئەجەبلىنەرلىك بىر پاكىت. ئۇ بولسىمۇ، قۇربانجان تۇرەكنىڭ بىر ئۇچۇم ئۆلۈك توپىدىن دىكىلداپ سەكرىيەلەيدىغان جانلىق بىر پاقىنى پەيدا قىلىپ، ئارقىدىن يوق قىلىۋەتكەنلىكى!

پەۋقۇلئاددە بىر كۈچ، ئالاھىدە بىر ئىقتىدار بولمىسا، بۈگۈنكى جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلغان ھازىرقى زاماندا، بۇنداق ئۇچۇق - ئاشكارا ھالدا كارامەت كۆرسىتىش ئارقىلىق ئوينىلىغان، يۈزلىگەن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئەسىر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بەزىلەر بۇ سىرلىق ھادىسىلەرنى كۆرۈپ: «بۇ پۈتۈنلەي سېھرىي - جادۇ» دەپ قارىشى مۇمكىن. دەرۋەقە، سېھرىي - جادۇلىقمۇ بىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزدىكى مۇھىم بىر تەرەپ. ئەگەر بىز بۇنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئېچىپ بېرەلىسەك، ئۇ چاغدا قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ سىرىنىمۇ ئاچقان بولىمىز.

بۇ ھادىسىلەردىن شۇنى ھېس قىلىشىمىز كېرەككى، ئىنسانىيەت ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى ئوبدانراق تەتقىق قىلىپ بېقىشى، ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتىنى، تەپەككۇرىنى تەتقىق قىلىپ بېقىشى لازىم. ئەگەر بىز ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە

ئىقتىدارنىڭ نېمىلىكىنى ھەقىقىي بىلمەكچى بولىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا چوقۇم تەپەككۇرىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

كۆپىنچە تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن بۇ سىرلىق ھادىسىلەرنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ. بۇ ھادىسىلەرنى چۈشىنىش بىزنىڭ ئالەمنى تونۇشىمىزغا، ئاڭنى تونۇشىمىزغا، ئېنېرگىيىنى تونۇشىمىزغا بېرىپ چېتىلىدۇ. ئادەملەردە ھەقىقەتەن ئالاھىدە ئىقتىدار مەۋجۇت. ئۇنى نۇرغۇن پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. بارلىق ئالاھىدە ئىقتىدارلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ زامان - ماكان مەنتىقىمىزدىن ھالقىغان بولىدۇ.

ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار توغرىسىدا ئاڭلىغان، كۆرگەن ھەم ئويلىغانلىرىم خېلى كۆپ بولدى. مەن قۇربانجاننى دەۋر قىلغان ھالدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش، سىردىشىشتىن باشقا، يەنە نۇرغۇن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈپ باقتىم. شۇ نەرسە ماڭا ئايان بولدىكى، قۇربانجان ھەرگىزمۇ يەككە - يېگانە ھالدا تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالغان «سىرلىق ئادەم» بولماستىن، بەلكى چوڭقۇر تارىخىي يىلتىزى، دۆلەت ئىچى - سىرتىدا ھەمراھلىرى بار بولغان تارىخىي ھەم ئىجتىمائىي شەخس. ئۇ، ئىنسانىيەت سېرىك ۋە سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ ئانا بۆشۈكى دەپ تەرىپلەنگەن تارىم بوستانلىقىدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەۋلادى!

بىزنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز ئۆز زامانىسىدىلا ئادەمنى ئىككى پارچە قىلىپ يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئەپسۇن ئوقۇش بىلەن يوق نەرسىنى بار قىلىش، بار نەرسىنى يوق قىلىۋېتىش، ئاغزىدىن سۇ پۈركۈپ بوران چىقىرىش، ئالقىنىدىن بۇلۇت ۋە تۇمان پەيدا قىلىش، قۇلىقىدىن ئەجدىھا، يولۋاس چىقىرىش قاتارلىق ئىنتايىن سىرلىق، مۇرەككەپ تېخنىكىلىق ماھارەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ئۇنى خېلى بۇرۇنلا، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرى 6 - ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىتىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرلەردە نۇرغۇن شاگىرتلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن بىر تۈركۈم سېرىك ۋە سېھىرگەرلىك ماھىرلىرىنى تەربىيىلەپ بەرگەن.

بۈگۈنكى كۈندە قارايدىغان بولساق، ئىچكى ئۆلكىلەردە بارلىققا كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان نەپەس گۇمپا ئۇستىلىرى ۋە ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرى جۇڭگودىلا ئەمەس، بەلكى خەلقئارادىمۇ شۆھرەت قازىنىپ، ئاجايىپ مۆجىزە، كارامەتلەرنى يارىتىۋاتىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگودىكى ھازىرقى ئەڭ ئاتاقلىق ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى بولغان لياۋنىڭلىق جاڭ باۋشېڭنىڭ ھۈنىرى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق. ئۇنى دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەم دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى ھازىر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، ھەتتا يۇقىرى قاتلام رەھبەرلەردىن تارتىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ھەر ساھە ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ نەزىرىدە مۇتلەق ئىشىنىشكە بولىدىغان پاكىتقا ئايلانغان. ئۇنىڭ ھۈنىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇ، ئاغزى پېچەتلەنگەن شىشە قۇتىدىكى دورىلارنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا ئالقانغا چىقىرالايدۇ (شىشە قۇتا بۇرۇنقىدەك پېچەتلەنگەن پېتى تۇرىۋېرىدۇ)؛ ئۇ، يولدا سىز بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ، باققالنىڭ ئالدىدىكى مېۋىلەرنى، دۇكانلاردىكى سوغۇق ئىچىملىكلەرنى خېلى يىراق ئارىلىقتىن قولىمىزغا كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ؛ ھەتتا جۇزا - بەندىڭلارنىمۇ بىرلا گۇمپا بىلەن يىراق - يىراقتىن يۆتكەپ كېلەلەيدۇ؛ بىخەتەرلىك ئىشكاپىدىكى ھۆججەتلەرنى ئىشكاپقا تەگمەي تۇرۇپ، خالىغانچە چىقىرالايدۇ؛ ھەتتا ئۆزى ھەيدەپ كېتىۋاتقان پىكاپنى توختاتمايلا، ماي تۇڭىغا نەدىندۇر بېنزىنلارنى يۆتكەپ پەيدا قىلالايدۇ؛ ناۋادا بىرەر قاتناش ساقچىسى ئۇنىڭ شوپۇرلۇق كىنىشكىسىنى تارتىۋالسا، ئۇ خاتىرجەم ھالدا پىكاپىنى ھەيدەپ كېتىپ، خېلى بىر يەرلەرگە بارغاندىن كېيىن قولىنى بىرلا سوزۇپ، ھېلىقى كىنىشكىسىنى قايتۇرۇپ كېلەلەيدۇ؛ ئۇ كونۋېرتنىڭ ئىچىدىكى خەتنى كونۋېرتنى بۇزماي تۇرۇپ چىقىرالايدۇ ۋە يەنە ھەممە يېرى يېمىلەنگەن كونۋېرتنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتەلەيدۇ؛ ئۇ قۇرۇق قول بىلەن بوشلۇقتىن چېكەتكىلەرنى تۇتالايدۇ، ساڭا قانچىسى لازىم بولسا شۇنچىسىنى تۇتۇپ بېرەلەيدۇ، ۋەھالەنكى، سەن ئەتراپنى ھەر قانچە ئىزدەپمۇ بىرەر چېكەتكە تاپالمايسەن؛ ئۇ نورمال مېڭىۋاتقان مېخانىكىلىق سائەتنى توختىتالايدۇ، ھەتتا ۋاقىتنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ؛ ئۇ قولى بىلەن چاپىنىڭنى بىر - ئىككى ئۇۋۇلاپلا، چاپانغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋېتىدۇ ياكى ئاغزى بىلەن پۈۋلەپمۇ ئوت تۇتاشتۇرىدۇ؛ ئۇ، قولۇڭدىكى ئاپلىسىننى ياكى ئالمىنى بىر - ئىككى قېتىم پۈۋلەپ، ئەسلىدىكىدىن بەش - ئالتە ھەسسە يوغىنىتىۋېتەلەيدۇ؛ ئۇ، يىرتىلىپ، چاينىلىپ پارچە - پارچە قىلىنغان نام - ئەمەل كارتوچكىسىنى قولى بىلەن ئۇۋۇلاپ، پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؛ ئۇ، ئاشخانىدىكى قازاندا قايناۋاتقان لەغمەننى سېنىڭ يېنىڭدا، يەنى مېھمانخانىدا مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ، بىرلا قول ئىشارىتى بىلەن ئالدىڭدىكى تەخسىگە ئەپچىقىپ بېرەلەيدۇ، ھەتتا زۆرۈر تېپىلسا، قورسىقىڭغا كىرگۈزۈۋېتەلەيدۇ؛ ئۇ يەنە كىشىلەرنىڭ كېسەللىكىنى داۋالىيالايدۇ، يەنى ئۆت ۋە بۆرەكتىكى تاشلارنى بەدەننىڭ سىرتىدىن ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ يوقىتىۋېتەلەيدۇ. كېسەللەرنىڭ ئېيتىشىچە، بىر قول ئۇلارنىڭ بەدىنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۆت بىلەن بۆرەكتىكى تاشلارنى يۇلۇپ چىقىپ كەتكەندەك سېزىم بولىدىكەن. ئۇنىڭدا يەنە، غايىب بولۇش، يەنى خۇددى سۇلايمان قالپىقىنى كىيىۋالغاندەك كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان كارامەت بار. ئۇ مۇشۇ كارامىتى بىلەن شېنياڭدا ساقچىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي پۈتۈن يەر مۇستەھكەم تاقالغان ئالتۇن ئىسكىلاتىغا كىرگەن، بېيجىڭدا بىر يەر ئاستى ئوردىسىغا كىرگەن. دېمەك، ئۇ قېلىن - قېلىن بېتون تاملاردىن توسالغۇسىز ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ.

1980 - يىلى 8 - ئايدا، شاڭخەيدىكى «جۇڭگو ئادەم بەدىنى ئىلمىي جەمئىيىتى» بىر نەچچە ئاتاقلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جاڭ باۋشېڭنىڭ

ئالاھىدە ئىقتىدارىغا قارىتا ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئۇلار تەتقىقات دوكلاتىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق يازغان: «. . . ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىشىنىشكە بولىدۇ. جاڭ باۋشېڭ بىلەن ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئىقتىدارىنى سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ماشىنىنى سېلىشتۇرۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، ئۇ ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ئادەم».

ھازىر ئۇنىڭ پۈتۈن تەقدىرى جۇڭگودىكى ئادەم بەدىنى ئىلمى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. شۇڭا، مەلۇم بىر غەرب دۆلىتى ئۇنى 24 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بىلەن سېتىۋالماقچى بولغان. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر بايلىق.

جاڭ باۋشېڭدىكى بۇنداق تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان ئالاھىدە ئىقتىدار زادى قانداق پەيدا بولغان؟ بۇ توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇنىڭ ئۆزى كۆپ نەرسە دېمەيدۇ. پەقەت كىچىك ۋاقتىدىلا بار ئىدى، دېگەن قىسقىلا جاۋابنى بېرىدۇ. ئېھتىمال ئۇنىڭدىكى بۇ ئالاھىدە ئىقتىدار تۇغما بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇيىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىككى - ئۈچ ياش چېغىدىلا ئۇنىڭدا غەلىتە ھادىسىلەر كۆرۈلگەنىكەن، كېيىن ئۇ چوڭ بولغانسېرى بۇنداق سىرلىق ئىشلار تېخىمۇ كۆپىيىپتۇ. مەسىلەن، ئۇ بازارغا چىقسا، گۆش ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ئالىلغانداق يەرلەردىن قولىدىكى سېۋەتكە كەلتۈرەلەيدىكەن، ئۇنىڭ بېقىۋالغان ئاتا - ئانىسى بولسا، بۇ ھادىسىلەرنى چۈشەنمەي، ئۇنى ئوغرىلاپ كەلدى، دەپ گۇمانلىنىدىكەن. ئۇ ئۆزى بىر نەچچە قېتىم ئاقساقاللىق بىر بوۋاينىڭ ھەمىشە ئۆزىگە ئەگىشىپ يۈرىدىغانلىقىنى، بۇ ھال كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا بارلىقىنى ئېيتقان. بىر نەچچە يەردە، ئۇ ئالاھىدە ئىقتىدارنى كۆرسىتىشتىن بۇرۇن: «ئۇستازىمدىن سوراپ باقاي» دېگەن گەپنى قىلغان. ئۇ يەنە: «ئۇستازىم ئاقساقاللىق بىر بوۋاي، ئۇ قىلالايسەن دېسە، ئاندىن قىلالايمەن» دېگەن. بۇ ئىش ئەلۋەتتە كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بۇ يەردە ئىككى ئېھتىماللىق بولۇشى مۇمكىن: بىرسى، بۇ ئاقساقاللىق بوۋاي جاڭ باۋشېڭ كىچىك ۋاقتىدىلا ئاڭسىز ھالدا كاللىسىدا پەيدا قىلىۋالغان ئىلاھ بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىلاھ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق يوشۇرۇن ئاڭ ھەممە ئادەمدە بولىدۇ، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «يوشۇرۇن ئاڭ» ھازىرقى پسىخولوگىيە ئىلمى تەبىر بېرىۋاتقان ئۇقۇمدىن ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. يەنە بىرسى، ئالىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن بىرەر نەپەس گومپا ئۇستازىنىڭ روھى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بېقىندى بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

ۋۇخەنلىك مەشھۇر ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى سۇن چۇلىن دېگەن ئايال ھازىر جۇڭگو گېئولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئادەم بەدىنى ئىلمى تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى. ئۇنىڭدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار 10 ياش ۋاقتىدا مەلۇم بولغان. ئۇ بىر كۈنى بىر نەچچەيلەن تونۇشلىرى بىلەن ئېتىزلىقتا ياۋا كۆكتات تېرىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز كۆز ئالدىدا بىر ئاق نۇر پەيدا بولۇپ بېشى قايغاندەك بىئارام بولغان، كېيىن ئەسلىگە كېلىپ يەرگە قارىسا، ئۆزى تۇرغان يەرنىڭ ئاستىدا بىر خۇمرا مىس تەڭگە تۇرغانلىقىنى ئېنىق كۆرگەن. بۇ ئەھۋالنى ئۇ يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا ئېيتقان، لېكىن ئۇلار ئىشەنمىگەن، كېيىن سىناپ بېقىش مەقسىتىدە كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى ئەكېلىپ ھېلىقى يەرنى بىر مېتىردىن چوڭقۇرراق كولىغان، ئۇ يەردىن راستتىنلا بىر خۇمرا مىس تەڭگە چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ سىنىپىدا ئولتۇرۇپ يەنە بىر سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيدىغان، مەھەللىدىكى ئاياللارنىڭ قورسىقىغا قاراپلا ھامىلىنىڭ بار - يوقلۇقىنى، ئوغۇل ياكى قىزلىقىنى بىلەلەيدىغان ئالاھىدە كۆرۈش ئىقتىدارى پەيدا بولغان. . .

سۇن چۇلىنمۇ ئالاھىدە ھالەتتە تۇرغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇستازى پەيدا بولىدىكەن. ئۇمۇ ھەر قانداق ئىشنى ئۇستازىدىن سوراپ قىلىدىكەن. لېكىن ئەجەبلىنەرلىكى، دەسلەپتە ئۇنىڭ ئۇستازى قەدىمكى پاسوندا ياسانغان، ئۇزۇن پەرىجە كىيگەن بىر ئايال ئىكەن، لېكىن كېيىن، بېشىدا چېچى يوق، ياش، بويى ناھايىتى ئېگىز، گەپ قىلسا، تەلەپپۇزىنى ئۇققىلى بولمايدىغان، بەش ئەزايى ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشىمايدىغان تاشقى پلانېت ئادەملىرىدەك بىر ئەركىشى بولۇپ قالغان.

سۇن چۇلىن 1993 - يىلى 6 - ئايدا، ئورۇنداش خېلى مۇشكۈل بولغان بىر ئالاھىدە ئىقتىدار تەجرىبىسىنى ئېلىپ بارغان. يەنى، گومپا ئارقىلىق بىر بوتۇلكا سۇنى بېنزىنغا ئايلاندۇرغان. ئۇ، كىشىلەر نەق مەيداندا تورۇبىدىن قاچىلاپ بەرگەن بىر بوتۇلكا سۇنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ، كۆڭلىدە سۇنى مايغا ئايلاندۇرۇشنى ئويلىغان. ئەمما بىرىنچى قېتىمدا ئۇ، سۇنى ھەم مايغا، ھەم ئىسپىرتقا ئايلاندۇرسام ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلىغان. نەتىجىدە شۇ قېتىم بىر بوتۇلكا سۇنى ھەم مايغا، ھەم ئىسپىرتقا ئايلاندۇرغان. يەنى، بىر بوتۇلكا سۇ ئۈچ قاتلام بولۇپ، بىرىنچى قاتلىمى بېنزىن، ئىككىنچى قاتلىمى ئىسپىرت، ئۈچىنچى قاتلىمى سۇ بولغان. نەق مەيداندا لابوراتورىيىلىك تەكشۈرگەندە، دەل ئاشۇنداق چىققان. ئىككىنچى قېتىمدا، سۇنى پۈتۈنلەي بېنزىنغا ئايلاندۇرماقچى بولۇپ، لىق سۇ قاچىلانغان، ئاغزى مەھكەم ئېتىلگەن بوتۇلكىنى ئىككى قولىدا سىقىمداپ تۇتقان. ئاشۇنداق تۇتۇش، يەنە تۇتۇش ئارقىلىق بوتۇلكىنىڭ ئاستىدىن سۇنىڭ مايغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەن. دەسلەپتە خۇددى قازان قايىنىغاندەك «ۋاراق - ۋاراق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلانغان، ئاندىن نۇرغۇن ئۇششاق كۆپۈكچىلەر كۆتۈرۈلۈپ چىققان، ئەڭ ئاخىرىدا، سۇ ئاستا - ئاستا بېنزىنغا ئايلانغان. لاباتورىيىلىك تەكشۈرۈشتە، تەركىبىمۇ، پۇرىقىمۇ نەق بېنزىننىڭ ئۆزى بولۇپ چىققان.

### بۇ زادى قانداق ھادىسە؟!

راستىنى ئېيتقاندا، ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار بىلەن سۇنى بېنزىنغا ئايلاندۇرۇشنى ھازىرقى

زامان ئىلىم - پەنى بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، سۇ ھىدروگېن بىلەن ئوكسىگېننىڭ خىمىيىلىك بىرىكىشىدىن پەيدا بولىدۇ؛ بېنزىن بولسا كاربون بىلەن ئوكسىگېننىڭ خىمىيىلىك بىرىكىشىدىن پەيدا بولىدۇ. سۇدا ھەرگىزمۇ كاربون ئېلېمېنتى بولمايدۇ، شۇڭا، ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ قىلچە ئىلمىي ئاساسى يوق. ۋەھالەنكى، بۇ ئۆزگىرىش پاكىت سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ۋە لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈشتە ئىسپاتلانغان. شۇڭا، بۇنى بىر مۆجىزە دېيىش كېرەك!

بۇ يەردە بىز نەزىرىمىزنى تېخىمۇ يىراققا - قەدىمكى ئەجدادلارغا يۆتكەپ قارايدىغان بولساق، بۇ خىل ئالاھىدە ھادىسىلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەيسا پەيغەمبەر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ساكيامونى قاتارلىق ئۇلۇغ زاتلار ئەنە شۇنداق ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە كارامەت كۆرسەتكۈچىلەر ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىكى ئالاھىدە يۈكسەك ئىقتىدار بىلەن ھەر خىل كارامەتلەرنى كۆرسىتىش، مۆجىزە يارىتىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىنى لەت قىلغان. مەسىلەن، ئۇ زات ئاسماندىكى ئاينى ئىككىگە بۆلۈپ كۆرسەتكەن. ئەيسا پەيغەمبەرمۇ گاس - گاچا، قارىغۇلارنى قولى بىلەن بىرلا سىيپاپ قويسا ئوڭلىنىپ كەتكەن، ھەر قانداق كېسەل ئۇنىڭ قولىدا شىپا تاپقان. ئۇنىڭدا يەنە دانىشمەنلەرچە ئالدىن كۆرەرلىك بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ پېشكەللىككە يولۇقىدىغانلىقىنى، 12 مۇرىتىنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنىڭ ئۆزلىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەن. ئۇ يەنە سۇ ئۈستىدە خۇددى يەردە ماڭغاندەك ماڭالايدىكەن. «ئىنجىل» دا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇنىڭدا يەنە نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىش، يىراق يەرلەردىن بىر نەرسىلەرنى يۆتكەپ كېلىش ئىقتىدارى بولغان. بىر قېتىم ئۇ قامال ئىچىدە قالغان 5000 مۇرىتىنى ئىككى بولكا، بەش بېلىق بىلەن تويغۇزغان. مانا بۇ ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن نامايان بولغان بىر خىل ئالاھىدە ئىقتىدار. بۇنىڭدا ئىككى ئېھتىماللىق بولۇشى مۇمكىن: بىرسى، ئۇ بىۋاسىتە ھالدا بۇ ئاز نەرسىنى ئۆزگەرتىپ كۆپەيتكەن بولۇشى مۇمكىن؛ يەنە بىرسى، يىراق يەرلەردىن نۇرغۇن يېمەك - ئىچمەكنى «يۆتكەش» ماھارىتى ئارقىلىق يۆتكەپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. «يوھاننا بايان قىلغان مۇقەددەس خۇش خەۋەر» دېگەن كىتابتا، ئەيسانىڭ سۇنى شارابقا ئۆزگەرتكەنلىكى توغرىسىدا خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭغا بەزىلەر ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن بىر مۇنچە ئىلمىي تەكشۈرۈشتىن، ھەر خىل گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەن ئەمەلىي پاكىتتىن، ۋۇخەنلىك سۇن چۈلىن دېگەن ئايالنىڭ بىر بوتۇلكا سۇنى بېنزىنغا ئۆزگەرتكەنلىكى ئىسپاتلاندىغۇ! بىزنىڭ قۇربانجانمۇ بىرنەچچە سورۇندا - كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا بوتۇلكىدىكى ئاق ھاراقنى سۇغا ئۆزگەرتىۋەتتىغۇ! ھەتتا بىر ئۈچۈم تۇپىنى قۇرۇتقا، پاقىغا ئايلاندۇردىغۇ! دېمەك، ھازىرقى ئادەملەر - ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرى شۇنداق قىلالىغانىكەن، بۇندىن 2000 يىل بۇرۇن ياشىغان ئەيسا پەيغەمبەرمۇ چوقۇم شۇنداق قىلغان، بۇ شەك - شۈبھىسىز!

دۇنيادا ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى كۆپ سىرلىق ھادىسىلەر بار. بۇنىڭدىكى يادرو يەنىلا ھاياتلىقتىكى ئالاھىدە ھادىسىلەر. بۇ خىل ئالاھىدە ھادىسىلەرنىڭ ئەڭ جانلىق، ئەڭ تىپىك ئىپادىسى نەپەس گۆمپىسىدىكى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار. ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ سىرىنى ئېچىش مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئالەم بىلەن ھاياتلىقنىڭ شەكىللىنىش سىرىنى ئاچقانلىقتۇر. ئالەم قانداق شەكىللەنگەن؟ ھاياتلىق قانداق شەكىللەنگەن؟ ئىنسانلاردا ھازىر بىر مۇنچە قېلىپلاشقان تەپەككۇر شەكىللىرى بار. ۋەھالەنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن چەكلىمىلىككە ئىگە. سۇ شارابقا، بېنزىنغا ئايلىنامدۇ؟ بۇ ھازىرقى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، پۈتۈنلەي مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. لېكىن بۇ بىر پاكىت، بۇ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ تەجرىبە ۋە نەزەرىيىسىدىن مۇتلەق ھالقىپ كەتكەن بىر پاكىت. بۇنى يالغۇز قەدىمكى زاماندىكى ئەيسا پەيغەمبەر ئەمەس، بەلكى ھازىرقى زاماندىكى شىنجاڭلىق قۇربانجان تۇرەك، ۋۇخەنلىك سۇن چۈلىنلار ئىشلەپ، ئەمەلىيەتتىن، سىناقتىن ئۆتكۈزگەن. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە، كىشىلەرنىڭ ھازىرقى تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كەتكەن بىر مۆجىزە!

يىراق مەدەنىيەت تارىخىمىزغا قارايدىغان بولساق، خەلق ئارىسىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئەپسانە، چۆچەكلەرنىڭ بارلىقىنى، شۇنداقلا بىر مۇنچە دىنىي رىۋايەتلەرنىڭمۇ بارلىقىنى بىلىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ناھايىتى نۇرغۇن سىرلىق ھادىسىلەر بايان قىلىنغان. مەسىلەن، ھەممىگە مەلۇملۇق «سۇلايمان قالپاق»، «خاسىيەتلىك ھاسا»، «ئېچىلىڭ داستىخان»، «ئۇر توقماق»؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، ھەزرىتى ئەلى قاتارلىقلارنىڭ كارامەتلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر...

بۇ رىۋايەت، چۆچەكلەرنى ئىنسانلار ھېچقانداق سەۋەبسىز، ئاساسسىز توقۇپ چىقارغانمىدۇ؟ ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ئىقتىدار، ھادىسىلەرنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز خۇددى «توخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەن» دەك، قۇرۇق خىيال بىلەن ئويدۇرۇپ تاپقانمىدۇ؟! يەنە بىز، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى خاتىرىلەرگە، «ئىنجىل» دىكى ئەيسا پەيغەمبەر توغرىسىدا سۆزلەنگەن بايانلارغا قاراپ باقايلى، ئۇلارمۇ پۈتۈنلەي مۆجىزە بىلەن تولغان. بۇ ئاجايىپ مۆجىزىلەر ئاق كۆڭۈل، ئەقىل - پاراسەتلىك خەلقلەرنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەسەبىيلەرچە دىنىي خام - خىيالىمىدۇ؟! ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! بۇ رىۋايەت، ئەپسانە، چۆچەكلەر ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ چېچەن تىلى، ماھىر قولى بىلەن بىزگە قالدۇرغان جانلىق خاتىرىسى! بىز بۇ خاتىرىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق

ۋاراقلاپ قارايدىغان بولساق، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا ۋاستىلىرىنىڭ تىگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ ماددىيلاشتۇرۇلۇشى، يەنى ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. مەسىلەن، ئادەملەردىكى يىراقتىن سېزىش ئىقتىدارى ھازىرقى زاماندىكى رادار ۋە سىمسىز تېلېگراف بولۇپ ئىپادىلەنمىدىمۇ؟ ئادەملەردىكى چوڭقۇر كۆرۈش (يەر ئاستىدىكىنى، تامنىڭ ئۇ تەرىپىدىكىنى كۆرۈش) ئىقتىدارى ھازىرقى زاماندىكى رېنتگېن، يىراقنى كۆرۈش ئىقتىدارى دۇربۇن؛ يىراقتىن ئاڭلاش ئىقتىدارى مەخپىي ئاڭلاش ئاپپاراتى بولۇپ شەكىللەنمىدىمۇ؟ ئادەملەردىكى ئالدىن بىلىش ئىقتىدارى ئاسترونومىيە، ھاۋارايى قاتارلىق ئىلىملەردىكى ئالدىن مۆلچەرلەش سايمانلىرى بولۇپ ئىپادىلەنمىدىمۇ؟ ساكيامونى مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 - ئەسىردىلا: «بىر تامچە سۇدا 84 مىڭ قۇرت بار» دەپ ئېيتقان. بۇ ھال ساكيامونىدا كىچىك نەرسىلەرنى چوڭايتىپ كۆرەلەيدىغان ئالاھىدە كۆرۈش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىنسانلاردىكى مانا شۇنداق چوڭايتىپ كۆرۈش ئىقتىدارى كېيىنكى چاغلاردا پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مىكروسكوپنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا سەۋەب بولدى. ھەقىقەتەنمۇ مىكروسكوپ ئارقىلىق بىر تامچە سۇغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا سانسىز جانلىقلارنىڭ، مىكروبلارنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. ئەگەر پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى مىكروسكوپنى ئىجاد قىلمىغان بولسا، ئېھتىمال ساكيامونىنىڭ يۇقىرىقى سۆزى ھازىرغىچە خۇراپات ياكى رىۋايەت بولۇپ قالاتتى.

دېمەك، بىز بۇ يېڭى ئەسىردە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن سىرلىق مەدەنىيەتنى، سىرلىق ھادىسىلەرنى ئەستايىدىل تونۇشىمىز ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز لازىم.

بۇ خىل سىرلىق ھادىسىلەرنىڭ، ئاجايىپ مۆجىزىلەرنىڭ ئارقىسىدا بۇگۇنكى ئادەملەر تېخى تونۇپ يەتمىگەن قانداقتۇر بىر ئالەم ۋە دۇنيا بار. ئۇنىڭ كەينىدە قانداقتۇر بىر خىل سىرلىق كۈچ رول ئوينايدۇ، بۇ خىل سىرلىق كۈچ ئادەم ئېڭىنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا چوڭقۇر يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىدا مۇشۇنداق بىر سىرلىق كۈچ باشتىن - ئاخىر مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى نۇرغۇن ئېچىلمىغان سىرلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ سىرلىق كۈچ بىلەن باغلىنىدۇ. چۈنكى ئادەم بەدىنىنىڭ ئۆزى ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ بىر سىستېما. ئەگەر بىز بۇنىڭ سىرىنى ئاچىدىغان بولساق، ئىنسانلار تارىخىدىكى نۇرغۇن تېپىشماقلارغىمۇ جاۋاب تېپىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئىنسانىيەت ئۆزىنى جەزمەن ئېنىق تونۇشى، بولۇپمۇ تەن بىلەن روھتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپلىك تۈزۈلۈشىنى ئېنىق تونۇشى لازىم.

ئەمدى بىز مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا، ئەنئەنىۋى مېدىتسىنا ئىلمىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلغان بىر مۆجىزىلىك ھادىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

بېيجىڭدىكى مەلۇم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلىك دېڭ جىڭ ئىسىملىك بىر قىز ئوقۇغۇچىسى نەپەس گىمپا ئۇستىسى يەن شىڭ ئەپەندىنىڭ بىر قېتىملىق دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن 1987 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ، تاماق يېمەي بەدەننى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت قەدىمكى مەشق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. ئۇ، شۇ كۈندىن باشلاپ ھازىرغىچە 2000 كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت بىر ۋاقىمۇ تاماق يېمىگەن، پەقەت ئاندا- ساندا قايناق سۇ ئىچكەن، ئۇ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بىرەر قېتىممۇ چوڭ تەرەت قىلمىغان، ھەتتا چوكا تۇتۇشنى ئۇنتۇپ كەتكەن.

1990 - يىلى يازدا، جۇڭگو ھەربىي تىببىي ئاكادېمىيىسى ئۇنى بىر قېتىم ئەستايىدىل تەكشۈرمەكچى بولۇپ، 30 كۈنگىچە مەخسۇس كۆزىتىپ سىناق قىلغان. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ھېچ نەرسە يېمەي، يېمەك - ئىچمەكنى پۈتۈنلەي تەرك ئەتكەن ھالەتتە ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان!

سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، بىر ئادەم ئالتە يىل تاماق يېمەي، يەنە ئوخشاشلا ساغلام تۇرسا، ئادەتتىكىدەك مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتسا، بۇنى قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟! بۇ، ھاياتلىق تارىخىدىكى بىر مۆجىزە ئەمەسمۇ؟ بۇ قىز زادى نېمىگە تايىنىپ ھايات يۇرۇۋاتىدۇ؟ ئۇ، ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئوزۇقلۇقنى، ئىسسىقلىقنى نەدىن ئالىدۇ؟ ھاۋادىن، مۇھىتتىن، ئۆسۈملۈكلەردىن ئالامدۇ؟ بۇنىڭغا ھازىر ھېچكىم قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيدۇ! بىز ئەزەلدىن، ئادەم بىۋاسىتە ئوزۇقلىنىش ئارقىلىق ھاياتىنى ساقلايدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش ھاۋادىن، سۇدىن كېرەكلىك تەركىبلەرنى ئېلىپ ئوزۇقلانمايدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن. لېكىن بېيجىڭلىق دېڭ جىڭ قىزنىڭ ئالتە يىل ھېچ نەرسە يېمەي، يەنە نورمال ياشاپ كېلىۋاتقانلىقى بۇ خىل قاراشنىڭ تازا ئىلمىي ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ قويدى.

خۇبېيلىق مەشھۇر نەپەس گىمپا ئۇستىسى، ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى لىۋ شىنيۇ سۇ ئاستىدا نەپەس ئالماي 70 مىنۇت جىم ئولتۇرالايدۇ ھەم سۇ ئۈستىدە چۆكمەي چازا قۇرۇپ ئولتۇرالايدۇ. ئۇ، سۇ ئاستىدا 70 مىنۇتقىچە نەپەس ئالماي، نېمىگە تايىنىپ ھايات تۇرالايدۇ؟ ئۇنىڭ بەدىنىدە زادى قانداق سىر بار؟!

ئۇ يەنە گىمپا بىلەن موي قەلەمنىڭ ئۆزىنى قەغەز ئۈستىدە ماڭغۇزۇپ خەت يازغۇزالايدۇ. يەنى، موي قەلەم ئادەم قولىنىڭ ياردىمىسىز ئۆزى ھەرىكەتلىنىپ، قەغەز ئۈستىگە بۇيرۇلغان خەتنى يازىدۇ. بۇ، گىمپا ئارقىلىق يىراقتا تۇرۇپ بىر خىل ماددىنى كونترول قىلغانلىق بولۇپ، بۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ! ئۇنىڭ نەق مەيداندا كۆرسەتكەن بۇ خىل ئالاھىدە ئىقتىدار ئويۇنى شىياڭگاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئادەم بەدىنىدىكى

ئالاھىدە ئىقتىدار توغرىسىدىكى كەسكىن مۇنازىرىدە يەكۈنلەش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسەتكەن، ياپونىيىدىمۇ چوڭ زىلزىلە پەيدا قىلغان!

جياڭسۇلۇق لى ليەنيۈەنمۇ 1994 - يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بېيجىڭ خەلقئارا مېھمانخانىسىنىڭ 1015 - نومۇرلۇق ئۆيىدە ماھارەت كۆرسىتىپ، بىرەيلەننىڭ تەلىپى بويىچە، بوشلۇقتىن نەرسە يۆتكەش گۇمپىسىنى ئىشلىتىپ، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى پەيدا قىلغان. 100 دوللارلىقتىن 10 دانە ئامېرىكا دوللىرى تىپى نومۇر رېتى بويىچە كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە يىراقتىن ھاراق، تاماكا، تىرىك ئۆردەك، غاز، بېلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى كەلتۈرگەن. لېكىن، ئۇ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: «بۈگۈن مەن ئويۇن كۆرسىتىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلدىم، بۇ نەرسىلەر ھامان بىرسىنىڭ خەزىنىسىدىن، دۇكىنىدىن، يانچۇقىدىن، ئۆيىدىن كېلىدۇ، ئۇنىڭغا زىيان بولىدۇ، شۇڭا، باشقىلارغا زىيان سالىدىغان بۇنداق ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەك!»

ليۇلى ئىسىملىك چېچخارلىق ئايالنىڭ ئاي ۋە يۇلتۇزلاردىن دورا تەلەپ قىلىپ ئالالايدىغان ئاجايىپ كارامىتى بار. ئۇ بىر قېتىم 80 ئادەمنىڭ ئالدىدا بۇ كارامىتىنى كۆرسەتكەن. دەسلەپ، ھەممە ئادەم بىردىن ئىستاكانغا قايناق سۇ قۇيۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا قويغان، ئاندىن ليۇلى گۇمپا ئىشلىتىپ، ئاسماندىن دورا تەلەپ قىلغان. بىر نەچچە مىنۇت ئۆتمەي 80% ئادەمنىڭ ئالدىدىكى ئىستاكانغا دورا چۈشكەن، يەنە كېلىپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدىدىكى ئىستاكانغا چۈشكەن دورىلار بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان. بۇنى كۆرۈپ كىشىلەر ھەيرانلىقتا چۇرقىرىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشكەن.

ليۇ لىنىڭ ئېيتىشىچە، ناھايىتى كىچىك، قۇيرۇقلۇق، يورۇق بىر يۇلتۇز ھەمىشە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرىدىكەن. ئۇ نەگە بارسا، يۇلتۇزمۇ شۇ يەرگە بارىدىكەن. گويا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلگەندەك شۇنداق يېقىملىق كۆرۈنىدىكەن، خۇددى بىر پارچە يورۇق نۇردەك ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ئايلىنىپ پىرقىرايدىكەن.

ئالەمگە ئۇچۇش تېخنىكىسى توغرىسىدا ھېچقانداق بىلىمى يوق، سۇنئىي ھەمراھنىڭ ياسىلىشى، قويۇپ بېرىلىشى توغرىسىدىمۇ ھېچنېمە بىلمەيدىغان بىر ئادەمنىڭ پەقەت ئالاھىدە ئىقتىدارغا تايىنىپ، سۇنئىي ھەمراھنىڭ قويۇپ بېرىلىشى توغرىسىدا شۇنداق ئېنىق ھەم تەپسىلىي مۆلچەرلىيەلىشى ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە. بۇنىڭغا قاراپ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل ئالەم بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىلمەيدىغان نەرسىسى بولمايدۇ. جياڭسۇلۇق چېن لىڭپىڭ ئەنە شۇنداق يۈكسەك ئىقتىدارغا ئىگە ئالدىن بىلگۈچى شەخس.

ئېلىمىز 1992 - يىلى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بەش قېتىم سۇنئىي ھەمراھ قويۇپ بەرگەن. شۇ چاغدا، مۇناسىۋەتلىك خادىملار زامانىمىزدىكى مەشھۇر ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى چېن لىڭپىڭنى تەكلىپ قىلىپ، ھەر قېتىم قويۇپ بېرىلىدىغان سۇنئىي ھەمراھنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا پىكىر ئالغان. چېن لىڭپىڭ سۇنئىي ھەمراھنىڭ مودېلىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالەم بوشلۇقىغا بىخەتەر، راۋان ئۇچۇش - ئۇچالماسلىقى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش - قازىنالماسلىقى، قويۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن قانداق مەسىلىلەرنىڭ سادىر بولىدىغانلىقى، قاچان قويۇپ بېرىش كېرەكلىكى ھەم ھاۋارايىنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلار توغرىسىدا ئالدىن مۆلچەرلەش ئېلىپ بارغان. كېيىنكى ئەمەلىيەت ئۇنىڭ مۆلچەرىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. مەسىلەن، ئۇ 1992 - يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قويۇپ بېرىلىدىغان «ئاۋشىڭ B1» ناملىق سۇنئىي ھەمراھ توغرىسىدا: «ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ، چاتاق راكېتانىڭ باش تەرىپىدە، مۇشۇ پېتى قويۇپ بېرىلسە، پارتلاش يۈز بېرىدۇ» دەپ ئالدىن ھۆكۈم قىلغان. لېكىن باشقۇرغۇچى خادىملار بۇ گەپكە تازا ئىشەنمەي، 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كەچ سائەت ئالتىدىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە راكېتاغا ئوت يېقىشنى بۇيرۇغان. نەتىجىدە، ئىش ھەقىقەتەنمۇ ئوڭۇشلۇق بولمىغان، راكېتانىڭ باش قىسمىدا راستىنلا پارتلاش يۈز بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، سۇنئىي ھەمراھنى قويۇپ بېرىش دەرھال توختىتىلغان.

ئىككىنچى قېتىم قويۇپ بېرىلىدىغان سۇنئىي ھەمراھ توغرىسىدا ئۇ: «قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن مەلۇم ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن ھەم ۋاقتىدا قايتىپ كېلەلمەيدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان. كېيىنكى ئەمەلىيەت ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ ئاپپارات پلېيونكىسى چاپلىشىپ قېلىپ، ئىشلەش ئىقتىدارىنى يوقاتقان، سۇنئىي ھەمراھنىڭ قايتىش ۋاقتىمۇ ئەسلىدە بېكىتكەن 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن كېچىكىپ، 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قايتىپ كەلگەن.

بەشىنچى قېتىم قويۇپ بېرىلىدىغان سۇنئىي ھەمراھ توغرىسىدا ئۇ: «قويۇپ بېرىش ئومۇمەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ، لېكىن مەن ئىككى قېتىم تەپسىلىي كۆردۈم، ھەر قېتىمدا ئاسماندا ئوت كۆرۈندى» دېگەن. نەتىجىدە، سۇنئىي ھەمراھنى قويۇپ بېرىپ 48 سېكۇنت ئۆتكەندىن كېيىن بازىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوت پۈركۈپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان راكېتانىڭ باش قىسمىدا تۇيۇقسىز ئوت لاۋسى پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرگەن.

ئەڭ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، چېن لىڭپىڭ بۇنداق دانالارچە ئالدىن مۆلچەرلەشنى سۇنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىلىشتىن نەچچە ئاي بۇرۇن بېيجىڭدە سۇنئىي ھەمراھنىڭ ئاددىي مودېلىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئېلىپ بارغان، ۋەھالەنكى، قويۇپ بېرىلىدىغان سۇنئىي ھەمراھ بىلەن راكېتالار بولسا بېيجىڭدىن نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى شىچاڭ دېگەن بازىدا بولغان.

ئومۇمەن، بەش قېتىملىق ئالدىن مۆلچەرلەشلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسەن چېن لىڭپىڭ ئەپەندىنىڭ دېگىنىدەك

بولۇپ چىقىپ، سۇنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش ئىشى بىر مۇنچە زىيان ۋە ئاۋارىچىلىقلاردىن ساقلىنىپ قالغان. شۇڭا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار چىن لىگېپىگىنىڭ بۇ مۆجىزىلىك تۆھپىسىنى تەقدىرلەپ، 200 مىڭ يۈەن مۇكاپات بەرگەن.

دۇنيانىڭ ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىنى ئېچىپ قارايدىغان بولساق، بۇنداق دانىشمەن، ئەۋلىيالارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ياشاپ ئۆتۈپ، ئاجايىپ سىر، مۆجىزىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

فرانسىيەدە 16 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر دانىشمەن ناستىرى دامس ئەنە شۇنداق ئالدىن بىلگۈچى ئەۋلىيالارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ 12 قىسىملىق تەۋەررۈك كىتابى «ئەسىرلەر» پۈتۈن دۇنياغا ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلمەكتە. بۇ ئەسەرنىڭ ھەر بىر قىسمىدا 100 كۇبلېتتىن شېئىر بار بولۇپ، پۈتۈن ئەسەردە جەمئىي 1200 پارچە شېئىر بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى دانىشمەنلەرچە ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئېيتىلغان نۇرغۇن ئىشلار ئالىملارنىڭ ئىزاھلىشىغا قارىغاندا، ناستىرى دامسنىڭ دېگىنىدەك چىقىپ، ئۇنىڭ راستلىق دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغان. شۇڭا ئۇ، دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىلىم ـ پەن ئەھلىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا فرانسىيە پادىشاھىنىڭ قاچان، قانداق ئۆلىدىغانلىقىنى؛ ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يۈز بېرىپ، گېتلېرنىڭ ياۋروپانى ئىگىلەيدىغانلىقىنى؛ ئاتوم بومبىسىدىن ئىبارەت كۈچلۈك بىر يادرو قورالىنىڭ ياپونىيىنى ئەڭ ئاخىر تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلايدىغانلىقىنى؛ فرانكو نىڭ ① گېرمانىيە بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلىدىغانلىقىنى. . . شۇ ئىشلار يۈز بېرىشتىن بىر نەچچە يۈز يىل بۇرۇن دانىشمەنلىك بىلەن ئېيتقان. كېيىنكى ئەمەلىيەتنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى راست بولۇپ چىققان، تارىختا يۈز بەرگەن. ئۇ پەقەت «گېتلېر» دېگەن ئىسمىنىڭ بىرلا خېتىنى خاتا ئېيتقان، فرانكونىڭ ئىسمىنى بولسا پۈتۈنلەي توغرا ئېيتقان (ئۇلار دۇنياغا كېلىشتىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن).

ناستىرى دامس يەنە تېخى يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى (پارس قولتۇقى ئۇرۇشى)، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە شۇ تۈپەيلى بېلىقلارنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ، ئادەملەرنىڭ غەلىتە تۇغۇلىدىغانلىقى؛ ئاياللاردىن ئالەم ئۇچقۇچىلىرى چىقىدىغانلىقى قاتارلىقلارنىمۇ 400 يىل بۇرۇن ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئېيتقان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشى ۋە ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقى نەتىجىسىدە، ناستىرى دامسنىڭ دانىشمەنلەرچە ئالدىن كۆرەرلىكى بولۇپ ئىسپاتلانغان.

ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئالاھىدە ئىدرەك ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەم. ئۇ شەيئىلەرنى زامان ۋە ماكاندىن زور دەرىجىدە ھالقىغان ھالدا رادىئوسلۇق سېزىم ② بىلەن بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىدرەك ئىقتىدارىنى ئۇنىڭ تۇغما قابىلىيىتى بىلەن ئۆزگىچە ھايات سەرگۈزەشتىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇ ئالاھىدە ئىقتىدار ھالىتىگە كىرگەن ۋاقىتتا، ناھايىتى يىراقلاردىن ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايدۇ. ئۇنىڭ ئەھۋالى ئەيسا پەيغەمبەر بىلەن ئۇنىڭ مۇرىتى يوھاننانىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ناستىرى دامس بىرەر نەرسىنى ئالدىن مۆلچەرلىمەكچى بولغاندا، ئۇ جەزمەن ئۆزى «كۆرگەن» سۈرەت ۋە مەنزىرىلەرنى ئاساس قىلىدۇ ۋە بۇنى بىۋاسىتە سېزىم شەكلىدىكى ئىدرەك بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ!

ئالاھىدە ئىقتىدارى بار ئادەملەر ئالاھىدە ھالەتتە تۇرغان ۋاقىتتا، رېئاللىق تۇيغۇسىنى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ، ئۇنىڭ ئالاھىدە ھالەتتىكى ۋاقتى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھالەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى تەپەككۇرى ئالاھىدە ھالەتتىكى تەپەككۇر، خۇددى ئادەم چۈش كۆرۈۋاتقان ۋاقىتتىكى چۈشنىڭ تەپەككۇرىغا ئوخشاش بولىدۇ. ئادەم چۈش كۆرۈۋاتقان ۋاقىتتا، چۈشىدە كۆرگەن ھەممە نەرسىگە ئىشىنىدۇ، ئۇنىڭدا رېئاللىق مەنتىقىسى بولمايدۇ. دەل ئاشۇنداق رېئاللىق مەنتىقىسى بولمىغانلىقى، ھەممىنى ئۇنتۇغانلىقى، قېلىپلاشتۇرۇلغان رېئاللىق مەنتىقىسىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوي ـ خىيالىدا ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ، ئاسماندا ئۇچالايدۇ، دېڭىزغا شۇڭغىيالايدۇ، ھەر قانداق توسقۇن ـ توساقلاردىن بىمالال ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، دۇنيادىكى نۇرغۇن سىرلىق ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يوشۇرۇن ئاڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ۋەھالەنكى، بىز ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى توغرىسىدا ئانچە چوڭقۇر بىلمەيمىز. ئىنسانلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى چەكسىز مول بايلىققا، چەكسىز كەڭلىككە ئىگە. يوشۇرۇن ئاڭ توغرىسىدا فىروئىد پەقەت ئەڭ دەسلەپكى بىر قاتلامنى ئېچىپ بەردى، بۇ قاتلامدىكى يوشۇرۇن ئاڭدا پەقەت پسىخىكىلىق ئېنېرگىيە ھازىرلانغان بولىدۇ. نەپەس گۇمپىسى بىلەن ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار توغرىسىدىكى تەتقىقات بىزگە تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق يوشۇرۇن ئاڭنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتتى. ئىنسانىيەتتىكى سىرلىق ھادىسىلەرنى ئېچىش توغرىسىدا يېزىلغان ماتېرىياللاردا مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ: ئەگەر فىروئىد تەتقىق قىلغان يوشۇرۇن ئاڭغا «بىرىنچى قاتلامدىكى يوشۇرۇن ئاڭ»، ئۇ ئۆزىدە پسىخىكىلىق ئېنېرگىيە ھازىرلىغان بولىدۇ، دەپ تەبىر بېرىلسە، ئۇنداقتا، «ئىككىنچى قاتلامدىكى يوشۇرۇن ئاڭ» دا فىزىكىلىق ئېنېرگىيە ھازىرلانغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ، بەزى نەرسىلەرنى جايىدىن يۆتكەپ قالماستىن، بەلكى ماددىلاردا ھەر خىل فىزىكىلىق، خىمىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلالايدۇ؛ ئەمدى «ئۈچىنچى قاتلامدىكى يوشۇرۇن ئاڭ»

① فرانكو: ئىسپانىيىنىڭ 1939 ـ يىلدىن كېيىنكى باش ۋەزىرى ھەم زۇڭتۇڭى.

② رادىئوسلۇق سېزىم ـ بەلگىلىك نۇقتىدىن چىقىپ، بەلگىلىك دائىرە ھاسىل قىلالايدىغان، خالىغانچە كېڭەيتىشكە بولىدىغان سېزىم.

يۇقىرى دەرىجىدىكى فىزىكىلىق ئېنېرگىيە بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق چاغدا بىز، بىراقتىن كۆمپا ئىشلىتىپ، ماددىلاردا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئۆزگىرىشلەرنى قىلغانلىقىنى كۆرىمىز، بۇ چاغدا، ھەتتا شامال چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرىدىغان ھادىسىلەر بولىدۇ؛ ئەمدى «تۆتىنچى قاتلامدىكى يوشۇرۇن ئاڭ» غا بارغاندا، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل - پاراستى، ئىدىيىسى ۋە روھى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ. فىروئىد ئېچىپ بەرگەن «بىرىنچى قاتلامدىكى يوشۇرۇن ئاڭ» ئۇيقۇلۇق ھالەت (چۈش كۆرۈش ھالىتى) تىكى، روھىي كونتروللۇقنى يوقاتقان، ئەس - ھوشى جايىدا بولمىغان ھالەتتىكى ھەرىكەتلىنىش بولىدۇ. ئەمدى ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى قاتلامدىكى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ھەرىكەتلىنىشى بولسا، ئالاھىدە ئىقتىدارغا كىرىشىش ھالىتى، نەپەس گۆمپىسىغا كىرىشىش ھالىتى بولىدۇ.

بىزدىكى يوشۇرۇن ئاڭ ئىدىيىمىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلانغان بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق، ئۇ ھەممە نەرسىنى خاتىرىلەيدۇ، ھەممە نەرسىنى قىلالايدۇ. مەسىلە بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن نورمال ئالاقە قىلىپ تۇرۇش - تۇرالماسلىقىمىزدا. ئادەملەردىكى يوشۇرۇن ئاڭ ناھايىتى چوڭقۇر يوشۇرۇنغاچقا، ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئاشكارا ئېڭى تونۇپ يېتەلمەيدۇ. لېكىن يوشۇرۇن ئاڭ مۇتلەق يوشۇرۇنغان ھالەتتىلا بولۇۋەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ھەر خىل «قىياپەتتە» ئاشكارىلىنىدىغان يولى ۋە شەكلى بولىدۇ. ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى ئادەتتە بوغۇلغان، چەكلەنگەن ھالەتتە تۇرىدۇ، ئۇ يوشۇرۇن كۈچ بىلەن ئاشكارا ئاڭغا تەسىر قىلىدۇ، قاچانكى ئاشكارا ئاڭنىڭ كونترول كۈچى بوشىغان ۋە يىمىرىلگەن ۋاقىتتا، ئۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە، ئوخشىمىغان شەكىلدە ئاشكارىلىنىپ چىقىدۇ...

ئىقرار قىلىشىمىز كېرەككى، ئىنسانلارنىڭ ئاڭغا بولغان بۇرۇنقى تەبىرى ۋە تونۇشى ناھايىتى يۈزە، ھەتتا خاتا بولغان. ئاڭدا بىز بىلىدىغان بەزى ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەردىن باشقا، يەنە ناھايىتى روشەن ھالدا فىزىكىلىق خۇسۇسىيەت ۋە فىزىكىلىق ئېنېرگىيە بار. ئاڭ ماددىنىڭ بىر ساھەسى، بىر قىسمى، بەلكى ئالاھىدە بىر قىسمى، بۇنداق قاراش ئادەم بەدىنىدىكى ھەر خىل ئالاھىدە ئىقتىدارلارنى ئىلمىي سىناق قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ ھازىرقى ئىلمىي تەپەككۇرىمىز شۇنداق بىر نەرسىگە ئادەتلەنگەنكى، جەمئىيەت بىلەن تەبىئەتنى، ئاڭ بىلەن ماددىنى، تەن بىلەن روھنى ئايرىپ قارايدۇ. لېكىن ئاڭ ئەسلىدىلا ماددىنىڭ ئالاھىدە تەركىبىي قىسمى؛ جەمئىيەتمۇ ئەسلىدە تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى. ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدا، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئارىسىدا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش بولىدۇ. بۇ خىل ئۇچۇرنىڭ مەنىسى ھازىرقى زامان ئىلىم - پەنى تونۇپ يەتكەن ئۇچۇرلارغا قارىغاندا ناھايىتى مول ۋە ناھايىتى چوڭقۇر بولىدۇ. ئادەم بەدىنى دەرىجىدىن تاشقىرى غايەت مۇرەككەپ بىر سىستېما. ئۇنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسىنى، پۈتۈن ئىقتىدارىنى ئىنسانىيەت تېخى ئېنىق تونۇپ يېتەلمىدى، ئىنسانىيەتتىكى ئەڭ زور بايلىق دەل ئۇنىڭ ئۆزىدە. بىز دۇنيانى ئاچقان ۋاقتىمىزدا، ئۆزىمىزنى ئېچىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم.

ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنى ھازىر تېخى ھېچكىم قول تەگكۈزمىگەن ئاقلىق دېيىشكە بولىدۇ. ئىنسانىيەت ئاي شارىغا چىقتى، مارس توغرىسىدا ئىزدەندى، لېكىن ئادەم بەدىنىنىڭ ئىقتىدارى توغرىسىدا ئانچە ئويلاشمىدى. بىز نۇرغۇن نەرسىلەردە پەقەت ھادىسىنى، نەتىجىسىنى كۆرىمىز، ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيمىز. بىز پۈتكۈل ئالەمنى چوڭ بىر مېڭە دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان ۋاقتىمىزدا، نۇرغۇن ھادىسىلەرنى چۈشەنمەك ئوڭاي بولىدۇ. ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى شۇنىڭ ئۈچۈن زامان - ماكاندىن ھالقىغان ھالدا تەسەۋۋۇر قىلىپ ئالەمنى ئىگىلىيەلەيدۇكى، ئۇ، ئالەمدىن ئىبارەت بۇ چوڭ مېڭىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى بولغانلىقى ئۈچۈن، خالاس. چوڭ مېڭە شەكلىدىكى ھەرىكەت ئالەمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ئىچكى ۋە ئەڭ يۇقىرى ھەرىكىتى بولىدۇ.

ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار ئادەم روھىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان بىر خىل سىرلىق كۈچ ۋە ئادەمنىڭ پىسخىك ھالىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر خىل ئالاھىدە روھىي ھادىسە. بىز بۇ خىل كۈچ بىلەن ئالاھىدە ھادىسىنى تونۇپ يەتمىگەن ۋاقتىمىزدا، ئۇ بىزنى قايمۇقتۇرىدۇ، ئۇ بىزگە سىرلىق نەرسە بولۇپ تۇيۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا قارىتا بىزدە بىر خىل خۇراپىيلارچە چوقۇنۇش پەيدا بولىدۇ. ئىنسانىيەت نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارغا نىسبەتەن ئىشەنمەسلىك، ھەتتا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب ناھايىتى ئاددىي: ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار ئارقىلىق نامايان بولغان مۆجىزىلەر بىلەن ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل زامان ۋە ماكان كۆز قارىشى، پۈتكۈل تەپەككۇر مەنتىقىسى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ھالدا بولغان بولىدۇ. بۇ مۇقەررەر ھالدا ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر مەنتىقىسى بىلەن زامان - ماكان كۆز قارىشىدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى تۈپ سىستېمىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ.

ئەگەر بىز ئۆزىمىزدە بۇرۇندىن بار بولغان كۆز قاراش، نەزەرىيە، تەجرىبە، رامكا، ئەمىر - مەرۇپ، ئەنئەنە، مەنتىقە، تەپەككۇر شەكلى ۋە تەپەككۇر ئادىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر چەتكە چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىمىزنى، قەلبىمىزنى، مېڭىمىزنى ھەقىقىي بوشلۇق ھالەتتە، ئەركىن - ئازادە ھالەتتە تۇتۇپ ئۇ نەرسىلەرنى تونۇساق، بىلسەك، ئۇ چاغدا بىز ئۇنىڭ ماھىيىتىگە نىسبەتەن بىر قەدەر توغرا ۋە ئىلمىي تونۇشتا بولغان بولىمىز.

شۇ مەقسەتتە، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى دۇنيانىڭ ھەر

قايسى جايلىرىدا، جۈملىدىن ئېلىمىزدىمۇ بىر مۇنچە ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرى قۇرۇلۇپ، نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلدى.

ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنى خەلقئارادا «روھىي ھادىسە» ياكى پسىخولوگىيە ئىلمىدىن ھالقىپ كەتكەن ھادىسە، دەپ ئاتايدۇ. بۇ جەھەتتىكى نەزەرىيىلەرنى بولسا «روھىي ھادىسە نەزەرىيىسى» دەيدۇ. 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، بۇ خىل ھادىسىلەر توغرىسىدا خەلقئارادا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات باشلانغان. 1882 - يىلى لوندوندا روھىي تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى. كېيىن بۇ خىل ئىلمىي جەمئىيەتلەر ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. ئۇ يەرلەردە بىر تۈركۈم پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار يېتەرلىك پاكىتلار ئارقىلىق، ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، راستلىقى توغرىسىدا بىر مۇنچە ئىلمىي ئىشلارنى قىلدى.

ھازىر دۇنيادا «ئادەتتىن تاشقىرى ھادىسىلەرگە قارىتا ئىلمىي تەكشۈرۈش كومىتېتى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خەلقئارالىق ئىلىم - پەن، مائارىپ تەشكىلاتى بار. ئۇ 1976 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ھازىر بۇ تەشكىلاتنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئەزاسى بار. ئۇنىڭ ھەيئەت رىياسەتى ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى 60 نەپەر تەبىئىي پەن مۇتەخەسسىسلىرى، پەيلاسوپلار، ئىنژېنېرلار ۋە سېھىرگەرلىك ئۇستىلىرىدىن تەركىب تاپقان. بۇ تەشكىلات دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەردە ئوتتۇرىغا چىققان ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرىگە ۋە ئالاھىدە ھادىسىلەرگە قارىتا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئىنسانىيەت نۆۋەتتە ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ سىرىنى ئاچىدىغان ۋاقىتقا يەتتى. ئىنسانىيەت تارىخى ئۈزلۈكسىز كەشىپ قىلىش، ئۈزلۈكسىز ھەقىقەتنى بايقاش تارىخى. ئۆز ۋاقتىدا گالىلىي يەرنىڭ يۇمىلاقلىقىنى، يەر شارىنىڭ قۇياشنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، نۇرغۇن ئالىملار، نۇرغۇن كىشىلەر قوبۇل قىلالمىغان. ئەمدىچۇ؟ ئۇ بىر يىمىرىلمەس ھەقىقەتكە ئايلاندى. ھازىر ھېچكىممۇ يەر شارى يۇمىلاق ئەمەس، دېيەلمەيدۇ، ھېچكىممۇ يەر شارى قۇياشنى دەۋر قىلىپ ھەرىكەتلەنمەيدۇ، دېيەلمەيدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ھازىرقى فىزىكا ئىلمى، بىئولوگىيە ئىلمى، پسىخولوگىيە ئىلمى ۋە مېدىتسىنا ئىلمى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان ئاجايىپ سىرلىق، مۆجىزىلىك پاكىتلارنى كىشىلەرنىڭ دەرھال قوبۇل قىلىپ كېتىشى ئانچە ئوڭاي ئىش ئەمەس، ئۇ خېلى ئازابلىق ئىش. چۈنكى ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بۇ پاكىتلار بىزنىڭ ئەسلىدىكى تەجرىبە ۋە نەزەرىيىلىرىمىزدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن، ئۇ ھازىرقى بارلىق مەۋجۇت بىلىم ۋە كۆز قاراشلار بىلەن قاتتىق توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. بۇ پاكىتلارنى قوبۇل قىلىش جەريانى مۇقەررەر ھالدا كونا تەپەككۇر، كونا تەجرىبە ۋە كونا بىلىملەردىن ۋاز كېچىش جەريانى بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئىلىم - پەنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ خىل ھادىسىلەرنى مەۋجۇت ئەمەس، دېگىلى بولمايدۇ. ئىلىم - پەن بۇرۇنقىغا قارىغاندا راۋاجلانغان، تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخى نۇقتىسىدا تۇرۇپ، يەنە 100 يىلدىن كېيىن، مىڭ يىلدىن كېيىن قارايدىغان بولساق، بۈگۈنكى ئىلىم - پەننىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىدا ناھايىتى گۆدەك ھالدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. شۇڭا، نۇرغۇن ھادىسىلەرنى بۈگۈنكى ئىلىم - پەننىڭ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەنلىكى نورمال ئەھۋال، بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ كەتمەسلىك كېرەك.

ئىلىم - پەننىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ بەزىسى تۇغما بولىدۇ؛ بەزىسى مەلۇم تاسادىپىي ئىشلارغا يولۇقۇش، مەسىلەن، كېسەللىك، يەر تەۋرەش، چاقماق تېگىش، مېتېورىت تاشلىرىنىڭ يەرگە چۈشۈشى، تەقدىردە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش بولۇش قاتارلىق ھادىسىلەردىن كېيىنكى تەسىردىن پەيدا بولىدۇ. يەنە بەزىسى بولسا، نەپەس گۆمپىسىنى مەشىق قىلىش ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ.

جىلىڭ شەھەرلىك مۇزېيدا ئىشلەيدىغان ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى ۋاڭ يۈچىڭنىڭ بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار 1976 - يىلى ئۇ ناھەق زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، تۈرمىدە بىر خىل نارازىلىق بىلەن كۈن بويى جىم ئولتۇرغان ۋاقتىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان. يەنى، بىر كۈنى ئۇ ئاشۇنداق جىم ئولتۇرغان پەيتتە، تۇيۇقسىز كاللىسى «ۋاڭڭىدە» يېرىلىپ چاچراپ چىقىپ، يەنە ھايال ئۆتمەي ئورنىغا قايتىپ كەلگەندەك بىر ھالەتنى ھېس قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئوي - خىياللىرىنى بىلىۋالىدىغان، بار نەرسىنى يوق قىلىدىغان، يوق نەرسىنى بار قىلىدىغان. . . ئالاھىدە ئىقتىدار پەيدا بولغان. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ كاللىسى «پارتلىغان» ھېلىقى دەقىقە دەل ئاسماندىن بىر پارچە غايەت زور مېتېورىت تېشىنىڭ جىلىڭغا چۈشكەن ۋاقتى ئىكەنلىكىنى بىلگەن. دۇنياغا مەشھۇر بۇ چوڭ مېتېورىت تاشنىڭ تۇيۇقسىز يەرگە چۈشۈشى ئۇنىڭدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولغان. ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ قۇربانجان تۇرەكتىكى ئالاھىدە ئىقتىدار زادى قانداق پەيدا بولغان؟

مەن ئۇنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا، ئۇ ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن تۆۋەندىكىلەرنى ئاشكارىلىدى. مەن شۇ چاغدا يېزىۋالغان ئەينەن خاتىرە مۇنداق:

«مەن مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزا ئوي بوغداي كەنتىدە تۇغۇلۇپ ئۆستۈم. دادامنىڭ ۋە باشقا مويسىپىتلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۈچىنچى بوۋام موللانىيازغوجا ئانچە تەكشى ئادەم ئەمەس ئىكەن. ئاندا - مۇندا كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ قويىدىكەن. بەزى چاغلاردا ئۇ دولان دەرياسىدىن كېمىگە چۈشمەي، كېمىدىكىلەر دەريادىن ئۆتكۈچە ئۇ ئاللىقاچان ئۇ قاشقا ئۆتۈپ،

كېيىندىكىلەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدىكەن؛ بەش - ئالتە ئادەم كۆتۈرەلمىگەن ياغاچنى ھاسىسى بىلەن بىرنىــى ئۇرۇپ قويۇپ، بىر قولى بىلەنلا يەلكىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭالايدىكەن؛ چىشى ئاغرىپ قالغانلارنىڭ ئاغزىغا بىرلا: «سۇف»، دەپ، چىش ئاغرىقىنى توختىتىدىكەن...

بۇۋام موللانىياز ئۇلار ۋاقتىدا ۋەسىيەت قىلىــپ مۇنداق دەپتىكەن: «بىزنىڭ ئىچىمىزدە سىر بار، مەن ئۆلگەندىن كېيىن بۇ سىر 3 - ئەۋلاد ئىچىدىكى قۇربان ھېيتتا تۇغۇلىدىغان بىرسىگە كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمىنى قۇربان قويۇڭلار!»

دېگەندەك، مەن 3 - ئەۋلاد ئىچىدە قۇربان ھېيتتا تۇغۇلۇپتىمەن، شۇڭا ئىسمىمنى قۇربان قويغانىكەن. مەن 12 ياش ۋاقتىمدا، ئىشىك ئالدىدا ئوتتۇن يېرىۋاتسام، ھاشىم سىراج ئىسىملىك بىر تاغام يېنىمغا كېلىپ، ماڭا ئەتراپتىكى ئۆي - جاي، دەل - دەرەخ ۋە مەھەللىلەرنى كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ نام - ئەھۋالىنــى سورىدى. مەن ھەممىنى ئېيتىــپ بەردىم. شۇ چاغدا تاغام مېنــى ئولتۇرغۇزۇپ: «بالام، مەن بۈگۈن كېچىدە ئۇ دۇنياغا كېتىمەن، شۇڭا، ئەتراپتىكى نەرسىلەرنــى كۆرۈۋالاي، دېدىم»، دېدى. مەن بىر توپ يېلىملىق جىگدىنىڭ غولىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغانىدىم، بىر چاغدا بىرسى: ئارقاڭغا قارا، دېگەندەك قىلدى، قارىسام ھېلىقى جىــگدە سۆڭەكتەك ئاپىلىنىپ قاپتۇ. شۇ كېچىسى دېگەندەك تاغام تۈگەپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ھەمىشە ئاشۇ جىگدىگە قارايدىغان بولۇپ قالدىم، ئۇ جىــگدە مېنىــڭ كۆزۈمگە سۆڭەك كۆرۈنەتتى، لېكىن ئاتا - ئانامنىڭ كۆزىگە بولسا يەنىلا جىگدە كۆرۈنىدىكەن. مەن ئۇنىڭ شېخىدىن سۆڭەكنىــڭ يۇپۇرمىقىنى ئۈزۈۋېلىپ بەرسەم، ئاتا - ئانام ھەيران بولۇپ: «بالام، سەن نېمانداق جىگدىدىن سۆڭەكنىڭ يوپۇرمىقىنى ئالىسەن؟»، دەيتتى. كېيىن، مەن كەچلىرى ھېلىقى جىگدىگە (ماڭا سۆڭەك كۆرۈنىدىغان) قارىسام، ئۇنىــڭ ئۈستىدىن بىــلەكتەك يوغانلىقتىكى بىر ئوت چىقىــپ، بارا - بارا يوغىناپ، كېيىن يوقاپ كېتەتتى. ئاتا - ئانامنى ئەپچىقىــپ كــۆرسەتسەم بۇ ئوت ئۇلارغا كۆرۈنمەيتتى.

13 ياش ۋاقتىمدا، 9 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئادىتىم بويىچە مەكتەپتىن قايتىــپ كېلىپ، ئۆستەڭ بويىدىكى دۆڭلۈكتە ئولتۇرۇپ قوي بېقىۋاتاتتىم. تۇرۇپلا مېنى بەكمۇ تاتلىق ئۇيقۇ باستى. ھەر قانچە قىلسامۇ بولالماي، ئاستا - ئاستا ئۇخلاپ قالدىم. قويلار پىتىراپ زىرائەتلەرگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئاڭغىچە دادام مېنى تۇۋلاپ، ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالماي، ئاخچىقىدا قويلارنى ئۆيگە ھەيدەپ كېتىپتۇ. مەن شۇ كېچىسى ئۆيگە قايتماپتىمەن. ئەتىسى، ئۆگۈنىمۇ يوق بوپتىمەن. ئاتا - ئانام ئەنسىرەپ، تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدەپتۇ، ئاخىر ئون نەچچە كۈن بولغاندا مېنى ھېچ يەردىن تاپالماي، ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دەپ قاراپ، يۇرتقا نەزىر - چىراغلىرىمنى بېرىپتۇ. لېكىن مەن 17 - كۈنى يەنىلا ئاشۇ دۆڭدە ئويغىنىپ ئەسلىمگە كەلدىم، ئۆزۈمدە 17 كۈن ئەمەس، بەلكى 17 مىنۇتلا ئۇخلاپ قالغاندەك سېزىم بار ئىدى. شۇ كۈنى ئويغىنىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا قاتتىق كېسەل بولۇپ كەتتىم، كۈندۈزى ساق ئىدىم، ئەمما كېچىسى ئۇخلىيالماي، پۈتۈن بەدىنىم قىزىپ، ئاغرىپ بىئارام بولاتتىم. بۇ كېسەل بىرەر ئاي داۋام قىلدى. ئۆيدىكىلەر دوختۇرغا ئاپاردى، تــۇۋىپقا كۆرسەتتى، داخانغا ئوقۇتتــى، باخشــىغا باقتۇردى. ئىشقىلىپ ھەممە سەۋەبلەرنى قىلىپ باقتــى، لېكىــن كېسىلىم تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. كېيىن كېسىــلىم تۇيۇقسىزلا ئۆزلۈكىدىن ئوڭشىلىپ قالدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يەنــى بوغداي تېرىۋاتقان ۋاقــىتتا، كۈندۈزى مەھەللىنىڭ سىرتىدا قوي بېقىپ يۈرەتتىم. كۆز ئالدىمدا تۇيۇقسىز ئاپئاق ساقال، نۇرانە چىراي بىر ئادەم پەيدا بولۇپ: «بالام، سەن خىسلەتلىك بالا، سەن ئۆمۈر بويى تاماكا چەكمە، ھاراق ئىچمە، ھارام ئىشلارنى قىلما، يېقىندا ساڭا سىر كېلىدۇ، ئۇنى تۇتۇۋالساڭ، ئۆمۈر بويى ساڭا ئامەت يار بولــىدۇ، تۇتۇۋالالمىســاڭ، خەۋپكە ئۇچرايسەن، ئامىــن ئاللاھۇ ئەكبەر...»، دەپلا يوقاپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەندە بىرەر ئىشقا قىزىقىش پەيدا بولدى، مەسىلەن، قولۇمغا بىرەر نەرسىنى ئېلىپ، بۇ نەرسە يوقامدۇ - يوق، دەپ ئويلايتتىم، تۇيۇقســىزلا قولۇمدىكى نەرسە يوقاپ كېتەتتى ياكى باشقا يەرلىرىمگە ئۆتۈپ قالاتتى...

كېيىن ھەربىيگە قاتناشتىم، ھەربىــيدە يۈرۈپمۇ قولۇمدىن قەرت ۋە باشقا نەرسىلەر چۈشمەيتتى، ئاللىقانداق



قۇربانجان ماھىنۇر قاسىم، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئىسمائىل ئەھمەد، سادانوف زاھىر، يۈسۈپ مۇھەممىدى قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن

ھۈنەرلەرنى قىلىپ باقاتتىم. كېيىن چاغانتوقايدىكى چېگرا توقۇنۇشىغا قاتناشتىــم، ئوق تەگدى، ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىدىم. لېكىن يەنە

بېقىنىمدىكى ئوق تەگكەن تۆشۈككە توپا تىقىپ قاننى توختاتتىم، ئۈچ يەرگە ئوق تېگىپتىكەن، بىر كېچە دەرەخنىڭ دالدىسىدا قان ئىچىدە ياتتىم، ئەتىسى مېنى يۆتكەپ كېتىپ داۋالاتتى، تېزلا ياخشى بولۇپ قالدىم. كېيىن ھەربىيدىن كەسىپ ئالمىشىپ، خېلى يىللارغىچە مەكتەپ ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىدا سۇ كادىرى بولۇپ ئىشلىدىم. بۇ قېتىم بەزى ھۈنەرلىرىمنى كۆرگەن رەھبەرلەر مېنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىرىك ئۆمىكىگە يۆتكەپ ئەكەلدى...»

قۇربانجان تۇرەكنىڭ ئۆز تۇرمۇشى، تەقدىرى ۋە غەلىتە سەرگۈزەشتىسى ھەققىدە بىلىدىغانلىرى ئەنە شۇنچىلىك. ئەگەر ئۇنىڭدىن ھەر قايسى سورۇنلاردا ئۆزى كۆرسىتىۋاتقان كارامەتلەرنىڭ سىرى ھەققىدە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ سورالسا، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ھەممە ئىشنىڭ ئىگىسى بار» دەپلا قويىدۇ.

ئۇ، مۇشۇ كۈنگىچە بولغان 42 يىللىق ئۆمرىدە، ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك پاكلىق، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ھالاللىققا ئوخشاش خىسلەتلەرنى ئۆز ۋۇجۇدىدا تولۇق يېتىلدۈرگەن ۋە شۇنداق كۈچلۈك بىر ئەقىدە بىلەن ساپ ھەم سەمىمىي ياشاپ كەلگەن. ئۇنىڭ يىراق - يېقىندا نامى چىقىپ، كۆرسەتكەن ئويۇنلىرى كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى تارتقان بىر ۋاقىتتا، مەلۇم بىر «خان جەمەتى» ئىشرەتخانىسى ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇنىڭ ھۈنەر - كارامەتلىرىنى تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشنىڭ دەسمايىسى قىلىش مەقسىتىدە، ئۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە يىللىق توختام تۈزمەكچى بولغان. دەسلەپكى كېلىشىمدە، ئۇنىڭغا ھەر ئايدا 3500 يۈەن ئىش ھەققى بېرىش، 150 يۈەنلىك ياتاقتا ھەقسىز يېتىش، يۇقىرى ئۆلچەملىك يېمەك - ئىچمەكتىن بەھرىمەن بولۇش بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ھېسابىغا قۇربانجان تۇرەك ھەپتىدە ئۈچ مەيدان ئويۇن كۆرسىتىش، ئەگەر خېرىدارلار تەلەپ قىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ خاس ھۇجرىلىرىغا كىرىپ، ئۇلار خالىغان ئويۇنلارنى كۆرسىتىپ يۇقىرى ھەق ئېلىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن.

ئەگەر بۇ ئىشقا، كۆزىنى پۇلغىلا تىككەن كىشىلەرنىڭ نەزىرى بىلەن قارىغاندا، ئۇنى قۇربانجان تۇرەككە كەلگەن چوڭ بىر ئامەت دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى كېچە - كۈندۈز سۇ بىلەن لايغا مىلىنىپ ئىشلىسىمۇ ئايلىق مائاشى 200 يۈەندىن ئاشمايدىغان جاپاكەش بىر ئادەمنىڭ بىردىنلا خان ئوردىسىدەك ئېسىل يەرلەردە يېتىپ - قوپۇپ، ئېيىغا يەنە 3500 يۈەن مائاش ئېلىشى ھەقىقەتەنمۇ تۇيۇقسىز كەلگەن تەلەي - ئامەت! لېكىن، بۇ رەڭگارەڭ چىراغ ئاستىدىكى ئاجايىپ مالامەتلەر بىزنىڭ خىلۋەت يەرلەردە ئاددىي - ساددا ياشاپ كەلگەن ئىمانى كۈچلۈك قۇربانجاننىڭ كۆزىگە سىغمىدى. بۇ يەردە كۆرگەنلىرى ئۇنىڭ دولانلىقلارغا خاس غۇرۇرىغا، پاك ئەقىدىسىگە، يىگىتلىك ۋىجدانىغا ھار كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «قۇرۇسۇن بۇنداق ھەشەمەتلىك تۇرمۇش بىلەن 3500 يۈەن ئايلىقى!» دەپ قول سىلكىدى.

ھازىر قۇربانجاننىڭ خەلق ئىچىدىكى تەسىرى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە. ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرى، دوستلىرى، چوقۇنغۇچىلىرىمۇ كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە. ئۇ ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ياخشى پىسخىك مۇھىت، ياخشى كەيپىيات، ئىشەنچ، قايىللىق ۋە ھۆرمەت قاتارلىق ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئۇنىڭ ئىقتىدارى تېخىمۇ ياخشى جارى بولۇپ، تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ ۋە يېڭى - يېڭى كارامەتلەرنى مەيدانغا چىقىرىۋاتىدۇ.



قۇربانجان مەملىكەتلىك مۇسابىقىدە

بەزى ئادەملەر ھازىرچە بۇ ئىشلارنى چۈشەنمىسىمۇ، بۇنداق كارامەتلەرنىڭ راستلىقىغا، مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنمىسىمۇ، لېكىن ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان بۇ ئاجايىپ سىرلار يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە، بىرسى، پەن - تېخنىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ؛ يەنە بىرسى، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنى ئېچىش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ. ئىنسانىيەت ھەمىشە يېڭى پاكىتلار بىلەن كونا نەزەرىيىنىڭ ئۈزلۈكسىز توقۇنۇشى ئىچىدە تۇرىدۇ. بىز كونا ئەسىر بىلەن خوشلىشىپ، يېڭى ئەسىرنىڭ پارلاق مەنزىرىسىنى كۈتۈۋالايلى، كونا تەپەككۇرنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى مەدەنىيەتنىڭ ئۇپۇق سىزىقىغا دادىل قەدەم تاشلايلى! **M1**

**1995 - يىل ماي، ئۈرۈمچى**

* مۇئەللىپنىڭ ئالاھىدە ئەسكەرتىشى: ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان خەنزۇلار ئىچىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرى بىلەن باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار شۇيېتسىيىنىڭ مەركىزى ستوككىلىمدا ئەسىر قىلىنغان ن ئۆزبېكچە «ئىنجىل» بىلەن يازغۇچى كې يۇنلۇنىڭ «بۈگۈنكى جۇڭگو» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۈچ توملۇق «ھاياتلىقتىكى ئالاھىدە ھادىسىلەرنى تەكشۈرۈش» ناملىق كىتابلاردىن ئېلىندى.





(ئەدەبىي ئاخبارات)

## ھاجى ئاتىكە مىر ئەھمەت

يىرىم كېچە. كۆزۈمدىن ئۇيقۇ قاچقان. شۇتاپتا، ھۆرمەتكە سازاۋەر پېشقەدەم تارىخچى نىزامىددىن ھۈسەيىن ئاكىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىل 1 - 2 - سانلىرىنىڭ «ئەينەك» سەھىپىسىگە بېسىلغان «بىزدىكى نەسلىگە ۋاپاسىزلىق»، «بىزدىكى بالا خاپىلىقى» ناملىق ئۆتكۈر تىل، چوڭقۇر مەناغا ئىگە ئىبرەتلىك ماقالىلىرىنى قايتا - قايتا ئوقۇماقتىمەن. «مەكتەپلەر مېھىر - شەپقەتتىن، جامائەت ۋە جەمئىيەت مېھىر - شەپقەتتىن مەھرۇم قىلىپ، مائارىپسىز - نادان قىلىنىۋاتقان، ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتقان، بۇزۇلۇپ تۈگىشىۋاتقان، ھالاكەتلىك تۇرمۇش ساھەلىرىنىڭ ھەممە قىسمەتلىرىدە تېڭىرقاپ يۈرگەن» ئاز بولمىغان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ تەقدىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ۋۇجۇدۇمنى چايان چېقىۋالغاندەك ئاچچىق ئازاب سانجىپ ئۆتمەكتە.

جەمئىيىتىمىزدە پۇلغا چوقۇنۇش باش كۆتۈرگەندىن بۇيان، ئادەملەر ئەخلاقىي جەھەتتىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇشقا يۈزلىنىپ رەزىل قىلمىشلارنىڭ يامراپ



كەتكەنلىكى، جۇملىدىن ئىشسىزلىقتىن لەلەڭلەپ يۈرگەن كۆرمىگىلىغان نۇۋەر قىز - ئوغۇللىرىمىزنى شۇنچە تېز كاردىن چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ تىنچ - خاتىرجەم كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ، تۈگىمەس - پۈتمەس دەرد - ئەلەم، غەم - غۇسسىگە قويۇۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە ئايان بولغان ئاددىي پاكىت. گۇمران بولۇۋاتقان ۋە ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتقان بۇ ئەقلى كەم ياش - يۆسەنلەرنى يامان يولدىن كىم توسىدۇ ۋە قاچان قۇتقۇزىدۇ؟ ھەر خىل رېستورانلارنىڭ «ئۇلپەتچىلىكى» گە تاللىنىۋېلىنغان چىرايلىق، پاك، سەبىي قىزلىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىز قىسمەتلەرنى كىم ئۆزگەرتەلەيدۇ؟ ھەممە ئەيىب شۇلاردىلا بولۇپ، بىزدە مەسئۇلىيەت يوقمۇ؟ دەرۋەقە، «ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ» . كىم ئۇلارنى ئۆزىگە تۇشلۇق ئىش تېپىپ ئىشلەپ ۋە ياكى ئاتا - ئانىسى تېپىپ بەرگەن ناننى يەپ بارغا قانائەت، يوققا سەۋر قىلىپ ئولتۇرمىسۇن، دەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەركە چوڭ قىلىنغان بىر قىسمىلىرى ھەقىقەتەن «نوچى» لىقتا چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ غايىسى غۇۋا، تۇمانلىق. كۆز نۇرىنى يۈز - كۆزنى ئالۋاستىدەك بوياپ، ساراڭلاردەك سەكرىشىۋاتقان يېرىم يالىڭاچ «مەدەنىيەت» ياۋايىلىرىنىڭ «گۈزەل» رۇخسارى بىلەن ئاق ئالۋاستىنىڭ ئېزىتقۇ تۇمانلىرى توسۇۋالغان. ئۇلار ھەددىدىن زىيادە ئەركىلىكى تۈپەيلىدىن ئائىلىنىڭ «بالا پادشاھى» بولۇۋالغان. ئۇ ئارزۇلۇقلار ئەمدىلىكتە بىكار تەلەپلەر توپىنىڭ ئاتامانى بولۇپ، يېڭىچە تەۋەككۇلچى لۈكچەكلەر گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرمەكتە. بۇنداقلار سادىر قىلىۋاتقان بىر -بىرىدىن قەبىھ جىنايى قىلمىشلار كىشىلەرنى ئارامخۇدا مېڭىش - تۇرۇش، جاھاندارچىلىق قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، دەككە - دۈككە ئىچىدە قويماقتا.

يەنە بىر قىسىملىرى «كىچىك ئىشنى ياراتماسلىق، چوڭ ئىشنى تاپالماسلىق» سەۋەبىدىن چۈشكۈنلىشىپ، يامان ئادەملەرنىڭ «خەيرىخاھ» لىقىغا ئىرىشىپ، ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا تۈيۈق يولغا كىرىپ قالماقتا.

گۇمراھلىق يولىغا مېڭىۋاتقان ياش ئەۋلادلارنى ئاتا - ئانا، جەددى - جەمەت، مەكتەپ، جەمئىيەت سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ، ئىدىيىۋى بېسىمنى ئازايتىشنىڭ تەدبىرىنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىپ، خالىسانە شەپقەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مېھرىنى ھېس قىلدۇرمىغاندا، جەمئىيەت ۋە مىللەت ئۈچۈن ئاپەت بولغان بىر تۈركۈم ياۋۇز جىنايەتچىلەر كۆپىيىدۇ، خالاس. بۇ ، جەمئىيىتىمىزدىكى ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى. ھەر بىر ئائىلە، ھەربىر ئاتا - ئانا، ھەر بىر ئوقۇتقۇچى: «ئەگەر شۇ بالا مېنىڭ بولسا؟ . . .» دېگەن سوئالنى ئۆزىگە قويۇپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى پىدائىيلارچە ئۆز ئۈستىمىزگە ئالالايدىغان بولساق، قىسقىسى، پۇلىمىز بارلار پۇل، ئەقلىمىز بارلار چارە - ئامال، تەربىيىلىگۈچى-لەر ئەجىر سىڭدۈرۈش يولى ئارقىلىق بۇلارنىڭ تۈيۈق يولدىكى چۈشكۈن قەلبىگە مېھىر - شەپقەت ئاتا قىلىپ، ئادىمىيلىك ئېڭىنى ئويغاتساق، مىللەت ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ كاتتا ۋە خەيرلىك ئىش بولامدۇ دۇنيادا؟ !

شۈكرىكىم، بىزدە ئۈمىد بار ئىكەن. تۆۋەندە سۆزلىمەكچى بولغانلىرىم، سىز - بىزدىن بۇرۇن ئويغىنىپ، مۇشۇ ئۇلۇغ ئىشقا بەل باغلاپ چىققان ئىككى ھىممەت ساھىبىنىڭ خەيرلىك ئىشلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمى. . .

## خاسىيەتلىك ئىش ئەل ئۇلۇغلىرىدىن باشلانغان



ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭ، چىرايىدىن بىر خىل

يىللىق نۇر بالقىپ تۇرىدىغان كەمتەرىن ۋە ئۇلۇغ سۈپەت بۇ ئادەم - بۈگۈنكى كۈندە قەشقەر شەھىرىدە ئەل - جامائەتنىڭ ھۆرمىتىدىكى مۆھتەرەم زات، «توققۇزتاش » مەسچىتىنىڭ ئىمامى ۋە خاتىبى، جۇڭگو ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شەھەرلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، تەرەققىيپەرۋەر دىنىي ئۆلىما ئابدۇلھەمىد داموللا ھاجىم.

جاھانىنىڭ ئىشى پۇلغا يۈزلەنگەندىن بۇيان، بۇ قەدىمىي شەھەردە پات - پاتلا ۋەھىمىلىك شۇم خەۋەرلەر تارقىلىشقا باشلىدى:

- بۈگۈن ئەتىگەن خام بازىرىدا 19 ياشلىق بىر يىگىت دوستى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ ئۇنىڭغا پىچاق سېلىۋېتىپتۇ. . .

- ئاخشام «ئۆستەڭبويى» دا بىر مەست ئالدىدىن

ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كىشىگە بىكاردىن بىكار پىچاق سېلىۋېتىپتۇ! ...

- تويا قىلدىم، تۈنۈگۈن ئاخشام باغچا كۆللۈكىگە بىر ياش يىگىتنىڭ ئۆلۈكى تاشلىنىپ قاپتۇ! - دېگەندەك ئەنسىز خەۋەرلەر كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇ - ئارامىنى هارام قىلدى. بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا يامراۋاتقان خىروئىن چېكىش، قىمار ئويناش، ئوغرىلىق، ياسقۇنچىلىق، بۇلاڭچىلىق، بۇزۇقچىلىق قاتارلىق يىرگىنچلىك جىنايى قىلمىشلار تەجرىبىسىز، نادان ياشلارنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋېلىش خەۋپى كۈنسېرى كۈچىيىپ قالدى. يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن ئاتا - ئانىلار كەچرەك قايتقان بالىلىرىدىن ئەنسىرەپ، نەسىھەتلىك ئېغىزلىرىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى. مەسچىت جامائىتى ياشلارنىڭ ئىنابىتىنى تىلەپ دۇئا - تەكبىر ئېيتىشتى. ئىشقىلىپ، ھەممىنىڭ كۆڭلىدە ئازغان ۋە ئېزىۋاتقان ياشلارنى توغرا يولغا باشلاش ئىنتىزارلىقى چىقىپ تۇراتتى. دەل شۇ كۈنلەردە بىر بۆلۈك ئاتا - ئانىلارنىڭ يىغانلىق ھەسرىتىنى تولا ئاڭلاپ ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى، تىلىغا غىزا تېتىماس بولۇپ قالدى. ئۇ، ئورۇنسىز جەڭگى - جېدەللەرنىڭ قۇربانى بولۇپ ۋاقىتسىز جېنىدىن جۇدا قىلىنغان بەختسىز ياشلارنىڭ تەقدىرىگە ئېچىناتتى. قىمارۋاز بالىلىرىنىڭ ئۆتتۈرۈۋەتكەن قەرزىنى تۆلەش يولىدا ھالىدىن كەتكەن ۋە كېتىۋاتقان بىچارە ئاتا - ئانىلارغا ھېسداشلىق قىلاتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىر تاپالمىغىنى ئۈچۈن تىت - تىت بولاتتى، قايغۇراتتى. ئۆزى قۇرغان ۋە روناق تاپقۇزۇۋاتقان، 13 ئادىمى بار بىر مىخچىلىق كارخانىسىنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىشكە قولى بارمايدىغان، ئاغزىغا غىزا تېتىمايدىغان، قۇلىقىغا گەپ خۇشياقمايدىغان غەلىتە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئويلاۋاتاتتى. ئويلىغانسېرى زېھنى ئېچىلىپ، پىكرى چوڭقۇرلىشىپ، بىر قىسىم يېقىن - يورۇقلىرى بىلەن پىكىرلىشىپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى. 1986 - يىلى 5 - ئاينىڭ بىر ئاخشىمى ئوي - خىيال ۋە پىلانلىرىنى ئۇلارغا بايان قىلدى:

- بۇرادەرلەر، بىلىم ئىنسانغا ئەقىل، ئازغانغا يول كۆرسىتىپ بەرگۈچى نۇرلۇق شام - چىراغدۇر. بىلىمسىزلىك بىزنى نادانلىققا، جاھالەتكە مەھكۇم قىلىپ، خارلىق - زەبۇنلۇق، تەپرىقىچىلىكنىڭ بارسا كەلمەس يولىغا باشلايدۇ. شۇڭا مەن ھار ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، بىر مەكتەپ ئاچايمىكىن دەيمەن ...

گەپنىڭ ئاخىرى چۈشمەيلا ئولتۇرغانلار تۇشمۇتۇشتىن قوللاشتى. مەرىپەتپەرۋەر يەككە تىجارەتچىلەر، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار بۇ قۇتلۇق خەۋەرنى خۇددى قاغجىراپ كەتكەن زېمىنغا چۈشكەن قۇتلۇق يامغۇرنى كۈتۈۋالغاندەك سۆيۈنۈش بىلەن ئالقىشلاشتى. ئۇلار يىغىپ - توككەن پۇللىرىنى ۋە تىجارىتىدىن كىرگەن كىرىمىنىڭ بىر قىسىم پايدىسىنى ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭ ئالدىغا مەردلىك بىلەن قويۇشتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا «يانچۇق بىلەن قولنىڭ ئارىلىقىدىكى ئالتە ئايلىق يول» مۇ قىسقىراپلا قالدى. ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭ بىر قانچە قېتىملىق جۈمە خۇتبىسىدىكى پاساھەتلىك نۇتقى بىلەن نىجاتلىق ئۈمىدىدە پىكرى ئېچىلىپ، كۆڭلى يايراپ قالغان ۋە بالىلىرىنى ھەقىقەتەن ئوقۇتۇشنى قالدۇرۇشقا كۆڭلى ئۇنىمايۋاتقان، ئەمما ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلى بالىلىرىنى ئاخىرغىچە ئوقۇتۇشقا كۈچى يەتمەيۋاتقان خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىغا بەكمۇ تەقەززا بولدى. يىلدا بىر قېتىم بېرىلىدىغان زاكات يوقسۇللار پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشقا سەرپ ئېتىلسە دۇرۇس بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەرغىباتلار مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا توپلىنىدىغان ئىئانىنىڭ كۆپىيىشىنى تېزلەتتى. جەمئىيەت ئەخلاقى مائارىپ بىلەن ياخشىلىنىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مائارىپ ئىدارىسى رەھبەرلىكى ئابدۇلھەمىد داموللام باشلىق جامائەتنىڭ مەرىپەت ئۈچۈن تاشلىغان دادىل قەدىمىنى ھايالسىزلا قوللىدى. ئۆمرى ياش ئەۋلادلارنىڭ دىلىغا ئىلىم سېلىش بىلەن ئۆتكەن پېشقەدەم مائارىپچى ھاجى مۇھەممەت يۈسۈپ ئۇيغۇرى ئابدۇلھەمىد داموللام قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر ئۆلىمالارنىڭ مەكتەپ سېلىشقا مۇناسىپ جاي ئىزدەپ، چېپىپ يۈرۈشىنى خالىمىدى - دە، ئۆزى نۇرغۇن يول مېڭىپ يۈرۈپ مەكتەپ سېلىشقا مىڭ تەستە ھەل قىلغان جاي (مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مەدرىسى) نى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۇلارغا ئۆتۈنۈپ بەردى. 1986 - 1987 - يىلى يىغىلغان 78000 يۈەن بىلەن 1987 - يىلى قۇرۇلۇش باشلاندى. ما؛ شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭمۇ تىنىمسىز كۈنلىرى باشلاندى. ئۇ ئىئانە يىغىش ئۈچۈن كۈنلەپ - كۈنلەپ جامائەتكە ۋەز ئېيتىپ، ئادەملەرنى تەسىرلەندۈرگەچكە نېمە جاپالارنى چەككەنلىكىنى، ياخشى - يامان گەپ، تۇرلۇك ئېغىر روھىي بېسىملارغا قانداقلارچە چىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇ، شۇ كۈنلەردە جىسمانىي جەھەتتىن ھېرىپ، روھىي جەھەتتىن قاتتىق چارچاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىسلام رەھمان، ئابدۇسوپۇر ھاجىم، مۇھەممەتئىمىن مەخسۇم، رەھمەتۇللا قارىملاردەك قابىل ۋە تىرىشچان ياردەمچىلىرى بولمىسا، ئۇ قانچىلىك ئىشنى رويابقا چىقىرالايتتىكىن. - ئاڭ! ئۇلار ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدىغا مىڭ تەستە بېرىپ، قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ قايىل قىلىپ، ئىككى - ئۈچ تەڭگە پۇل ئالغۇچە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلەتتى. بۇنى ئاز دېگەندەك ئۇلارنىڭ بېشىغا ياغقان ئاچايىپ - غارايىپ تۆھمەت، پىتنە - پاسات تاشلىرىنى دېمەيسىز تېخى: «كىم بىلىدۇ، زاكات ئالىدىغانغا، پۇل سارىخانىغا، قىلىپ مەكتەپ قۇرمىسىز دەپ پۇل يىغىپ، مىغ زاۋۇتىغا ئىشلىتەمدۇ تېخى»، «ۋاي خۇدايىم، زاكاتنى تامغا چاپلىغان نەدە بار؟

»، «مەكتەپ ئاچىمەن دەپ ھوقۇق تۇتماقچى، نەزىر بېيىش ھارام دەپ ئەھلى ئۆلىمالار ئارا نىزا پەيدا قىلماقچى»... دېگەندەك بىر - بىرىدىن قەبىھ ئىغۋالار قانات - قۇيرۇق چىقىرىپ شەھەردە ئۇچقۇر يۈرۈشكە باشلىدى. بىر قىسىم ئۆلتۈرۈش، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ سورۇنلىرىدا داموللامغا قارىتىلغان تەنە ۋە كىنايىلەر شەھەردىكى قىزىقارلىق پاراڭ تېمىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. يەنە بىر قىسىم ئىككى يۈزلىمىچى - ھەسەتخورلار كۆپرەك ئىئانە بەرگۈچىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ: «ساۋابلىق ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان پۇلنى خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ئوقۇتۇشقا تەسەررۇپ قىلساق، قانداقمۇ ساۋاپ تاپالايمىز» دەپ ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپسە، ئۆلىمالارنىڭ قېشىغا بېرىپ: «ئۇ ئۆزىنى ھەربىرلىرىدىن ئىلىملىك قىلىپ كۆرسەتمەكچى» دەپ ئوت قويرۇقلۇق قىلدى. ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭ بىگۇناھ ئەيىبلىنىۋاتقانلىقىغا ئېچىنغان يېقىن - يورۇقلىرى: «ھېلىتىن مۇنداق ئاھانەتنى ئاڭلىغۇچە نېمە قىلارلا مەكتەپ ئېچىپ. سىڭگەن نانلىرىنى يەپ، ۋاي داموللام بولۇپ تۆردە ئولتۇرىۋەرمەملا» دېيىشسە، يەنە بەزىلىرى: «بىر ئوبدان تىجارەتلىرى، تىنچقىنا ئۆي - روزىغارلىرى ئۆزلىرىگە يەتمەسمىدى؟ نېمانچىۋالا جاپا تارتىدىغانلا؟» دېيىشتى. ئابدۇلھەمىد داموللام قاتتىق ئازابلاندى. ياخشى نىيىتىنىڭ خەيرلىك نەتىجىسىگە ئالدىراۋاتقان بىر ئادەم ئۈچۈن بۇ نەقەدەر ئېغىر ئەلەم - ھە؟ «مەن ئۆز ئىشىمنىڭ خەلقىم ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنىكەنمەن، ئەلۋەتتە بەل قويۇۋەتمەسلىكىم كېرەك. بۇ ئىش مۇشۇنداق تۇترۇقسىز ئەپقاچتى گەپلەرنىڭ كاساپىتىدىن سۇغا چىلاشسا، بىلىمگە بولغان مۇھەببىتىم ساختا، ئەقىدەم سۇس بولغان بولامدۇ؟» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە شۇ كۈنلەردە. مالامەت ئوقلىرىغا نىشان بولۇپ، كۆڭلى ئازار يېگەن بولسىمۇ، قىلغان ئىشىنىڭ ھەقلىقلىقىغا بولغان ئىشەنچ ئۇنى قەيسەرلەشتۈردى. خالىسانە پۇل تەقدىم قىلغۇچىلارنىڭ ھىممىتى، سېخىيلىقى ئۇنى تەسىرلەندۈردى. يەككە تىجارەتچى ئىسلام رەھمان بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئورۇق، قاتقان، ساخاۋەتلىك قوللىرىنى ھەمىشە ئېچىپ تۇردى...

ئوقۇرمەنلىرىم، مەرىپەتنى قەدىرلىگۈچى قاچان پۇل كەملىدى دېسە، شۇ ھامان پۇل سانايدىغان مۇنداق خالىس نىيەتلىك ئادەمدىن ئارىمىزدا قانچىسى باردۇ؟ ئىسلام رەھماننىڭ بىلىم ئۈچۈن جانجان مەنپەئەتىدىن كېچىپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا كۆيۈنۈپ قىلىۋاتقان مەردانىلىقى بىلەن، ھەدېسە مىللىتىم دەپ قۇرۇق گەپ سېتىپ، ۋاقتى كەلگەندە شۇ مىللەتنىڭ مائارىپى ئۈچۈن بىر موچەن خەجلەشكە ئېرىنىدىغانلار ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك چوڭ پەرق بار - ھە؟ ياخشى ئىشنى قوللىغۇچىلاردىن ئەيىبلەيدىغانلارنىڭ كۆپ چىقىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئابدۇلھەمىد داموللاممۇ ئەل قاتارى بەرگەن 5000 يۈەن ئىئانىسىدىن ئاشۇ مەردلەرنىڭ ئالدىدا ئۆيۈلۈپ قالغاندەك بولمىدىمۇ؟...

قۇرۇلۇش باشلاندى. ئۇستاملار غايىبانە كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئارام ئېلىشنى ئۇنتۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئەڭ ئەرزان، ھەقسىز دېگۈدەك ئىشلەپ، ئىچىدىكى بارلىق ھۈنىرىنى چىقىرىپ، بۇ مەرىپەت باغچىسىنى تېز پۈتتۈرمەكچى بولۇشتى. تارىختىن بۇيان خەلقىمىز ئىلىم - مەرىپەتنى ئۇلۇغلىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىپ كەلگەن. مانا بۇ يىللاردا تېخىمۇ شۇنداق بولدى. مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللا بىننىي ئابدۇۋارىس قەشقەرىنىڭ تاشلىنىپ قالغىلى تالاي زامانلار بولغان مەدرىسىدىن خۇدايى خالىس ئىشلەيدىغان قۇرۇلۇشچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. «بالىلىرىم، بېرەي دېسەم پۇلۇم يوقكەن، ئۆزۈممۇ قېرىپ قالغان ئادەممەن، مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ روھىنى يادلاپ، ئەلنىڭ مەرىپىتى ئۈچۈن بىر خىشنى بولسىمۇ ئېلىشىپ بەرسەم، مەردلىك بىلەن پۇل سانىغان ئوغلانلار ئالغان ساۋابنىڭ بىر ئۈلۈشىگە ئېرىشىپ قالسام ئەجەب ئەمەس». بۇ، ھاسىغا تايىنىپ ئاران ماڭىدىغان بىر مويسىپىتنىڭ «ئاكا، سىلى كەتسىلە» دېگەن ياش ئۇستىكارلارغا قىلغان سۆزى. ھەممەتتىن تۈرلەگەن جامارەت 2600 كۋادرات مېتىر زېمىن ئۈستىگە ھەيۋەتلىك، كۆركەم، ئۈچ قەۋەتلىك، مىللىي ئۇسلۇبتىكى زامانىۋى ئوقۇتۇش بىناسىنى بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە دەسسەتتى. شۇنىڭ بىلەن 1988 - يىلى 4 - ئايدا ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى تىل كەسپىي تېخنىكومى بارلىققا كېلىپ، داغدۇغىلىق كاتتا ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنىڭ لېنتىسى كېسىلدى.

ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭ چارە - تەدبىر ئىزدىشى، مەرىپەتپەرۋەر خەلقنىڭ سېخىيلىق بىلەن پۇل ئىئانە قىلىشى نەتىجىسىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئىنتايىن نەپىس مىللىي مىماركارلىق ھۈنەر - سەنئىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن 1000 كۋادرات مېتىر، بەش قەۋەتلىك زامانىۋى مەكتەپ دوختۇرخانىسى، ئىككى قەۋەتلىك، 10 ئېغىز ياتاق بىناسى ۋە ئاشخانا، ئامبار، قاراۋۇللۇق ئۆيى قاتارلىقلار قەد كۆتۈردى. بۇ، خەلقنىڭ ئەجرى ھەمدەملىكى، ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭ ئىش بېشىدا تۇرۇشى، بىلىمنىڭ خاسىيىتى بىلەن تىكلەنگەن ئىلمۇ - ئىرپان ئابىدىسى ئىدى! خەلقنىڭ ئۆزىگە بىلدۈرگەن يۈكسەك ھۆرمىتى ۋە ئىخلاس - ئەقىدىسى ئابدۇلھەمىد داموللامنى چەكسىز سۆيۈندۈردى. ئۇنىڭ ئاممىباپ، راۋان، پاساھەتلىك نۇتۇق - تەپسىرلىرىدىن بىلىمگە ئىشتىياقى ئاشقان ئەل - جامائەتنىڭ پەرزەنتلىرىنى بەس - بەس بىلەن بۇ مەكتەپكە ئېلىپ كېلىشى، يېتىم - يېسىر، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار - قولى قىسقا 69 نەپەر

بالىنىڭ ياتاق - تاماق بىلەن ھەقسىز تەمىنلىنىپ، ئوقۇش راسخوتىنىڭ كۆتۈرۈۋېتىلىشى بۇ مەكتەپنىڭ بازىرىنى چىقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەر قايسى ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ، تېخنىكوملاردىن تەكلىپ قىلىنغان ئالىي ۋە ئوتتۇرا ئۇنىۋانلىق پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پىشقان - جانلىق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى ئالاھىدە يۇقىرى كۆتۈردى.

ئەمدى ئۇ، شۇ كۈنلەردە باشقىلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزى تەربىيىلىنىش كېرەكلىكىنى تېخىمۇ چۈشىنىپ، ئۆز ئىلمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىدا تېخىمۇ سەئيي - ئىجتىھات قىلدى.

ئابدۇلھەمىد داموللام ئەرەبچىنى پىششىق بىلىدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، تارىخى ۋە پەلسەپىسىنى پۇختا ئۆگەنگەنىدى. ئۇ، دىنىي ئىسلام بىلىملىرىگە كامىل بولۇپلا قالماستىن، پەننىي - ئىجتىمائىي بىلىملەرنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەچكە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسنى رېئال تۇرمۇشقا ناھايىتى جانلىق، ئەتراپلىق تەدبىقلاپ شەرھلەشكە ماھىر ئىدى. بۇ ئالاھىدىلىكلەر - ئەرەبچىنى سۆزلەپلا ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرەلمەيدىغان، رېئاللىقتىن چەتنىگەن ھالدا تەپسىر قىلىدىغان بىر مۇنچە ئۆلىمالارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىززىتىنى ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. ئۆزى بىلمەيدىغان نەرسىگە زورمۇزور كۆچەيدىغان، قۇرۇق - قۇرۇق پەندىي نەسىھەت قىلىدىغان ساختا دانىشمەنلەرنى كىممۇ ھۆرمەت قىلىدۇ دەيسىز؟ ئابدۇلھەمىد داموللام ئۆزى پىششىق بىلىدىغان ئىسلام قانۇنى ۋە مەدەنىيىتىگە ئاساسەن، «يامان بولىدۇ» دېگەن پەتىۋانىڭ سىڭىشى بىلەن يامراپ كەتكەن ۋە كېتىۋاتقان بىر بۆلۈك بىدئەتچىلىكنىڭ مىللەتنى ۋە مىللىي مەدەنىيەتنى خۇراپاتلىق ۋە خىلمۇ خىل نامۇۋاپىق قائىدە - يوسۇنلارنىڭ ئاسارىتىگە قۇل قىلىپ، ئېسىل ئىنسانىي ئادەمگەرچىلىكىمىزنى ئاستا - ئاستا كاردىن چىقىرىۋاتقان پاكىتلىرىنى ئەھلى جامائەتكە ئىلمىي ئاساستا جانلىق چۈشەندۈردى. مەسىلەن، نەزىر قىلىش (ئۈچى، يەتتىسى، ئازنا ئاخشام، قىرقى، يىل نەزىرە) نىڭ ئىسلامىيەتتە ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق بىھۇدە بىر ئىش ئىكەنلىكىنى، ئەگەر راستىنلا ئۆلۈمدە نەزىر بەرمەكچى بولسا، پېقىر - يوقسۇللارغا بېرىلىپ، ئۇلار يېسە ھالال، ئاش - نېنى ۋە پۇلى بارلار (ھازىرقى چاقىرىلىۋاتقان كىشىلەر) يېسە ھارام ئىكەنلىكىنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس ئارقىلىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. مۇشۇ يىللاردا ئەۋج ئېلىۋاتقان بەس - بەس بىلەن قەۋرە زىننەتلەشنىڭ ئارتۇقچە ئىشلاردىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى. توي - تۆكۈنلەردىكى ھەشەمەتچىلىك، ئابرويپەرەسلىك تۇپەيلىدىن مەيدانغا كەلگەن ئېغىر تويلۇق، ھالىغا قاراپ ھال تارتماسلىق، ئىسراپچىلىق قىلىش، «ئېغىر تويلۇق سالدى» دەپ قىز تەرەپنىمۇ كۆپلەپ «قىز مېلى» ئۇندۇرۇۋېلىش، نىكاھتا ئىختىيارىيلىقنى ئەمەس، پۇل ۋە ئىمتىيازنى ئاساس قىلىۋېلىش، ھەددى - ھېسابسىز بۇزۇپ - چېچىش؛ ۋېچىركا، ئۇ، بۇ خاتىرە كۈن. . . دەپ يوق ئىشلارنى چىقىرىپ، جەمئىيەت ۋە خەلققە ماددىي - مەنىۋى بېسىم پەيدا قىلىشتەك ناچار ئىللەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىغا بىئاراملىق، غەم - غۇسسە ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقى - خەلقىمىز ئۈچۈن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز يۈك بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۆز - ئۆزىمىزنى خانىۋەيران قىلىۋېتىدىغان مۇنداق ئىللەتلەرنى تۈزىتىشكە چاقىردى. بىزدە: «خەق كېيىمنى ئاڭلىسۇن دېمەڭ، ئۆزۈڭ ئەمەل قىل» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. شۇڭا، ئابدۇلھەمىد داموللام ئانىسى تۈگەپ كەتكەندە ھېچقانداق شەكىلدىكى نەزىرلەرنى قىلماي، «ساۋابى ئۈچۈن ئاتىغان» پۇلنى پېقىرلەرگە بەردى. ئۆزىمۇ ھەشەمەتلىك نەزىرە، ئادەتتىكى نەزىرە ۋە يېقىنلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىكى نەزىرلەرگىمۇ بارمىدى. چوڭ - كىچىك توي مەرىكىلىرىدە ئادەت بولۇپ قالغان پۇل سېلىنغان كونۋېرتلار ئالدىغا قويۇلغاندىمۇ ئۇنى سىپايىلىك بىلەن ياندۇردى. باشقىلار ئۇنىڭغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەدىقىنى ئالمايمەن، ئەمما ھەدىيىنى قوبۇل قىلىمەن، دېگەن. بۇ دېگەن ساھىبخانىنىڭ كۆڭلى ۋە ھەدىيىسى تۇرسا، نېمىشقا ئالمايدىلا؟» دېسە، ئۇ: «بىز مۇشۇنداق ئادەتنى ئەسىرلەردىن بۇيان ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن دىنىي كەسپدارلار بىرەر ھۈنەر، ئىش - ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتماي، ئاز - تولا ئەرەبچە - پارسچە يامداشنى ئۆگىنىۋېلىپلا خەقنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن ماراپ تاما بىلەن ياشاشنى ئادەت قىلىۋالدۇق. بۇ دىنىي ئىسلام يولىغا ئۇيغۇن ئەمەس. مەنمۇ شۇ تاماخورلۇققا ئۆگىنىپ قالماي دەپ كونۋېرت ئالمىدىم. بۇنى بەك بەرگۈسى كېلىپ كەتسە، مەندىن پەقىرراق بىرەرسىگە بەرسە، ساۋاب بولىدۇ ئەمەسمۇ؟» دېدى.

ئابدۇلھەمىد داموللام، كۈنسايىن مودا قوغلىشىپ، ئالا - يېشىل كىيىنىش، چوڭ يەپ چوڭ ئىچىش، كەيپ - ساپا، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ كەتكەن بىر قىسىم «ئەركىن» قىز - ئوغۇللارنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى بۇزۇلۇشنى - چۈشكۈنلۈك، چاكىنىلىق، ئازغۇن - گۇمراھلىقنى پەقەت مائارىپلا ئوڭشىيالايدۇ، دەپ ئىشەنگەچكە، بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشىگە، ھەتتا كىيىنىش، ئىجتىمائىي ئالاقە، ئۆز ئارا ھەمدوستلۇق، سالام - سەھەت، ئولتۇرۇپ - قوپۇش قاتارلىقلارغىچە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. مۇبادا سىز بۇ مەكتەپكە كىرىپ قالسىڭىز، خۇش تەبەسسۇم، چىرايلىق سالام ۋە ئەدەبلىك مۇئامىلىدىن كۆڭلىڭىز سۇ ئىچىپ دىلىڭىز سۆيۈنۈپ كېتىدۇ. مەكتەپ سەيناسىدا قوپال ۋارقىراشلار، ئەدەبسىز سۆزلەر ۋە كۆزگە سىغمايدىغان قىلىقلار يوق دېيەرلىك.

ئۇ «كىتابنى ئوقۇتۇش، ئادەمنىمۇ تەربىيىلەش»نى نىشان قىلغان ھالدا «2 - دەرسخانا پائالىيىتى»، تىببىي پراكتىكا، تىل مەشىقلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بەردى.

ئۇ ھەر يىلى رامزان ئېيىدىن بۇرۇن مەكتەپ كېڭەش ھەيئىتى ئارقىلىق يىللىق مەكتەپ خىراجىتىنىڭ چىقىم قىلىنىشىنى جەدۋەللەشتۈرۈپ، ھەر قايسى ساھەلەردىكى ئىئانىچىلەرنىڭ ۋەكىللىرىگە تارقىتىپ، دوكلات قىلىشنى ئۈزمەي داۋاملاشتۇرغاچقا، «داموللام پۇلنى تامغا چاپلىدى»، «ئۆزى يەپ كەتتى» دېگەندەك تۆتامى يوق ئىغۋالار گۇررىدە چىققان قۇيۇندەك بىر پىرقىراپلا يوقاپ كەتتى. بۇ مەرىپەت گۈلزارىنى تېخىمۇ كۆكلىتىش ئۈچۈن، ئۇ بىر تىيىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرۇپ، خەج - خىراجەت قىلدى. 1991 - يىلى ئۆزى ھەجدىن ئاشۇرۇپ كەلگەن 2635 ئامېرىكا دوللىرىنى بۇ مەكتەپنىڭ ئىشلىتىشىگە بەردى. ئۇ، بۇ مەكتەپنىڭ دوختۇرخانىسىغا قوبۇل قىلىنغان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى زىيادە ئېغىر ئاتمىش نەچچە بىمارنىڭ 30000 يۈەندىن ئارتۇق داۋالىنىش پۇلىنى كۆتۈرۈۋەتتى ۋە بەزىلىرىدىن ئىنتايىن تۆۋەن ھەق ئالدى. يىللىق، مۇلايىم، كەمتەر پوزىتسىيە كىشىلەرنىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە شىپالىق ئېلىپ كەلدى. داۋالاشتا «ئادەمنى ئاساس، پۇلنى قوشۇمچە قىلىش»تەك ئىنسانپەرۋەرلىك روھ ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭ تەشەببۇسى، ھەر قايسى دوختۇرخانىلاردىن قەرەللىك تەكلىپ قىلىنغان دوختۇرلارنىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن يالقۇنجاپ، بەش قەۋەتلىك، 36 شتاتلىق بۇ دوختۇرخانا خەلقنىڭ ھەقىقىي شىپا تاپىدىغان ماكانىغا، بۇ مەكتەپنىڭ تىببىي كۇرسلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ جانلىق، ئەمەلىي دەرسخانىسىغا ئايلاندى. مەلۇمكى، خەلقنىڭ زور ئۈمىد بىلەن بەرپا قىلغان بۇ مەكتىپىنى مۇنتىزىم مائارىپ - ئوقۇتۇش بىلەن ئۇزۇن يىللار شۇغۇللىنىپ كەلگەن نوپۇزلۇق مەكتەپلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغۇزۇش ئۈچۈن، پىشقان - تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ قويۇش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇلھەمىد داموللام تەكلىپ قىلىنغۇچىنىڭ ئورنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكى ئۆز ئورنىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تۈزگەن خىزمەت تۈزۈمىنى ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ئۆزىنىڭ خىزمەت ۋە ئوقۇتۇش جەدۋىلىنى تۈزۈشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇ، ھەر بىر ئوقۇتقۇچى ۋە دوختۇرنىڭ تەكلىپ قىلىنىدىغان ۋاقتى ۋە سائىتىگىچە بەلگىلەپ، مۇقىملاشقان بىر تۈزۈم جەدۋىلىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن قانچىلىك ئۇيقۇ - ئارامىنى قۇربان قىلغاندۇ؟ ئۇ، ئاز بولمىغان رىيازەتلەرنى چەككەن بولسىمۇ، مۇددىئاسىدىكى ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى، تونۇلغان داڭلىق دوختۇرلارنى ئۆز يېنىغا توپلىيالىغىنىغا خۇش. ئابدۇلھەمىد داموللام قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىر مەكتەپ مۇدىرى باشلىق توققۇز نەپەر ئوقۇتقۇچى ۋە دائىملىق تەكلىپ بىلەن ئىشلەۋاتقان 19 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن بولۇپ جەمئىي 28 نەپەر مائارىپ خادىملىرى بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، 12 سىنىپ، 692 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئالتە خىل تىل ۋە تىبابەتچىلىك كەسپى بىلەن نەتىجىلىك تەربىيىلەپ، لاياقەتلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى. ھازىر بۇ مەكتەپتە 565 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇماقتا. گەرچە 1994 - يىلغىچە، دۆلەت ۋە جەمئىيەت بۇ مەكتەپنىڭ دىپلومىنى ئېتىراپ قىلمىغان بولسىمۇ، بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ 90%تىن كۆپرەكى ئۆگەنگەن بىلىمىنىڭ شارائىتىدىن ئۆز ئورۇنلىرىدا مۇناسىپ خىزمەتلەرگە ئېرىشىپ ئوبدان ئىشلىمەكتە. بۇ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىچە ئابدۇلھەمىد داموللام ۋە بۇ مەكتەپ ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن ئىشلەۋاتقانلارنىڭ چەككەن رىيازىتى ھەقىقەتەن ئاز بولمىدى. راۋان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئوقۇتۇش ۋە داۋالاش تەرتىپى بەزى ئادەملەرنىڭ تۈرلۈك توسقۇنلۇقلىرى، پىتنە - ئىغۋا، تۆھمەتلىرىگە دۇچ كەلدى. ئۇلار بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا: «ئەرەب تىلى ئوقۇتۇق دەپ دىن دەرسى ئۆتۈۋاتىدۇ»، «بۇ تىل مەكتىپى ئەمەس، دىنىي مەكتەپ»، دەپ ئۇتقۇيرۇقلۇق قىلىشسا، «داموللام بىدئەت ئىش قىلدى»، «ئۇ ۋاھابى ئىكەن» دەپ بىلجىرلىدى. يەنە بەزىلەر كۆزنى يۇمۇپلا: «ئىئانىلار بىلەن تىجارەتنى ۋە مىغ زاۋۇتىنى تىكلىۋالدى» دەپ گەپ تارقاتتى. . . بۇنداق كەينى - كەينىدىن چىققان ئۆسەك گەپلەر تۈپەيلىدىن ئىئانە بەرگۈچىلەر 3 - يىلىغا كەلگەندە ئازلاپ كېتىپ، مەكتەپ مالىيەسى ئېغىر قىيىنچىلىق ئىچىدە قالدى. ھەي ئادەملەر، سىلەرنىڭ يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىشقا كۆنگەن ئېغىزىڭلار بولغان بىلەن نېمىشقىمۇ ئەقلىڭلار يوقتۇ؟ سىلەر بۈگۈن تېلېۋىزوردا كۆرگەن چولپاننى ئەتىسى ئىغۋا تارقىتىپ «ئۆلتۈرۈپ» بولىسىلەر. شۇ خۇي - پەيلىڭلار بىلەن، سىلەر ئۈچۈن، پەرزەنتلىرىڭلار ئۈچۈن جان قېقىۋاتقان بىر ئالىيجاناب، ئۇلۇغ ئادەمنىڭ خۇدايى خالىس، خەيرلىك ئىشىنىمۇ ئورۇنسىز گۇمان ۋە يامان غەرەز بىلەن سۇغا چىلاشتۇرماقچى بولۇۋاتىسىلەر.

ھەقىقەت ئۆزىنى - ئۆزى ئاقلىۋالىدۇ. قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۈمىكى بۇ «ئىنكاس»لارنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى پاكىتلار ئاساسىدا تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىدى. «سۈكۈت ۋە سەۋر - ئىجتىمائىي كۈچلەر ئاچقان بىر مەكتەپ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم» - دېدى ئابدۇلھەمىد داموللام چوڭقۇر ئويغا پېتىپ، - مەن جاپا تارتىپ، يەنە تەكشۈرۈش يېزىشىم ئېغىر كەلسىمۇ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرمەي، ئەمەلىيەتنى كۆرسەتمەي نە چارە؟ مۇنداق ئىشنىڭ بولغىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشىكەن، پات - پات ئۆزىمىزنى ئەينەكتە كۆرگەندەك كۆرۈپ تۇرىدىكەنمىز.»

شۇنداق، ئۇ ھېلىمۇ شۇ تەمكىنلىكى بىلەن، 42000 يۈەن ئوقۇش راسخودىنى كۆتۈرۈۋەتكەن نامرات - قولى قىسقا، بىچارە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتىپ - قوپۇشى ۋە ئوقۇشىنى ئويلايدۇ؛ شۇنداقلا، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارغا ئۆتەلمىگەن، تېخىچە بىرەر بىلىم يۇرتى ياكى ئىش ئورنىغا ئېرىشەلمىگەن كۆرمىگىلىغان ياشلارغا چىقىش يولى تېپىشنى ئويلايدۇ؛

قانداق قىلىپ، خەلق بەرگەن پۇلنى ياش بوغۇنلار ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشقا تەسەررۇپ قىلىپ، خەلقنىڭ مېھرى - شەپقىتىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئەلنىڭ ئالتۇن بۆشۈكلىكىنى تونۇتماقنى، پەرزەنتلىرىمىزنى نادانلىق ۋە جاھالەتنىڭ تورىدىن ئازاد قىلىپ، تەرەققىي قىلغان مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ بالىلىرىدەك ئىلىم - پەن ئاسمىنىدا ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرماقنى ئويلايدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپلىكىدىن يەنە نى - نى زور غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈككىلى نەۋاق. ئۇ ھازىر بۇ جايىنى مەكتەپ دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، بۇ كەسپىي تېخنىكومنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ قۇرۇش بىلەن بىرگە، بىر باللار باغچىسى، يېتىم قىزلار مەكتىپى ۋە مېيىپ - ئاجىزلارنىڭ پاراۋانلىق ئورنى قۇرۇشنى ئويلاپ، يەر ھەل قىلىشنىڭ كويىدا جىددىي يول مېڭىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خاسىيەتلىك ئىشى خەيرلىك بولغاي ئىلاھىم.

بىزنىڭ ئابدۇلھەمىد داموللام تۈركۈملەپ كېلىۋاتقان

# ئۇ يەنىلا مۇنبەردە

قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى پات - پاتلا ھاجى مۇھەممەت يۇسۇپ ئۇيغۇرى ئاچقان تىل كەچكى مەكتىپىگە ھەر خىل تىللار ۋە كەسپلەر بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئېلانلارنى ئاڭلىتىپ تۇرىدۇ. مەن بۇ ئىسمنى كۆپ ئاڭلاۋەرگەچكە ۋە ئۇنىڭ كەچكۇرسىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ خېلى كۆپىنى تونۇغاچقا، ئۇ زاتنىڭ ئاخىرقى دەم ئېلىش پۇرسىتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە قولغا كەلتۈرۈۋاتقان ئۇلۇغ نەتىجىلىرىدىن چەكسىز سۆيۈنىمەن. قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىن پېنسىيىگە چىققان بۇ پېشقەدەم مائارىپچى ئەمدى راھەتلىنىشكە، تۇرمۇشنى تىنچ مۇھىت ئىچىدە ئارامخۇدا ئۆتكۈزۈشكە تامامەن ھەقلىق ئىدى. بىراق ئۇ ئۆز خاتىرجەملىكىنى دەپ، قەلبىدە يېلىنجاۋاتقان مەرىپەتچىلىك ئوتىنى ئۆچۈرۈۋېتەلمەيتتى.



بۇ يىللاردا پاكىستاندىن تۈركۈم - تۈركۈملەپ كىرىۋاتقان ھەر خىل كىشىلەر قەشقەر شەھىرىدە قايناپ كەتكەنىدى. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلار بىلەن ئىرماش - چىرماش بولۇپ، ئازغىنا پۇل ئۈچۈن ئىپپەت - نومۇسىنى ساتقان ۋە سېتىۋاتقان بەزى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ پەسكەش تەبىئىتى ئۇنى قاتتىق يىرگەندۈردى. ھەر خىل شەكىل ۋە ئۇسۇل بىلەن پەردازلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان «80 - يىللار ياشلىرى» نىڭ ئاجايىپ - غارايىپ بىمەنە قىلىقلىرى ئۇنى نومۇس ئوتىدا پۇچۇلىدى. ئۇ، ئانچە ئويلىنىپ تۇرمايلا: «مېنىڭ قورۇقتىن قورۇق دەم ئېلىپ يېتىشىمنىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن. تېڭىرقىغان، ئازغان ياشلارغا يول كۆرسىتىش، ئۇلارنى نومۇسچان، ھالالچى ئادەم بولۇشقا يېتەكلەش مېنىڭ ۋىجدانىي بۇرچۇم، مەن مائارىپچى بولغاندىكىن، ئادەم تەربىيىلەشنىڭ ئېپىنى ئاز - تولا بىلىمەن ۋە تەجرىبەممۇ بار» دەپ ئويلىدى - دە، 1985 - يىلى تىل ئۆگىنىش كەچكى مەكتىپىنى ئېچىش قارارىغا كەلدى. ئۇ تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ، ئالتە ئايدا ئاران رۇخسەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. مەكتەپ ئاچىدىغان ئالقانچە يېرى، ئېغىزغا ئالغاندەك پۇلى يوق بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ 8 - 10 سىنىپلىق كەچكى تىل ئۆگىنىش مەكتىپىنى ئېچىشى ئاسان ئىشمۇ؟ ئۇ ئۆزى نۇرغۇن يول مېڭىپ، ئاران ھەل قىلغان مەرھۇم «ئابدۇقادىر داموللام مەدرىسى» نىڭ ئورنىنى ئۆزىگە ئوخشاشلا ياخشى نىيەت بىلەن مەكتەپ ئېچىشقا بەل باغلىغان ئابدۇلھەمىد داموللامغا مەردلىك بىلەن ئۆتۈنۈپ بېرىۋېتىپ، ئۇنى بولسىمۇ باش قېتىمچىلىقتىن قۇتقۇزدى. ئەمدى ئۆزى نەگە مەكتەپ ئاچىدۇ؟ يەر دەپ كىملەرگە يالۋۇرىدۇ؟ ئۇ ئاخىر قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ قوللىشى بىلەن شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپنى كەچكى تىل ئۆگىنىش ئورنى قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئالدىراش كۈنلىرى باشلانغان بولسىمۇ، ئەكسىچە ئۇ تېخىمۇ تېتىكلىشىپ، ئېغىرلاشقان قەدەملىرىنى يەڭگىل قىلىپ، رۇس، ئىنگلىز، ياپون، خەنزۇ، ئوردۇ تىللىرىنى بىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى تېپىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ، بەزىلىرىنى ئاسانلا، بەزىلىرىنى تەستە ھەل قىلدى. ئۇ ھېلىمۇ ئۇنتۇغىنى يوق، بىر قېتىم ئۇ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا رۇس تىلى ئوقۇتقۇچىسى تېپىش ئۈچۈن بەش قېتىم چىقىپ، ئاخىر بىر ئوقۇتقۇچىنى تەستە ماقۇلغا كەلتۈردى. ئەمما ئۇ ئوقۇتقۇچى كېسەلچان ۋە ياشىنىپ قالغان بولغاچقا: «پىكاپ ئېلىپ چىقسىڭىز دەرس ئۆتسەممۇ ئۆتەي» دېدى. پىكاپ تاپالمىغان ھاجى مۇھەممەت يۇسۇپ ئۇيغۇرى ئىلاجىسىز شۇ يىلى رۇس تىلى سىنىپىنى ئاچالماي، بىر يىلدىن كېيىن ئېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ، ئىلاجىسىزلىقتىن ئارقىغا تارتىلغان ئارزۇسى ئۈچۈن بەكمۇ ئازابلانغان بولسىمۇ، ھەر خىل سەۋەبلەر كاساپىتىدىن كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان چېقىل - چۇقۇللارغىمۇ بارا - بارا كۆنۈپ قالدى. ئۇ، يەككە تىجارەتچىلەر، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار ۋە خىزمەتتىكى بىر بۆلۈك ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى نېمىنى تەقەززا قىلسا، شۇ كەسىپ ۋە شۇ سىنىپنى ئاچتى. كەچ سائەت 10 لارغىچە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇتۇش

سۈپىتىنى ياخشىلاش ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئۈستىدە پىكىرلىشىپ، باش قاتۇرۇپ ۋاقتىدا تاماق يېيەلمىدى. ھاجى مۇھەممەت يۈسۈپ ئۇيغۇرنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن بەزى ئادەملەر: «قېرىغاندا ئۆزىگە - ئۆزى جاپا سالغۇچە تەييار پېنسىيە پۇلىنى خەجلەپ، سىڭگەن نېنىنى يېسىچۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر: «مەكتەپ ئېچىشتىنمۇ ئوبدان تاپاۋەت بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ دارتىملىدى. ئۇ، بۇنداق سۆزلەرگە ئەزەلدىن كۆنۈك بولغاچقا، ئۇ ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدە بىر گەپ تاپمىسا يېگەن - ئىچكىنى تېنىگە سىڭمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، كۈلۈپلا قويۇپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. بەزىدە ئۇنىڭ: «مەن ئىشىمنى يۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن بىرەر باشلىقنى نە - نەلەردىن ئىزدەپ، تاپالماي ھېرىپ - ئېچىپ، سالپىيىپ كىرىۋاتقاندا يارامغا تۇز سەپمىسەڭلەرچۇ» دېگىسىمۇ كېلەتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بوغزىغا كېلىپ قالغان گەپنى يەنە ئىچىگە يۇتۇۋېتەتتى. ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە: بىر قېتىم ئۇ مائارىپقا مەسئۇل سېكرېتارنى ئىشخانىسىدىن ئىزدەپ بىر ھەپتىگىچە تاپالمىدى. سېكرېتارنىڭ كاتىپى ئارقىلىق، ئاخىرى ئۇنىڭ شەھەردىن 6 - 7 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر يېزىلىق ھۆكۈمەتتە مەجلىس ئېچىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى - دە، قايناق تومۇز ئىسسىقىغا قارىماستىن، قېرى جېنىدا ۋېلىسىپىت بىلەن شۇ يەرگە چاپتى. ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا يېقىنلاشقاندا بولسا، ئۇ ئىزدىگەن سېكرېتار ئولتۇرغان پىكاپ ئۇنى ئەلەمدە قالدۇرۇپ چاڭ توزۇتۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بىرھازادىن كېيىن ئېسىگە كەلدى - دە، پىكاپنىڭ كەينىدىن ئوقتەك چاپتى. ئۇ يېتىپ كەلگەندە بولسا، ئىشخانىسىدىمۇ، ئۆيىدىمۇ سېكرېتارنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. . . بۇنداق ئاۋارىچىلىقلارنى تالايلاپ بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ قەيسەر مەرىپەتچى جىلى بولغىنىدىن بوغۇلۇپ قالاي دېگەن بولسىمۇ، بىلىم بىلەن ياش ئەۋلادلارنى قۇتقۇزۇش ئىرادىسىدىن قىلچە بوشاشمىدى. . .

ھايات سەپىرىنىڭ زىددىيەتلىك قايىنمىدا قايمۇققان، تېڭىرقىغان، نىجاتلىق ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ياشلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تۈرلۈك قىسمەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ۋە يېڭىشكە ئەقىل ۋە يول كۆرسىتىش ئۈچۈن، مەخسۇس «مۇڭدىشىپ ئەقىل كۆرسىتىش» سىنىپى ئاچتى. تۈرلۈك كەلگۈلۈكلەردىن بېشى قاتقان، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن چۈشكۈنلەشكەن، ئاتا - ئانىسىنى قاقشىتىپ، يامان يولغا كىرىپ كېتىۋاتقان، قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىلار بىلەن كېلىشەلمەسلىك سەۋەبىدىن بىر ئوبدان ئۆيىنى بۇزۇۋاتقان ياش كېلىن، ئوغۇل - قىزلارغا ئىجتىمائىي بىلىمى مول، كۆپنى كۆرگەن بىر ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتتى. ئۇ پېشقەدەم ئۇستاز زامانىمىزدىكى مەشھۇر ئامېرىكا پسىخولوگى دېيىل كارنېگىنىڭ تۇرمۇشنىڭ سىرى ھەققىدىكى ئىجابىي تەلىماتلىرىنى رېئال ئەمەلىيەت بىلەن جانلىق بىرلەشتۈرگەچكە، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى كۈتكەندىكىدىنمۇ زور بولۇپ، قانچىلىغان ئۆيلەرنى بۇزۇلۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدى؛ يارىماس قىلىق - مىجەزلەر، تۈرلۈك ئەخلاقسىزلىق - مەدەنىيەتسىزلىكلەر،

ئىشقىلىپ، شۇ شەخسنىڭ ئۆزى سېزەلمىگەن ۋە تونۇپ يېتەلمىگەن نۇرغۇن ئىللەتلىرى پەيدىنپەي تۈزۈتۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئىستىقبال گۈللىرى يېڭىباشتىن چېچەك ئاچتى. بىلىمگە ئىنتىلىش، بىلىمنى قەدىرلەش ئېڭى كۈچەيدى.

«مەسىلەن، - دېدى ھاجى مۇھەممەت يۈسۈپ ئۇيغۇرى مەن بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەتتە ئىپتىخارلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، - XX دېگەن بالىنىڭ دادىسى يوق بولۇپ، ئانىسى ئۇنى مىڭتەستە مۇشۇ سىنىپقا ئەكېلىپ قويدى. ئۇ ھەمىشە يامان بالىلار بىلەن ئويناپ، ھاراق ئىچىپ، جېدەل چىقىرىپ، ئانىسى مىڭبالالىقتا ئېچىپ بەرگەن رېمونتچىلىق دۇكىنىنىمۇ قۇرۇقداپ قويۇپتۇ. ئانىسىنىڭمۇ ئارامىنى قويماپتۇ ۋە ھەمىشە پۇل بەر دەپ قاقشىتىپتۇ. ئۇ، بۇ سىنىپقا كىرگەندىن كېيىن، بىر ئايغىچە سىنىپقا غەرق مەست كىرىپ، يوقىلاڭ ئىش ئۈچۈن جېدەل - ماجىرا تېرىپ يۈردى. مەن سەۋرچانلىق بىلەن قايتا - قايتا سۆزلەشتىم. رېمونتچىلىق دۇكىنىغا بېرىپ، بىر تەرەپتىن، قولۇمدىن كېلىشىچە بېشىنى سىيلىسام، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ماختاپ، باشقىلارغا ئۇنىڭ ئانچە يامان بالا ئەمەسلىكىنى ئۇستىلىق بىلەن ئۇقتۇردۇم. ئۇ ئۈچ ئايدىن كېيىن خېلى تۈزۈلۈپ، ئاخىرى ئىنگلىز تىلى سىنىپىغا كىرىپ ياخشى ئوقۇدى ۋە ئوقۇشنى ئەلا تاماملاپ، ھازىر ئايرودرومدا تەرجىمانلىق قىلىۋاتىدۇ. يەنە XX كوچىسىدىكى XX قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى كىچىك چېغىدىلا ئاجرىشىپ كېتىپ، بۇ قىز قېقىندى - سوقۇندىلىقتا چوڭ بوپتىكەن. بويىغا يەتكەندە، بىر ھۇنەرۋەر يىگىت ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. بىراق ئانىسى دادىسىغا، چوڭ دادا - چوڭ ئانىلىرى ئۆز ئاتا - ئانىسىغا ئىتتىرىپ، ئىككى يىلغىچە بۇ قىزنىڭ تويىغا ئىگە بولغىلى ئادەم چىقماپتۇ. ئاخىر سىنىپتا مۇڭدىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ، ئانىسى، دادىسى، مومىلىرى قاتارلىقلارنى يىغىپ سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇردۇم. ئۇلارنىڭ تونۇشى ئۆسكەنسېرى ئاخىرى قىزنىڭ ھالىغا يەتتى. نەتىجىدە، بۇ قىزنىڭ ئاجرىشىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغان دادىسى بىلەن ئانىسى قىزنىڭ تويىنى قىلىشتىن ئىلگىرى بىر چىرايلىق يارىشىۋالدى ۋە قىزنىڭ تويىنى باش بولۇپ ئۆز قولى بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپ بەردى.»

ھاجى مۇھەممەتيۈسۈپ ئۇيغۇرى تەلەپكار ياش بوغۇنلار، ئازغان پەرزەنتلەرنىڭ ئاغزىغا ئىلىم سېلىپ نېنىنى پۈتۈن قىلىش، ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنياغا يۈزلىنىش، خەلقئارا سودا - تىجارەتتە تىل ئۆتكەلدىن ئىبارەت زۆرۈر ئېھتىياجى ئۈچۈن، ھازىرغىچە 365 قارار تىل كۇرسى ئېچىپ، 10760 نەپەر ئىختىساس ئىگىسىنى تەربىيىلەپ، ئەل ئۈچۈن تىللاردا داستان بولغۇدەك كاتتا تۆھپە ياراتتى. ئۇنىڭ غايىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالىي تېخنىكومىمۇ ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى، ئەھلى جامائەتنىڭ كۈچلۈك ئەجرى ھەممەملىكى شاراپىتىدىن پات ئارىدا بۇ قەدىمىي شەھەردە قۇرۇلغۇسى. M1

# سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن ئويلىساڭچۇ؟





## باغراش

ئۈز ھالىنى ئىككى كىمەرسىدىن پىنھان تۇتماسلىق كېرەك:
بىرى، تېۋىپتىن، ئىككىنچىسى، مېھرىبان دوستتىن.
- «نادىرىل مېھراج» دىن

ساراڭلىق كېسەلى شەپقەت قوزغىماس،
نادانلىق كېسەلى نەپرەت قوزغىماس.
- جالالىددىن رۇمى

ئاڭلا ئاچچىق مەسلىھەت بەرسە دوست كىشىلەر،
ئاخىر ئەززەتلىك بولىدۇ ئىشلەر.
- ناسىر خىسراۋ

تەقدىرىمىزنى ئەخلاقىمىز بەلگىلەپ بېرىدۇ.
- كارنىلىي نىپات

## مۇقەددىمە ئورنىدا

1986 - يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۇرەت» ناملىق پوۋېستىمنى ئېلان قىلدىم. بۇ پوۋېستىم ئېلان قىلىنىش بىلەن تەڭلا جەمئىيەتتە ناھايىتى زور غۇلغۇلىغا سەۋەب بولدى. بىر قىسىم ياشلار - ئاساسەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ پوۋېستىمنى يۇقىرى باھالاشتى. قىزغىن تالاش - تارتىش قىلىشتى. «ئولتۇر - قوپ» مۇنازىرە - مۇھاكىمىلەر ئېلىپ باردى. بۇ پوۋېست خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ «غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خەنزۇلار ئىچىدىمۇ بىر قەدەر چوڭ



تەسىر قوزغاپ، ھەر خىل سورۇنلاردا بۇ ھەقتە قىزغىن پاراڭلار، تالاش - تارتىش، مۇلاھىزىلەر بولدى؛ ئوبزورلار ئېلان قىلىندى. ئەمما، شۇ كۈنلەردە بەزى ئادەملىرىمىز مېنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن تىللاشتى. ماڭا ئۆزۈم ئويلىمىغان نۇقتا ۋە ۋاستىلەر بىلەن ھۇجۇم قىلىشتى. تېخى بەزى تەھرىر بۆلۈملەر بىر - ئىككى يىلغىچە ئەسەرلىرىمنى قوبۇل قىلماس بولۇۋالدى. ھەتتا ئەسەرلىرىمنى قوبۇل قىلىشقۇ بۇياقتا تۇرسۇن، بۇ پوۋېست ھەققىدە يېزىلغان ھەر قانداق ئوبزورنىمۇ باسۇرۇپ قويۇشتى. مەن بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا «ئۈمىدلىك، تىرىشچان ياش يازغۇچى» دىن «مىللەتكە قارشى تۇرغان، ھۇجۇم قىلغان، ھەتتا مىللەتنى ئىنكار قىلغان جىنايەتچى» گە ئۆزگىرىپ قالدىم. بۇ پوۋېستىمنى ھازىرغىچە بىر نەچچە نەشرىياتقا يوللىغان توپلىمىمغا كىرگۈزگەن بولساممۇ، ئارقا - ئارقىدىن چىقىرىپ تاشلاندى.

مەن ئۇ ۋاقىتتا بەزى ئادەملەردىن قاتتىق رەنجىگەنىدىم. لېكىن ئۆزۈمنىڭ گۇناھسىز ۋە غەرەزسىز ئىكەنلىكىمگە ھەمدە ئۇ پوۋېستىمنىڭ ئىزدىنىش خاراكتېرىدىكى ئۆزگىچە ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاخىر ئاشۇ كىشىلىرىمىز تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىغا چىن يۈرىكىمدىن ئىشىنەتتىم ۋە مۇشۇ خىيالنىڭ رىغبىتى بىلەن ھېلىقى بىر قىسىم ئادەملەرگە بولغان رەنجىشلىرىمنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتكەنىدىم.

ئۇ پوۋېستىمنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بۇنچىلىك زور غۇلغۇلىغا ۋە قارشىلىققا ئۇچرىشىغا مېنىڭچە تۆۋەندىكى ئامىللار سەۋەب بولغانىدى:

1. ئۇ پوۋېست مېنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇب ۋە مېتود جەھەتتە بىر نەچچە يىل جاپالىق ئىزدەنگەنلىكىمنىڭ ۋە ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى ئىجادىيەت خاھىشى، ئىجادىيەت ئىدىيىسى، ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىدىكى ئۇزۇندىن بۇيان بىر قېلىپتا داۋام قىلىۋاتقان، ھەتتا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا قاتتىق توسالغۇ بولۇۋاتقان قاتمال، كونا، قېلىپلاشقان، فورمۇلالاشقان ئاددىي ۋە نەتىجىسىز بىر خىللىققا بولغان ناقايىللىقىمنىڭ ھەتتا قارشى تۇرىدىغانلىقىمنىڭ بەلگىسى ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئىجادىيەت خاھىشىمنىڭ مەھسۇلى ئىدى. مەن بۇ ئەسىرىمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تېخى ناتونۇش بولغان سېھرىي رېئالىزمچە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پروزىچىلىقى شەكىللەنگەندىن بۇيان ئادەتلەنگەن ۋە بىر قېلىپتا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بىر خىل سىياسىي مەنپەئەتدارلىق، سىياسىي مەدھىيىۋازلىق ياكى بۇرمىلانغان، غەرەزلىك بېزەلگەن تۇرمۇش مەدداھچىلىقى ۋە پەقەت «ئاخبارات» چىلىق پەللىسىدىكى «زىيارەت رېئالىزمى» شەكلىنى ئالغان ئىجادىيەت خاھىشى، ئۇسلۇبى ۋە ئىدىيىسىگە جەڭ ئېلان قىلغانىدىم.

مۇشۇ پوۋېستىمدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا تېخى تۇنجى قېتىم قوللىنىلغان «سېھرىي رېئالىزم» دىن ئىبارەت بۇ يېڭى ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىزنىڭ پەقەت بىر خىللا ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئىشلىتىپ كۆنۈپ كەتكەن بىر قىسىم ئەدىبلىرىمىزنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىشى بەكمۇ تەبىئىي ھال ئىدى. چۈنكى بۇنداق بىر يېڭى ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئۇلارنىڭ چۈشىنىشى، ھەزىم قىلىشى ۋە قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن مۇئەييەن بىر جەريان كېتەتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار مېنىڭ بىلىم - مەرىپەتكە، ھازىرقى زامان نازۇك تېخنىكىسىغا، ئىنسانىيەتنىڭ يېڭىچە ئەقىل - پاراسىتىگە سىمۋول قىلغان «قۇياش» ىمنى، پەقەت ئۇ قۇياش غەربتىن باشلاپ كېلىنمەي، شەرقتىن باشلاپ كېلىنگىنى سەۋەبلىكلا «ئاللىقانداق قۇتقۇزغۇچىلار ۋە ئاچقۇچىلار» نىڭ ئوبرازى دەپ، مودېرنىزم ۋە سېھرىي رېئالىزمدا قوللىنىلىدىغان سىمۋولىزمنى ئادەتتىكى سىمۋول (مەسىلەن قارىغاينىڭ، قىياتاشنىڭ قەھرىمانغا، دېڭىز شاۋقۇنىنىڭ غەزەپكە، ئېرىق سۈيىنىڭ شىلدىرلىشىنى كۈلكىگە، كەپتەرنى تىنچلىققا، سۈزۈك ئاسماننى بەختىيار زامانغا، قارا بۇلۇتنى جاھالەتكە. . . سىمۋول قىلىش مەناسىدا) دەپ تولىمۇ ئاددىي ۋە خاتا چۈشەنگەن. نەتىجىدە ماڭا ھېلىقىدەك ئۇخلىسام چۈشۈمگىمۇ كىرمەيدىغان قورقۇنچلۇق توقا - لەنەتنى قاراپ تۇرۇپلا ئارتىپ قويۇشقان. ئىشىنىمەنكى، مۇبادا مەن «قۇياش» نى غەربتىن باشلاپ كېلىدىغان قىلىپ يازغان بولسام ئۇلار چوقۇم: «قۇياش دېگەن شەرقتىن چىقىپ غەربتە ئولتۇرىدىغان تۇرسا، پېتىپ كەتكەن قۇياشنى قانداقسىگە ئارقىسىغا ياندۇرۇپ باشلاپ كەلگىلى بولىدۇ؟» دەپ سوئال قويۇشار ئىدى. لېكىن مەن شۇنى ۋىجدانىم بىلەن ئېتىراپ قىلىمەنكى، بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى نەزىرىمدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى پىدا قىلغان ئىمانى پاك، ئالىيجاناب ئەدىبلەر، ئەلنىڭ ھۆرمەت تەختىدىكى مۆھتەرەملەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى نىيىتى مېنى ئاياش، تېيىپ كېتىشىمدىن ئەنسىرەش ئىدى. ماڭا نىسبەتەن ئىلگىرىكى ئىشەنچلىرىنىڭ مۇشۇ پوۋېستىم مۇناسىۋىتى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە بەرھەم يېگەنلىكى ئۇلارنىڭ بەزى نامۇۋاپىق كۆز قاراشلىرىغا سەۋەبچى بولغانىدى. مەن ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىنى چۈشىنىمەن ۋە ئۇلارنى ئەبەدىلئەبەد ئۆزۈمنىڭ ھۆرمەتلىك پېشۋا - ئۇستازلىرى سۈپىتىدە ئۇلۇغلايمەن.

2. مەن بۇ پوۋېستىمدا ئاساسلىقى مىللىتىمىزنىڭ روھىي، پسىخىك ۋە باشقا مەدەنىيەت شەكىللىرىدىكى ئاجىزلىقىنى تەنقىد قىلغانىدىم. بولۇپمۇ بىزگە ئۆتمۈشتىمۇ، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ دۈشمەن بولغان، بولۇۋاتقان ۋە بولىدىغان ئۆز ئارا پېتىشماسلىق، تەپرىقىچىلىك، پوچىلىق، ئۈمىدسىزلىك، كونا شانۇ -

شەۋكەتلەرنى كۆزلەش، نادانلىق، ئىلىم - مەرىپەتكە ئىنتىلمەسلىك . . . قاتارلىق ئىللەتلىرىمىزنى، ھەمدە دىن ۋە يەڭگە قارشى سۇيىقەستچىلەرنىڭ جىنايى شۇملۇقلىرىنى پاش قىلغانىدىم. ھالبۇكى، بۇ گەپلەر ھازىر بۇ ھەقتە ئېلان قىلىنىۋاتقان بەزى ماقالىلەردە مۇھاكىمە قىلىنغىنىدەك ئوچۇق - ئاشكارا دېيىلمەي بىر پوۋېستتا، يەنە كېلىپ مۇبالىغە، سىمۋول - كۆپتۈرۈش، بىمەنىلەشتۈرۈش، تاسادىپىيلىق، زامان - ماكان قارىشىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق قاتارلىق ئەنئەنىۋى رېئالىزمغا قارشى ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەر كەڭرى قوللىنىلغان، ھەممىلا دېتال ۋە پېرسوناژ بىر خىل سىرلىق، مەۋھۇم، غەلىتە، ئىدراكسىز، قانۇنىيەتسىز، مەنتىقسىز نىقابقا يۆگەپ تاشلانغان بىر سېھرىي رېئالىزمچە ئەسەردە ئىپادە قىلىنغىنى (ھەرگىز ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى ئەمەس! ) ئۈچۈن، بىزدىكى ھەممە گەپ ئاشكارا دېيىلىدىغان، ھەممە ئىش خەۋەر شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان، ئۆي بىلەن تالا، يەر بىلەن ئاسمان، تاغ بىلەن دەريا، تۈنۈگۈن، بۈگۈن، ئەتە ئۆزىنىڭ سائەت يۈرۈشىدىكى ئېنىقلىقتا، فوتو سۈرەت روشەنلىكى ۋە ئەينەنلىكىدە كۆرسىتىپ بېرىلىدىغان «رېئالىزم»چە ئەسەرلەرنىڭ تەپەككۇر ۋە ئىپادىلەش شەكلىگە كۆنۈپ قالغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پىكىر قىلىش ئادىتىگە ماس كەلمىگەن ۋە بەزى نەرسىلەر (مۇبالىغە - كۆپتۈرۈشلەر) ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە «تىك» كەلگەن. شۇڭا، بەزى ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىدە مەن تولىمۇ رەھىمسىز، بىمەنە، ئالجىغان پاش قىلغۇچىغا ئايلىنىپ قالغانىدىم.

نەزىرىمدە، بۇ بەكمۇ تەبىئىي، نورمال ئەھۋال ئىدى. چۈنكى خەلقىمىز ئۆزىنى، مىللىتىنى سۆيىدۇ، قەدىرلەيدۇ، شۇنداق بولغاچقا ئۇلار «مىللەت» دېگەن بۇ ئۇقۇمغا بولۇپمۇ مىللەتنىڭ نۇقسانلىرى ۋە ئۇنى پاش قىلىشلارغا بەكمۇ سەزگۈر كېلىدۇ. بۇ ئىش ھەر قانداق كىشىدىن بىر خىل ئېھتىياتچانلىقنى، ھوشيارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەممىلا ئادەم ئۆزىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى كۆرۈپ، تونۇپ كېتەلمەيدۇ؛ ھەممىلا ئادەم كىمدۇر بىرى «پوسۇقىدە» چىقىپ ئۇنىڭ ئىللەت - نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىپ بەرسە خۇشال بولۇۋەرمەيدۇ. بۇنداق بولۇشىغا ناھايىتى كۆپ تەرەپلىك پسىخىك ۋە روھىي ئامىللار يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ پوۋېستىمغا تۇتقان بىر خىل ياتسىراش خاراكتېرىدىكى سوغۇقلۇقىنى، ماڭا بولغان رەنجىشى، كۆڭۈل ئاغرىقى ھەتتا ھۇجۇملىرىنى تامامەن چۈشىنىشكە بولاتتى.

كونىلارنىڭ: «ھەممە نەرسىنىڭ ۋاقتى - سائىتى بولىدۇ» دېگەن سۆزى بەكمۇ ئۇلۇغ ۋە خاسىيەتلىك ئىكەن. خۇداغا شۈكرى، مانا ئەمدى بۈگۈن ۋاقتى - سائىتى كەلگەن ۋە ياكى ئاللا دىلىمىزغا سېلىۋاتقان ئوخشايدۇ - مۇشۇ كۈنلەردە ھەممىلا يەردە - توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، ئولتۇرۇش - يىغىلىش، مەجلىس - توپلانمىلاردا ھەتتا ئىككى ناتونۇش ئۇيغۇر ھەر خىل سەۋەب تۈپەيلى بىر يەرگە كېلىپ قالغان ھەر قانداق سورۇندىمۇ ئۆزىمىز توغرىسىدا - مۇشۇ سۆيۈملۈك، لېكىن ئىللەت بىلەن چىرمالغان، شۇ سەۋەبلىك ئۈنچە بەختلىك بولۇپ كېتەلمەيۋاتقان ئۇيغۇرلىرىمىز توغرىسىدا قىزىشىپ ۋە ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن سۆزلىشىدىغان بولدۇق. بەزىلەر رەنجىپ، بەزىلەر قاقشاپ، بەزىلەر ئەيىبلەپ، بەزىلەر ئۆكۈنۈپ، بەزىلەر غەزەپلىنىپ، بەزىلەر پاش قىلىپ ۋە بەزىلەر بولسا ھەممىدىن بىزار بولۇپ سۆزلەيدۇ. مەيلى سۆزلىگۈچىنىڭ كەيپىياتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇشۇنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان ياخشى باشلىنىش. بۇ ئۆزىمىزنى تونۇشنىڭ - ھەقىقەتكە قاراپ تاشلىغان قەدىمىمىزنىڭ ئىپتىداسى، ئەلۋەتتە.

شۇ تاپتا بىز 21 - ئەسىرنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپ تۇرۇپتىمىز. لېكىن بۇ قېقىشلىرىمىز شۇنچىلىك ھالسىز، ئۈمىدسىز ۋە ئىشەنچسىزكى، بىزنى ئاشۇ دەرۋازىنىڭ ئىچىدە قانداق قىسمەتلەر ۋە پاجىئەلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپتىمىز. كۆڭلىمىز تۇيۇپ تۇرغان بۇ كېلىمشىنىڭ قورقۇنچلۇق، ۋەھىملىك، زەردىلىك ساداسىدىن ھەممىمىز تەشۋىش، ئەندىشىگە چۈشمەكتىمىز، ۋەھىمە يېمەكتىمىز.

كۆز ئالدىدىكى - بۇرنىغا ئۇسۇپ تۇرغان رېئاللىقنى كۆرمەسلىك، ئۇنى ئېتىراپ قىلماسلىق جاھىللىق بولسا، شۇ ئاچچىق رېئاللىقنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ پەسەنت قىلماسلىق، قېتىغا ئالماي بىپەرۋا تۇرۇۋېرىش، شۇ رېئاللىقنىڭ تەلىپى، ئۆلچىمى، دەۋىتى بىلەن ئۆز ئەھۋالىنى ئوڭشىماسلىق، زامانغا لايىقلىشىپ، بېسىپ كېلىۋاتقان رەھىمسىز رىقابەتنى كۈتۈۋېلىشقا ھازىرلانماسلىق، تەرەققىي قىلماسلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان مۇقەررەر ھالاكەتتىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلماسلىق ئېچىنارلىق دەرىجىدىكى نادانلىقتۇر.

خۇداغا شۈكرى، بىز جاھىل ئەمەس ئىكەنمىز، چۈنكى شۇ كۈنلەردە ھەر بىرىمىز ئاستا - ئاستا بۇ رېئاللىقنى تونۇپ يېتىشكە باشلاپ، ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئەتىسىدىن ئەنسىرەيدىغان، ئەندىشە قىلىدىغان بولدۇق. لېكىن پەقەتلا ياقىمىزنى تۇتۇپ: «توۋا قىلدىم خۇدايىم، نېمە بولۇپ كېتىۋاتىمىز - ھە، بىز؟!»، «بىز زادى قارغىشقا كەتكەن مىللەت ئىكەنمىز!» ۋە ياكى «ئەتە - ئۆگۈن بالىلىرىمىز نېمە كۈننى كۆرەر؟» دەپ ئاھ - پەرياد چېكىپ قۇرۇق ۋايساۋاتىمىزكى، بىزنى روھىي، ئەخلاقىي، ئەقلىي جەھەتتە شۇ قەدەر زەئىپ، ئېچىنىشلىق ۋە پاجىئەلىك ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان ئىللەتلىرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئىچكى سەۋەبىيەتلىرى ھەققىدە - زەھەرلىك

ئۆسمەك ۋۇجۇدىمىزنى چىرمىۋالغان، مەيلى بىز خالايلى ياكى خالىمايلى، ئاخىر بىر كۈنى جېنىمىزغا زامىن بولىدىغان خەتەرلىك مەنىۋى كېسەلنىڭ مەنبەسىنى تېپىش ۋە ئۇنىڭ ۋاقتىدا داۋاسىنى قىلىپ ساقايتىشنىڭ يولىنى قىلىش ھەققىدە ناھايىتى ئاز ئويلاۋاتىمىز.

## قارىغاندا، گەپنى «سۆڭەك بېشى» دىن باشلىشىمىزغا توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ

ئادەملەر جامائە بولۇپ ئويۇشۇشقا باشلىغاندىن بۇيان، ئىنسانلار توپىنىڭ ھەر بىرىدە ئاشۇ توپ ئەگەشىدىغان، ئەقىدە قىلىدىغان، ئەقىل ـ پاراسىتىگە مۇھتاج بولىدىغان، كۆچىگە تېۋىنىدىغان بىر گۇرۇھ تەبىئىي ھالدا شەكىللىنىپ، ئۇ توپنى باشلاپ كەلگەن. بۇ ھالەت نەچچە مىڭ يىللىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنى باشتىن كەچۈرۈپ تا ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا. بۇ، بىر تارىخىي قانۇنىيەتتۇر.

ھەر بىر مىللەتنىڭ زىيالىيلىرى شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇشىغا، تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە، مەۋجۇتلۇق ئېڭىغا ھەتتا شۇ مىللەتنىڭ تەقدىرىگە بەزىدە بىۋاستە ۋە بەزىدە ۋاستىلىك ھالدا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر يادرولۇق كۈچتۇر. بىلىم قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، ئالدىنى كۆرەر، ھەر قاچان تارىخ ۋە دەۋر ئۆزگىرىشلىرىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىن ھايات قانۇنىيىتىگە مۇۋاپىق يەكۈن چىقىرالايدىغان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ ئارتۇقچىلىقى بىلەن مىللەتنىڭ ئېڭىغا، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلالايدىغان بىر تۈركۈم زىيالىيلارنىڭ بولۇشى شۇ مىللەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىدۇر، ئۇلارسىز بىر مىللەت ھەرگىزمۇ روناق تاپالمايدۇ.

زىيالىيلىرىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىپ باقساق شۇنى بايقايمىزكى، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاساسەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئاخبارات ـ نەشرىيات، مائارىپ، تەرجىمانلىق، تىببىي ساھەلەردە ئىشلەۋاتىدۇ. بۇ ساھەلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ساھەسى بولۇپ، ھەقىقىي تۈردىكى ئىلىم ـ پەن، بولۇپمۇ ئېلېكتر ئېنېرگىيە، ھاياتلىق (گېن) ئىنشائاتى، ئالەم بوشلۇقى سانائىتى، مېتاللچىلىق سانائىتى، نېفىت قېزىش، ئېكولوگىيىلىك ئىنشائات، يەر شارى فىزىكىسى، ئالەم قاتنىشى، ئاپتوموبىل تېخنىكىسى، يېمەكلىك سانائىتى قۇرۇلۇشى، نۇر ئىلمى، ئېلېكترون سانائىتى، جۇغراپىيە ـ ھاۋا رايى تەتقىقاتى، ئىنسانشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، مالىيە ـ ئىقتىساد نەزەرىيىچىلىكى، ئىرسىيەت ۋە ئالىي دەرىجىلىك مېدىتسىنا تەتقىقاتى، رەڭ ئىلمى، بىناكارلىق، كۆۋرۈك ـ تاشيول لايىھىلەش، تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى، يۇمشاق دېتاللار (ھەر خىل ھېسابلاش ماشىنىلىرى، ماشىنا ئادەم، يىراقتىن باشقۇرۇش ئۈسكۈنىلىرى) سانائىتى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە تېخنىكىسى، سېمونت ـ بېتون تەتقىقاتى، ئىلمە ـ توقۇلما تېخنىكىسى، ئۇچۇر تەتقىقاتى، بازار تەتقىقاتى . . . بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان زىيالىيلىرىمىز ئاساسەن يوق دېيەرلىك. بار دېگەندىمۇ بارماق بىلەن سانىغاننىڭ ئورنىدا. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىلى يېرىم ئەسىر بولاي دېدى. ئۇيغۇرلارمۇ 21 ـ ئەسىرگە دۇنيادىكى باشقا ئىلغار مىللەتلەر بىلەن بىللە كىرىدۇ. ئەسلىدە بىزنىڭمۇ ئاللىقاچانلا ئاشۇ ئىلىملەر بويىچە كەسپلەشكەن زىيالىيلىرىمىز بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى. ئەپسۇسكى، بىز شۇ كۈنلەردە ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ نامايەندەكار ساھەلىرىدە باشقىلاردىن تولىمۇ ئۇزاقتا تاشلىنىپ قېلىۋاتىمىز. ھالبۇكى، بۇنداق ساھەلەردە تاكامۇللاشقان ئىختىساس ئىگىلىرى يوق مىللەت بۈگۈنكى ئاتوم ـ ئېلېكترون دەۋرىدە تولىمۇ بىچارە ۋە يېتىلمىگەن ئىپتىدائىي مىللەت بولۇپ قالىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان بولمىش پاكىت!

بىز ھازىر پەقەت «ئۇسسۇلچى مىللەت»، «ناخشىچى مىللەت»، «مەي ـ مەيچى (ئۇششاق ئېلىپ ـ ساتار) مىللەت»مىز. يېقىندىن بۇيان يەنە «كاۋاپچى مىللەت» دېگەن يېڭى ئاتاقتا ئىگە بولدۇق، تېخى. دېمىسىمۇ بىزنىڭ مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىش ـ ئوقىتىمىز مانا مۇشۇ ساھە بىلەنلا چەكلىنىدۇ. يەنە قوشۇش توغرا كەلسە پەقەت «قوشاقچى مىللەت» دېگەن ئاتاقنىلا قوشۇشقا بولار. چۈنكى بىزدە ھەممىلا ئادەم ئىككى ـ تۆتتال قوشاق توقۇيالايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاتاقلار ھازىرچە بىزگە تېخى ئانچە ياراشمايدۇ.

بىز ئاشۇ يۇقىرىقى ئاتاقلار بىلەن پەخىرلىنىپ ياشاۋاتىمىز. دەرۋەقە، ئۇنداقناملار بىلەن ئاتىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر چوڭ ئىش، چۈنكى دۇنيادا بۇنداق قاتىرىسىغا كەلگەن «چىرايلىق ناملار» بىلەن ئاتىلىدىغان يەنە بىر مىللەت بولمىسا كېرەك. لېكىن، بۈگۈنكى دۇنيا «ناخشا ـ ئۇسسۇل دۇنياسى»، «ئېلىپ ـ ساتارچىلىق دۇنياسى»، «كاۋاپچىلىق، پولۇچىلىق، ناۋايلىق، ئاشپەزلىك دۇنياسى»، «شېئىر ـ قوشاق دۇنياسى» ئەمەس، بەلكى پەن ـ تېخنىكا دۇنياسى، ئەقىل ـ پاراسەت دۇنياسى، رىقابەت ۋە پۇل دۇنياسى. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلساق، كۈچ ـ قۇدرەت دۇنياسى. كىم كۈچلۈك بولسا شۇ ياشايدۇ، كىم ئاجىز بولسا شۇ ھالاك بولىدۇ.

خوش، تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى زىيالىيلىرىمىز يوقنىڭ ئورنىدا ئىكەن، زىيالىيلارنىڭ ئاساسىي قانىتى بولغان ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى»، «مىللەتنىڭ پەخرى ـ غۇرۇرى» دەپ ئاتىلىدىغان يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى زادى قانداق؟

1989 ـ يىلى مارتتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭغا ئۇلاپلا شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىمۇ ئېچىلدى. ئەسلىدە شۇ قېتىملىق قۇرۇلتايدا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سايلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ قۇرۇلتايدا رەئىس بولغۇدەك بىر كىشى «چىقمىدى». بۇ بىر بەكمۇ غەلىتە ۋە غەيرىي ئۆز هال ئىش ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە مەسئۇل رەھبىرى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرى ناهايىتى نۇرغۇن قېتىم، ئارقىمۇ ئارقا ۋە جىددىي خىزمەت ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئاخىرقى هېسابتا يەنىلا رەئىس سايلاپ چىقىلمىدى. قۇرۇلتاي يېپىلغاندا رەئىسنىڭ ئورنى بوش قالدى ۋە بۇ ئورۇنغا رەئىس تاللاش ئىشى قۇرۇلتايدىن كېيىنمۇ داۋام قىلىنىۋەردى. شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتتى (يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيىمۇ يېقىندا چاقىرىلماقچى)، لېكىن يەنىلا رەئىسنىڭ ئورنى بوش تۇرۇۋەردى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئەزالىرىنىڭ مىللەت تەركىبى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئەسلىدە رەئىسلىككە ئۇيغۇردىن تاللىنىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، شۇنچە ئۇيغۇردىن رەئىسلىككە بىرمۇ ئادەم «چىقمىدى» ۋە بىرمۇ ئادەم «يارىمىدى»! راستىنلا ئۇيغۇرلاردىن رەئىس بولغۇدەك بىر ئادەم «چىقمىدى»مۇ؟ شىنجاڭدىكى ئاھالىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان بىر مىللەتتىن، يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئەزالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان شۇنچە كۆپ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە رەئىس بولغۇدەك بىرەر ئادەم چىقماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

بۇ يەردىكى گەپ، ئاشۇ سۆيۈملۈك ئۇيغۇر زىيالىيلىرى - بىزنىڭ قەدىرلىك يازغۇچى - شائىرلىرىمىز بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمىغىنى، گېپى بىر يەردىن چىقمىغىنى، گۇرۇھۋازلىق، يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك ئالدىدا تىز پۈككىنى، ئۆز قېرىندىشىدىن بىرەرسىنىڭ رەئىس بولۇشىغا چىدىماي ئىچى قارىلىق بىلەن «ساڭىمۇ يوق، ماڭىمۇ يوق» قىلغىنى ئۈچۈن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالدىدا بىز خەقنىڭ يۈزى تۆكۈلىدىغان، تىلى كۆيىدىغان، بىز خەققە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان بۇ پاجىئە كېلىپ چىقتى.

يېقىندا ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان 5 - قۇرۇلتايدا يەنە قانداق قىسمەتلەرنى كۆرىمىز، يەنە قانداق سېسىقچىلىقلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، بۇنى خۇدا بىلىدۇ (ئېچىلغۇسى قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئاشۇنداق سېسىقچىلىقنىڭ ھىدى ھېلىتىنلا ئۇ يەر - بۇ يەردە پۇراشقا باشلىدى)!

بۇنداق ئارسىزلىق ئەدەبىيات سېپىدىلا ئەمەس، بىز خەقنىڭ زىيالىيلىرى توپلانغانلىكى ئورۇن ۋە ساھەلەردە ئوخشىمىغان شەكىل، كۆلەم ۋە دائىرىدە روي بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنى بىز بەزى زىيالىيلىرىمىزدىكى مىللىي ئاڭ، غۇرۇر، نومۇس تۇيغۇسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە سۇسلىشىپ، ئاجىزلاپ بېرىۋاتقانلىقى دېمەي ئامالىمىز يوق.

زىيالىيلىرىمىزدا ئىللەتلەر تولۇپ ياتقىنى ۋە ئىللەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ تۈزەتمىگىنى، تۈزىتىشنى خالىمىغىنى ئۈچۈن مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى جاراھەت بارغانسېرى شالۋىرىپ، ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ.

بىزدە سۇنىڭ بېشى لاي، شۇڭا ئۆستەڭدىكى سۇمۇ لاي. ئەمچىنىڭ تېنىنى جاراھەت قاپلاپ كەتكەن تۇرۇقلۇق ئەمچى جېنىدا ئۆزىنىڭ يارىسىنى ساقايتىشقا كويىش قىلمايۋاتسا، باشقا ئاغرىقلارنىڭ ھالى نېمە بولماقچىدى؟ تېخى ئۆزىنى داۋالاپ ساقايتىشقا جۈرئىتى بولمىغان ئەمچىنىڭ ئالدىدىكى ئاغرىق ۋايجانلىسا، بىز داۋالاشنى كۈتۈپ ئىڭراپ ياتقان ئاغرىقنى ئەيىبلەيمىزمۇ ياكى خۇددى قورسىقى توق، لېكىن تېنىنى يارا بېسىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ يارىسىنى يالاپ ياتقان شىردەك، بىر چەتتە پەرۋاسىزغىنە قاراپ تۇرغان ئەمچىنىمۇ؟!

زىيالىي مىللىتىمىزنىڭ ئىللەتلىك ۋۇجۇدى ئالدىدىكى بىر ئەمچىدۇر. بىز زىيالىيلىرىمىز ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى ئەيىبلىيەلەيمىزكى، ئاغرىق، لېكىن گۇناھسىز خەلقىمىزنى ئەيىبلىيەلمەيمىز، ئۇنداق قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق!

شۇ كۈنلەردە، زىيالىيلىرىمىز ئىچىدە خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلدەك كۈندىن - كۈنگە ئاينىپ، ئەدەپ كېتىۋاتقان ئۆز ئارا پىتىشالماسلىق، تەپرىقىچىلىك، غەيۋەتخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، ھەر خىل چېقىم - ساتقۇنلۇقلار، يۇرتۋازلىق، گۇرۇھۋازلىق، مەھەللىۋازلىق ... لار مىللىتىمىزگە يامراپ، ئادەت خاراكتېرىنى ئېلىپ ئۆزلىشىپ، بىرىمىزنى بىرىمىزگە دۈشمەنلەشتۈرۈۋاتىدۇ.

گەپنى يېقىندىن باشلىساق، بەزى يېڭى زامان زىيالىيلىرىدىكى بۇ ئىللەتلەر 1930 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىلا باشلانغان بولۇپ (زىيالىيلار تەبىقىسىدىكى بۇ ئىللەتلەرنىڭ تارىختىكى ھەر خىل دىن ئۆلىمالىرى، بولۇپمۇ بۇددا، ئىسلام ئۆلىمالىرىمىز ۋۇجۇدىدىن پېچىتى بۇزۇلمىغان ھالدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۆتۈپ، يېڭى زامان زىيالىيلىرىغا - سەللىلىك زىيالىيلاردىن شەپكىلىك زىيالىيلارغا مەنىۋى مىراس بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتقا كۆز يۇمالمايمىز، ئەلۋەتتە. - مۇھەررىردىن)، بۇنىڭغا شۇ دەۋردىكى سىياسىي مەسلەك ۋە سىياسىي قاراشلارنىڭ ئوخشىماسلىقى، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ئادەملەرنى ئۆز ئارا دۈشمەنلەشتۈرۈش، بىرىنى بىرىگە سېلىش، پارچىلاپ

زەربە بېرىش تاكتىكىسى، ئىنسانىيەت قىلمىشىدىن چىققان تۈرلۈك تۈتقۇن قىلىش، باستۇرۇشلىرى، ۋەھشىيانە - فاشىستىك تېررورلۇقلىرى تۈپ سەۋەب بولغانىدى. گەرچە ئۇ زامانلاردا ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر قەدەر نوپۇزلۇق ئىلىم ئەھلىلىرى، ئەل رايى ۋە جامائەت پىكرىنى يېتەكلىگۈچىلەر بولغاچقا، ئۇنىڭ تەسىرى زور، زىيىنىمۇ چوڭ بولغانىدى. ئەسلىدىلا يېقىنقى ئۈچ ئەسىردىن بۇيان مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا تۆپە - تۆپىلەپ كەلگەن ئېغىر تارىخىي قىسمەتلەردە جاھالەتچى خوجا - ئىشانلارنىڭ تۈرلۈك سۇلۇك - مەزھەپلىرى ۋە «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق»لار جەڭگى - جېدەللىرىنىڭ تەپرىقىچىلىك زەھىرى بىلەن قېنى ۋە ئېڭى زەھەرلىنىپ بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك ۋە ئىچى قارىلىق قىلىشتىن ئۆيالماس دەرىجىگە چۈشۈپ قالغان نادان خەلقىمىز ھېلىقى بىر تۈركۈم زىيالىيلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن پۇت تېپىشىشىنىڭ، بىر - بىرىنى سېتىش - جاللات شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ تۈرمىلىرىگە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشىنىڭ يېڭىچە شەكلى ۋە ئۇسۇللىرىدىن «تەلىم» ئالدى. بۇ زىيالىيلار ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك خەلق ۋە مىللەت تۈپرىقىدا يىلتىز تارتىپ بىخلىدى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەتلەردە، بولۇپمۇ ئاتالمىش «ئوڭچىللارغا قارشى تۇرۇش»تا زىيالىيلىرىمىز بىر - بىرىگە، مىللەتنىڭ ئېسىل ئوغلانلىرىغا قارشى مۇناپىقلارچە، رەھىمسىزلەرچە كۈرەشكە ئاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن، ئەمدىلا ئازادلىققا ئېرىشىپ زۇلۇمدىن قۇتۇلغان، ياخشى كۈنلەرگە ئۈلىشىپ ئادەمدەك ياشاشقا باشلىغان خەلقىمىز ئېتتىپاقسىزلىق ۋە ئۆز ئارا دۈشمەنلىك قىلىشنىڭ بەكمۇ زىيانلىق ھەتتا قەبىھ جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئەمدىرەك تونۇپ يېتىۋاتقاندا يەنە بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك ۋە تېخىمۇ زەھەرلىك ۋاستىلەر بىلەن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىش، يولداشلىرىنى مۇناپىقلارچە سېتىش ھەرىكىتىنىڭ قارا بورىنىدا قالدى. زىيالىيلىرىمىزنىڭ بۇ قارا بوراندىكى ئىپلاسلىقلىرى خەلقىمىزدە قاتتىق تېڭىرقاش، گاڭگىراش، ئۈمىدسىزلىك پەيدا قىلدى. شۇ چاغلاردا گويا بىر ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلىش، ئۇنى سېتىش - ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئۇسۇلى بولۇپ مەنتىقىلىشىپ، جەمئىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. خەلقىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا خۇپىيانە ساقلىنىپ ياتقان ئۆز ئارا دۈشمەنلىك تۇيغۇسى يەنە بىر قېتىم ئۇزۇقلىنىپ كۈچلەنگەندەك، غىدىقلاپ ئويغىتىلغاندەك بولدى، ئۇنىڭغا قانات - قۇيرۇق، تىرناقلار ئۆسۈپ كەلگۈسى ئۈچۈن ياۋۇزلۇق بىلەن تەييارلاندى. ئۇ قاباھەتلىك، ئېغىر كۈنلەردە بىر قىسىم ياش زىيالىيلار يولداشلىرىنى سېتىش تىجارىتىدە ناھايىتى كۆپ ھايان ئېلىپ، مۇناپىقلىقنىڭ تەمىنى گويدانلا تېتىپ قالدى.

نەتىجىدە ئۆز ئارا دۈشمەنلىك ۋە بىر - بىرىنى سېتىش ئىللىتى پۈتكۈل ساھەلەر بويىچە جەمئىيەتلىشىپ، ئاقىۋەتتە نى - نى يىگىتلەر تۈرمىگە تاشلاندى، سۈرگۈنگە ھەيدەلدى، كاللىسىدىن ئايرىلدى. . . مىللىتىمىزنىڭ ئاران يېتىلگەن ئەڭ مەدەنىيەتلىك، ئەڭ بىلىملىك، ئەڭ جۇشقۇن، ئەڭ ئىجادچان، مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرى - ئىلىم ساھىبلىرى ئۆزىمىزنىڭ زىيالىيلىرىنىڭ قولى بىلەن پاجىئەلىك ھالدا خانىۋەيران قىلىنىپ، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى تولدۇرۇۋالغۇسىز ئېغىر يوقىتىش بولدى.

سىبىق نامى پۇر كەتكەن ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىگە كەلگەندە بىزدىكى دۈشمەنلىك تارىختىكى ھەر قانداق قاباھەتلىك دەۋردىكىدىنمۇ ۋەھشىيانە تۈس ئالدى. بۇ «ئىنقىلاب»نىڭ ئۆزى بىر ئادىمىيلىكتىن ھايۋانىيلىققا چېكىنىش ئىنقىلابى بولغاچقا، ئادەملىرىمىزنىڭ جۈملىدىن زىيالىيلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھايۋانلىققا تەشكىلىي سەپ ۋە قانۇنىي سورۇن ھازىرلاپ بەردى. ئۇلار ۋىجدان - نومۇس، غايە، ئادىمىي پەزىلەت، ئىنسانىي غۇرۇر، ئۆز ئارا ئىشەنچ، دوستلۇق، ئادەمگەرچىلىك، ھەق - ناھەق تۇيغۇلىرىدىن تامامەن ۋاز كېچىپ، بىر - بىرىگە قارشى ياۋۇزلارچە تاشلاندى، غالجىر ئىتتەك بىر - بىرىنىڭ بوغۇزىغا چىش سېلىپ، ئۆز ئارا قانلىق كۈرەشكە ئاتلاندى. بۇ قېتىمقى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆز ئارا دۈشمەنلەشتۈرۈش ھەرىكىتى پىلانلىغۇچىلىرىنىڭ سىياسىي بېسىمى، رەزىل تەرغىباتى، ۋەھشىيانە تەشەببۇسىغا زىيالىيلىرىمىز پىداكارلارچە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئاۋاز قوشۇپ ئۆلگە تىكلەپ بەرگەچكە، «چوڭ بېشىنى ئاچسا، كىچىك كۆتىنى ئېچىپتۇ» دېگەندەك، ئاۋام خەلقىمىز تېخىمۇ غالجىرلىق بىلەن ئومۇميۈزلۈك سەپ تارتىپ ئۆز ئارا دۈشمەنلىشىش جېڭىگە ئاتلاندى. بۇ قېتىمقى دۈشمەنلەشتۈرۈش شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق، شۇ قەدەر ئېچىنىشلىق، شۇ قەدەر پاجىئەلىك بولدىكى، دادا بىلەن بالا، ئەر بىلەن خوتۇن، ئاكا بىلەن ئۇكا، ئاچا بىلەن سىڭىل، بوۋىسى بىلەن نەۋرىسى . . . جەڭ مەيدانىغا يەكمۇ يەك چۈشۈپ، بىر - بىرىنى پاش قىلىشتى، بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشتى، بىر - بىرىگە ھاقارەت قىلىشتى، بىر - بىرىنى چېقىشتى، بىر - بىرىنى سېتىشتى، ھەتتا تومۇرىدا بىر ئاتىنىڭ قېنى ئاقىدىغان قېرىنداشلار بىر - بىرى بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ ئاشكارا ۋە كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان ئەشەددىي رەقىبلەرگە ئايلاندى.

بۇ چاغدا دۈشمەنلىشىش يوللۇق، قانۇنىي تۈس ئالدى، ھېچكىم بۇنىڭدىن نومۇس قىلىشنى، ئېچىنىشنى، يىرگىنىش - سەسكىنىشنى يادىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى. بۇ خىل ھايۋانىيلىق زىيالىيلىرىمىزنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىن

تارتىپ ئادەتتىكى ئاۋام - پۇقرافىچە كەسىپ، ساھە، يۇرت، ئىدارە، ئورۇن تاللىماي ئوخشاش سىياق، ئوخشاش تۇس ۋە ئوخشاش شەكىلدە داۋاملاشتى، ئومۇملاشتى. بۇ ۋەھشىيانە ھەرىكەت 10 يىل توختىماي، ئۈزۈلۈپ قالماي داۋام قىلغاچقا، مىللىتىمىزنىڭ قېنى، زىيالىيلارنىڭ ۋىجدانى تازىلاپ بولغۇسىز دەرىجىدە بۇلغىنىپ، زەھەرلىنىپ كەتتى. گەرچە قەدىمكى زامان، ئوتتۇرا زامان (ئەسىر) ۋە يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا بىزنى ئۈزۈلمەي كەلگەن ئېغىر تارىخىي پاجىئەلەرگە دۇچار قىلغان قىسمەتلەرنىڭ يىلتىزى بىزدىكى ئىتتىپاقسىزلىق ۋە سوپى - ئىشانلارنىڭ مۇناپىقلارچە تەپرىقىچىلىكى ئىكەنلىكى قانلىق ساۋاق سۈپىتىدە يەكۈنلەنگەن، 1940 -، 1950 - يىللاردىكى زىيالىيلارنىڭ ئۆز ئارا قىلىشقان دۈشمەنلىشىشلىرى تۈپەيلى مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈنلەر بىر - بىرلەپ ۋە ھەردائىم تەكرار ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ھەمدە ھېلىقى «ئوڭچىلىققا قارشى تۇرۇش» ۋە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان ۋەھشىيانە ھەرىكەتلەردىن ھەقلىق يوسۇندا ئاللىقاچان ھېساب ئېلىنغان، خەلق تۈگىمەس ھەرىكەتلەردىن قۇتۇلۇپ، ئەمدىلا كۆڭلى تىنىپ ئارامخۇدا جاھاندارچىلىققا قويۇلغان بۈگۈنكى كۈنلەردە يەنە شۇ زىيالىيلىرىمىز ئىناق - ئەپ ئۆتۈشنىڭ ئورنىغا ئۆز ئارا دۈشمەنلىكتىن قول يىغمايۋاتىدۇ. ئۇلار ھەر كۈنى «ئىتتىپاقلىق كۈچ دېمەكتۇر»، «ئىتتىپاقلىق - غەلىبە» دەپ شېئىر - ماقالىلەرنى يېزىپ ئىتتىپاقسىزلىق، يۇرتۋازلىقنى سۆكىدۇ. تۈرلۈك ئەدەبىيات - سەنئەت، خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ خەلقىمىزنى ئىتتىپاقلىققا چاقىرىدۇ - يۇ، دەل شۇ سۆيۈملۈك زىيالىيلىرىمىز ئىش يۈزىدە تەشەببۇسلىرىنىڭ تەتۈرىسىنى قىلىپ ئۆزلىرى پىتنىشمايدۇ. ھەسەتخورلۇقنى شۇنداق قاتتىق سۆكىدۇكى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۇنۋانى، مائاشى، نام - شۆھرىتى بىر - بىرى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك بولسا، ئۆز ئارا سۆكۈت ئىچىدە ئۆتۈشىدۇ، مۇبادا ئۇنىڭ بىرى بىر سەۋەب بىلەن يەنە بىرىدىن سەل - پەل ئېشىپلا كەتسە، ھېلىقى سۆكۈت ئىچىدىكى ئادەتتىكى مۇناسىۋەت بىرلىكۈجىلا بۇزۇلىدۇ - شۇ ھامان ئېشىپ كەتكۈچىنى كۆرەلمەسلىك باشلىنىپ كېتىدۇ - دە، ئۆسەلمىگىنى ئۇنى ۋاستە تاللىماي چۆكۈرىدۇ، غاجايدۇ، ئارقىسىدىن ئىغۋا تارقىتىدۇ. ئۇنىڭغا يېپىشمايدىغان ئىللەتلەرنى ئارتىپ سېستىقاننى ئاز دەپ، بىگۇناھ خوتۇن - بالىلىرى ئۈستىدىن تۆھمەت توقۇيدۇ. تېخى ئۇنىڭ ئۈستىدىن يۇقىرىغا مەخپىي خەت يېزىپ چېقىم قىلىدۇ. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، يۇقىرىدىن چاقىرتمىسىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدەپ بېرىپ «ئەھۋال ئىنكاس قىلىدۇ». مەيلى توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن ئۇنىڭ ھەر قانداق ئىشىنى «ئولتۇر - قوپ» سورۇنىنىڭ ئۈستىدە شائىخو ۋە كۈلكىنىڭ دەستىكى قىلىدۇ؛ ھەتتا چىشلەپ تارتمىغان ئۇنىڭ يۇرتى، ئاتا - بوۋىسى قالمايدۇ. يۈز ئېغىز گېپىنىڭ - پۈتۈن زەھەرلىك پىتنىسىنىڭ ئەسلى مەنىسى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ: «ئۇ بولمايدۇ، مەن بولىمەن!» دىن ئىبارەت.

مۇبادا، ئۇنۋان باھالاش، مائاش ئۆستۈرۈش، مەنسەپكە تەيىنلەش ۋە ئەسەر مۇكاپاتلاش، ئوقۇشقا ئەۋەتىش، چەت ئەلگە چىقىش، ئەسەر ئېلان قىلىش، تۆھپىسى بارلارنى تونۇشتۇرۇش، ئىدارىگە خادىم قوبۇل قىلىش، ئۆي تەقسىماتى، پەرزەنتلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ... قاتارلىق ئىشلاردا قولىدا ھوقۇق بولسا، ئەڭ ئاۋۋال ئۆز يۇرتلۇقىنى ئۆستۈرىدۇ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ غەمخورلۇق قىلىدۇ. ئادەتتىكى خادىم بولسا، ئۆز يۇرتلۇقى ئۈچۈن دۇمباق چالىدۇ، باشقا يۇرتلۇققا قارشى جامائەت پىكرى تەييارلايدۇ. ئەگەر بىرسىنىڭ بېشىغا كېلىشمەسلىك كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ھېچبىر مۇناسىۋىتى يوق يەنە بىرى خۇشال بولىدۇ. «خوپ بولدى» دەپ چاۋاك چالىدۇ، ۋەھاكازالار.

نەزىرىمدە، ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر پېشقەدەم زىيالىي بار ئىدى. مەن ئۇ زاتنى بەكمۇ ئۇلۇغلايتتىم. چۈنكى ئۇ ئەدەبىيات ۋە مائارىپ ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەرباب ئىدى. ئىشىنىمەنكى، ئۇ زاتنى مەنلا ئەمەس، پۈتكۈل ئۇيغۇرلار خۇددى مەن ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەيدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ.

بىر كۈنى مەن ئۇ زات بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىر پىنھاندا ھەمسۆھبەت بولۇشتۇق. بىزنىڭ سۆھبىتىمىز تېخى باشلىنار - باشلانمايلا ئۇ زات يەنە بىر زاتنىڭ يامان سۈپەتلىرى توغرىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن سۆزلىدى. گېپىنىڭ ئورامىغا قارىسام، بۇ زاتنىڭ كۆيۈپ - پىشىپ ماڭا ئېزىپ ئىچۈرۈۋاتقىنى 40 - يىللاردىكى مەسلەك ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى كېلىپ چىققان زىددىيەت ۋە يەنە بىر مەشھۇر شائىرنىڭ مۇخەممەسىدە ئىشلىتىلگەن بىر «پەش» مەسىلىسى ئىكەن. بۇ زاتنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىرغىچە ئېلان قىلىنىۋاتقان ئۇ داڭلىق شېئىردا بۇ پەشنىڭ ئورنى يەنە بىر مەشھۇر پېشقەدەم شائىر تەرىپىدىن بۇرمىلىنىپ يۆتكىۋېتىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مەشھۇر شائىر 40 - يىللاردا بۇ مۇخەممەسنى ئېلان قىلغاندا، ئۇ پەش ھازىر ئۆزى ئەيىبلەۋاتقان زاتنى پاش قىلىش نىيىتىدە قويۇلغانىكەن. ئەپسۇسكى، ئۇ مەشھۇر شائىر ھازىر ھايات بولمىغاچقا، ھۇجۇمغا ئۇچرىغۇچى زات باشقىلار (يەنە بىر ھايات مەشھۇر شائىر) نىڭ قولى بىلەن ئۇ پەشنىڭ ئورنىنى يۆتكىۋېتىپ، ئۆزىنى «ئىنقىلابچى» قىلىۋاپتىمىش. ساناپ باقسام ھېلىقى مۇخەممەسنىڭ ئېلان قىلىنغىنىغا 50 نەچچە يىل بوپتۇ، لېكىن بۇ «پەشنىڭ دەۋاسى» ھازىرغىچە تۈگىمەپتۇ.

بۇ زات قارىلاۋاتقان يەنە بىر زاتمۇ شۇ كۈنلەردە هايات ياشاۋاتقان ھەمدە ئاجايىپ ئۇلۇغ ئەمگەكلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئالغان كاتتا ھۆرمەت ساھىبى ئىدى. ئۇلار تەڭ ياشلىق بولۇپ، ھەر ئىككىسىلا 70 ياشتىن ھالقىغان، خاتا سىياسەت بىلەن ئۇۋال قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان، كۆپ مۇشەققەت ۋە رىيازەت چەككەن، مىللەت ئۈچۈن بىھېساب تەر تۆككەن ھەمدە شۇ كۈنلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۆھتەرەم ئاتىلىرى سانىلىدىغان ئۇلۇغلىرىمىز ئىدى. مانا مۇشۇنداق بۈيۈك زىيالىيلىرىمىزنىڭ - مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسىنى تارىخىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ كۆزىتەلەيدىغان مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا تارىختىن بۇيان تۆپە - تۆپىلەپ كېلىۋاتقان بالا - قازا ۋە ئاپەتلەرنىڭ يىلتىزى ئىتتىپاقسىزلىق ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرىنىڭ شاھانە ئەسەرلىرىدە كۆز يېشى بىلەن بايان قىلىپ، بۇ ئاچچىق ساۋاقنى مەڭگۈ ئۇنتۇماسلىق ھەققىدە كىشىنى قايىل قىلىدىغان تەربىيەتلىرى بىلەن بىزگە ئاق - قارىنى تونۇتۇپ كېلىۋاتقان بۇ مىللەت ئاتىلىرىنىڭ ئاشۇ بىر تال پەش توغرىسىدىكى ئەرزىمەس زىددىيەتلىرىنى 50 نەچچە يىللاپ تۈگەتمەي، قارشى تەرەپنى تىللاپ، ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا داغ تەگكۈزۈپ يۈرۈۋاتقىنى مېنى قاتتىق چۆچۈتتى ۋە بەكمۇ ئازابلاندىم.

بۇ گەپ مېنى تولىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالدى. مىللەت ئىدېئولوگىيىسىنىڭ چوققىسىدا تۇرۇۋاتقان، ھەممىمىز بىلىدىغان بۇ ئاقىللار، بۇ دانىشمەنلەر، بۇ پەيلاسوپلارنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقسىزلىقى، ئۆزلىرىنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىگە بولغان مەسئۇلىيەتسىزلىكى بۇ دەرىجىگە چۈشۈپ قالسا، باشقا ئادەملەرنىڭ پېتىشماسلىقى - ئۆز ئارا قولاشماسلىقى توغرىسىدا ئېغىز يىرىپ سۆز، ئېچىشنىڭ ئورنى بارمۇ؟

مۇشۇ كۈنلەردە ھەممىمىز كىمدۇر بىرى بىز بىلەن پىكىرداش بولمىسا ۋە ياكى قايسىبىر زامانلاردا بىز بىلەن مەلۇم مەسىلە ۋە ئىش ئۈستىدە كىچىككىنە بولسىمۇ ئارازلىشىپ قالغان بولسا ياكى بايىقى پېشقەدەملەردەك ئادەملەرنىڭ «پەش» مەسىلىسىدە مەيدانىمىز ئوخشىماي، بىز يامان كۆرىدىغان يەنە بىر پېشقەدەم بىلەن ياخشىراق ئۆتسە، بىز دەرھال ماقالە يېزىپ ياكى ئوبزورچىنى «سېتىۋېلىپ» ، ئۇنىڭغا قارشى شەپقەتسىزلەرچە جازا يۈرۈشى ئېلىپ بارىمىز. بىرسى يەنە بىرسىنىڭ قايسىبىر ئەسىرى ئۈستىدە ئوبزور ئېلان قىلغان بولسا، بىز تەنقىد قىلىنغان ئۇ ئەسەرنى تېخى ئوقۇماي تۇرۇپلا ھېلىقى ئوبزورنى چالا - بۇلا كۆرۈۋېلىپ، دەرھال: «پالانچىنى ئەجەب باپلاپتۇ-ھە؟!» دەپ ھاياجانلىنىپ تىترەپ كېتىمىز. خوش، سەن ئۇنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇغانمۇ؟ ياق. بوپتۇ ئوقۇغانمۇ دەيلى، ئوبزوردا دېيىلگەن مەسىلىلەرنى سەن بايقىغانمۇ؟ بايقىغان بولساڭ ماقالە يازدىڭمۇ؟ ياق. ئۇنداق بولسا، خەق تەنقىدكە ئۇچرىسا ياكى ناھەق ئازار يېسە، نېمانچە خۇش بولۇپ كېتىسەن؟

يەنىلا بۇ يەردىكى توپ غەرەز: «ئۇ بولمايدۇ، مەن بولىمەن!» دېگەندىن - مەنمەنلىك تالاشقاندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىر كۈنى تويدا بىرسى مەن ئولتۇرغان يەرگە قىستىلىپ كەلدى. ئۇ تېخى يېڭىراق خىزمەتكە ئورۇنلاشقان، ئۇدۇل كەلگەن يەردە مەمەدانلىق قىلىپ يۈرىدىغان، تېخى يېقىندىلا بىر ژۇرنالدا بىر پارچە يازما ئېلان قىلىپ باققان بىر ھەۋەسكار ئاپتور ئىدى. ئۇ ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوقلا: «سىز يازغۇچىلىقنى قاملاشتۇرالمىدىڭىز» دېدى. مەن ھاڭ - تاڭ قالدىم ۋە ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ: «ئوبزور يېزىڭ» دېدىم. «يازىمىز، ئالدىرىماي تۇرۇڭ تېخى!» دېدى ئۇ زەردە بىلەن. ئاندىن: «مەن سىزدىن ئېشىپ كېتىمەن، سىزدىن ياخشىراق يازالايمەن، مېنىڭ قانداق يازغۇچى ئىكەنلىكىمنى كېيىن بىلىپ قالىسىز!» دېدى ئۇ ئاخىرىغا ئۇلاپلا. «مەن سىزدىن يازغۇچىلىقنىڭ كۆلەڭگىسىنىمۇ كۆرمەيۋاتىمەن، يازغان نېمىلىرىڭىزنى ۋاراقلاپ كۆردۈم. لېكىن سىز ئېيتقاندەك قالتىسلىقنىڭ پۇرىقىمۇ يوققۇ؟!» دېدىم رەھىمسىزلىك بىلەن. ئۇ جىم بولدى ۋە تۇرۇپلا: «چاقچاق كۆتۈرەلمەيدىكەنسىز. مەن سىزگە چاقچاق قىلغانتىم» دېدى ئۇ بېزەڭلىك بىلەن. مەن: «سىزدەكلەر بىلەن چاقچاقلىشىشقا چولام تەگمەيدۇ!» دەپ جاۋاب بەردىم. بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداقلاردىن بىر - ئىككىسى بىر زىياپەتتە مېنى ئارىغا ئېلىپ: «سەن ئۇنداق يازسەن، ئۇنداق يازماي مۇنداق يازمامسەن» دەپ شالىنى چېچىشقانىدى. مەن: «سەن شۇنداق يازساڭ بولمامدۇ؟» دېسەم، «قاراپ تۇر، بىز دېگەن كەلگۈسىنىڭ يازغۇچىلىرى. ھازىر ئەدەبىيات يوق، كەلگۈسىدە ئەدەبىياتنى بىز يارىتىمىز!» دېيىشكەنىدى. غەرەز ئوچۇققۇ؟ بۇلارنىڭ يۈرىكىنى تاتىلاپ شۇ دەرىجىدە پەسلىشىشكە ۋە ئۇيالماسلىققا ئۈندەۋاتقان نەرسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى ناھايىتى روشەنغۇ؟! شۇ كۈنلەردە بىرسى ئوبزور يازسا (پەقەت ئايرىم ئادەملەر دەپ تورايلى) چوقۇم ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر - ئىككى دەيدەيچى بار ئىكەنلىكى ئېنىق. ئۇلار ئۆزلىرى يازالمايدۇ، لېكىن باشقىلارنى كۇشكۇرتۇپ، شۇنىڭ قولتۇقىغا كىرىپ، ئۇنىڭ قولى بىلەن خەقنىڭ ئارقىسىدىن پىچاق ئۇرىدۇ!

بۇنداق مۇناپىقلارچە، جاسۇسلارچە پەسكەشلىككە زادى نېمە سەۋەب بولۇۋاتىدۇ؟ يەنىلا شۇ بىر ئېغىز گەپ: «سەن بولمايسەن، مەن بولىمەن!» دىن ئىبارەت. ئەپسۇسكى، ئۆزىمىزنىڭ زادى قانچىلىك دەرىجىدە «بولىدىغان» ۋە «بولمايدىغان» لىقىمىزنى بىر خۇدا بىلىدۇ!

بۇ، مۇشۇ كۈنلەردە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەردىلا ئومۇملاشقان ئىللەت ئەمەس، ئەلۋەتتە. مەيلى ئىجتىمائىي پەن، مەيلى تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى زىيالىيلار ۋە مەيلى مەمۇرىي كادىرلارنىڭ پىسخىكىسىنى ئانالىز قىلىدىغان، ئەتراپىمىزغا سەللا نەزەر تاشلاپ باقىدىغان بولساق، ھېلىقىدەك چىدىماسلارنىڭ ھەممىلا يەردىن تېپىلىدىغانلىقىنى، ھەممىمىزنىڭ ئوخشاشلا چىدىماس - ھەسەتخور ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئاشكارا بايقايمىز. ئۆزىمىزنىڭ شۇنداقلىقى ئۆزىمىزگە كۈندەك روشەن، لېكىن بۇنى ھېچكىم ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ.

زىيالىيلار توپلاشقان ھەممە ساھەدىن بىر - بىرلەپ يازمىساقمۇ گەپكە توغرا كەلگەندە مۇنۇ ئىككى مىسالنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە قىلار.

مەلۇم بىر بىنانىڭ بىر دەنيۇەنى (كۋارتالى) گە سەپسىن XX لىقلار كېلىپ ئورۇنلىشىپتۇ. ئۆي تەقسىم قىلغاندا بۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر ئاتۇشلۇقمۇ ئارىلىشىپ قالغانىكەن، كېيىن ئۇلار بۇ ئاتۇشلۇققا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق ئۆيدىن بىر يۈرۈش ھەل قىلىپ بېرىپ، ئۇنى بۇ بىنادىن كۆچۈرۈۋېتىپتۇ.

ھەممىسىلا ئۇيغۇر، يەنە كېلىپ بىر ئىدارىدە ئىشلەيدۇ، لېكىن ھېلىقى ئاتۇشلۇققا بەلگىلىمىدىن ئاشۇرۇپ بىر يۈرۈش چوڭ ئۆي ھەل قىلىپ بېرىپ بولسىمۇ ئۇنى كۆچۈرۈۋېتىشكە نېمە سەۋەب بولغاندۇ؟

ئەسلىدە بۇ بىناغا XXلىق بىر چوڭ رەھبەر دائىم كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىكەن. بۇ بىنادىكىلەر ھەمىشە بۇ رەھبەرگە ۋاقتى - ۋاقتى بىلەن دەنيۇەن بويىچە داستىخان سېلىپ تۇرىدىكەن ۋە داستىخاننىڭ ئۈستىدە ئۇ رەھبەر بىلەن ئۇستۇرۇشكە تېگىشلىك XXلىق چوڭراق زىيالىيلارنىڭ نامزاتىنى مۇزاكىرە قىلىشىدىكەن. شۇڭلاشقا، ھېلىقى ئاتۇشلۇق بۇ يەردە ئارتۇقچە ئىكەن. ئۇلار ھېلىقى ئاتۇشلۇقنىڭ سەۋەبى بىلەن پەيدا بولىدىغان بىئەپچىلىكتىن قۇتۇلۇش ۋە بۇ يۇرتداشلار كومپانىيىسى (ياكى «پارتىيىسى») نىڭ «پائالىيەت»لىرىنىڭ سىرتقا يېيىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ ئاتۇشلۇقنى كۆچۈرۈۋېتىشكە «مەجبۇر» بوپتۇ!

مەلۇم ئىدارىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا بەش ئائىلە بىر - بىرى بىلەن قالتىس يېقىن ئۆتۈشىدىكەن. ئۇلارنىڭ يېقىنلىقى شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى، ئەرلىرى ئەرلىرى بىلەن، ئاياللىرى ئاياللىرى بىلەن جان - جىگەر دوست، باللىرى باللىرى بىلەن «قوشماق ئاداش» ئىكەن. ئۇلار خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنىسى ئۆز ئارا «قاتار چاي» ئوينىشىدىكەن، بىر ۋاق تاماقنى بىر - بىرىسىز يېيىشمەيدىكەن، ئەرلىرى بىر بوتۇلكا ھاراقنى بىر - بىرىسىز ئىچىشمەيدىكەن. باللىرىمۇ مەكتەپكە بېرىشتا - يېنىشتا، تاپشۇرۇق ئىشلەشتە، ئويناشتا بىللە ئىكەن.

خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن نېمىشكىدۇر (نېمىشكە بولاتتى، بىز خەقنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئاخىر يەنىلا غالىب كېلىپ) ئۇلارغا «كۆز تېگىپتۇ». باشلىرىغا شەيتان چىچىپتۇ!

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسىنىڭ خوتۇنى ئېرىنى يەنە بىرسىنىڭ خوتۇنىدىن كۈنلەپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن باشقىلىرىغىمۇ دەز كېتىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ بەش ئائىلە بەش جەڭگىۋار قوشۇنغا، بەش ئۆي بەش ئىستىھكامغا ئايلىنىپ، بىر - بىرىگە قارشى قانلىق جەڭ باشلاپتۇ - ئەرلىرى ئەرلىرى بىلەن مۇشتلاشسا، ئاياللىرى ئاياللىرى بىلەن چاچلىشىپتۇ، قىزلىرى قىزلىرى بىلەن تىللاشسا، ئوغۇللىرى يەنە بىرلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە چالما - كېسەك ياغدۇرۇپتۇ. ئۇلار خەلقى - ئالەم ئىچىدە شۇ دەرىجىدە سەتلىشىپتۇكى، تۈنۈگۈنكى «ئىجىل - ئىناق جان دوستلار»نىڭ كاللا - باشلىرى يېرىلىپ، ئاغزى - بۇرۇنلىرى قانغا بويۇلۇپ، بىر - بىرلىرىنىڭ چۇۋۇنتۇقلىرى چۇۋۇلۇپ، دېمىگەن گەپ، قىلمىغان تىل - ھاقارەتلىرى قالماپتۇ. ئىلگىرى: «ھەي، قاراڭلار بۇ جان - جىگەرلەرگە، مۇشۇلارغا كۆز تەگمىسە بولاتتىغۇ» دېيىشىپ قالغان باشقا قولۇم - قوشنىلار: «توۋا، خۇدايىم!» دېيىشىپ ھاڭ - تاڭلىق ئىچىدە ياقىلىرىنى چىشلىشىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. بىرسىنىڭ ئايالى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇ ئائىلە ئوغۇل تۇغۇلغىنىغا خۇشال بولۇپ مېھمان چاقىرىپتۇ، لېكىن ھېلىقىلارنىڭ بىرىنىمۇ چاقىرماپتۇ. بۇ ئائىلە شۇنداق كاتتا سورۇن تەييارلاپتۇكى، ئۇدۇل قوشنىسىنى كۆرسۇن، دەپ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى يوغان ئېچىۋېتىپتۇ (ئۇدۇل قوشنىسى دەل ئۆزىنىڭ ئىلگىرى «جان - جىگىرى»، ھازىرقى دۈشمىنى ئىكەن). مېھمانلار كېچىچە يەپتۇ، ئىچىپتۇ، قورۇنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك قىلىپ «خانلەيلۇن»گە توۋلىشىپتۇ. مېھمانلار ناھايىتى كەچ تارقىشىپتۇ. ئۇلار مېھمانلارنى ئۇزىتىۋېتىپ كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، بوۋاق ئوت - كاۋاپ بولۇپ قىزىپ ياتقان، ئەر - خوتۇن ئىككىسى: «ۋاي ئاللا - كاللا!» دېيىشىپ بوۋاقنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا يۈگۈرۈشۈپتۇ. لېكىن بەختسىز بوۋاق يېرىم يولدىلا جان ئۈزۈپتۇ. ئەسلىدە ئۇلار ئۇدۇل قوشنىسىغا مېھمانلىق شىرەسىدىكى نازۇ - نېمەتلەرنى كۆز - كۆز قىلىش، سورۇننىڭ دەبدەبىسى ۋە قىزىقچىلىقىنى نامايان قىلىش مەقسىتىدە ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتكەن ۋە ھاۋا سوغۇق بولغىنى ئۈچۈن ئەمدىلا قىرىقى توشقان بوۋاقنىڭ ئۆپكىسىگە سوغ تەگكەن، لېكىن ئۇلار مېھماندارچىلىقنى «كۆز - كۆز» قىلىشنىڭ ئىزتىراپى بىلەن بوۋاقنىمۇ تۈزۈكرەك قارىيالماي قالغانىكەن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار دۈشمەنلىكنىڭ دەيدىيىدە

دۇنياغا يېڭىلا كۆز ئاچقان سۆيۈملۈك پەرزەنتىدىنمۇ ئايرىلىپ قاپتۇ. دۈشمەنلىك تەنتەنىسى بالا - قازاغا، ئاھۇ - پەريادلىق ھازىغا سەۋەبكار بولۇپتۇ. ھېلىقى قوشنىلىرى بولسا: «خوپ بوپتۇ. ئەجەب نايناقلاپ كېتىشىۋىدىڭ، خۇدايىم جاجاڭنى مانا مۇشۇنداق بېرىپتۇ!» دېيىشىپ كۈلۈشۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ بەش ئائىلىلىك «قىيامەتلىك دوستلار» - گۆرىگىمۇ بىللە كېتىشكە قەسەم ئىچىشكەن «كىندىكى قوش»لار بىر كېچىدىلا بىر - بىرىنىڭ قېنىنى ئىچىشىشمۇ دەردى چىقمايدىغان رەقىبلەرگە ئايلىنىپتۇ. ئاخىرىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ئۈچى بۇ ئىدارىدىن باشقا ئىدارىگە يۆتكىلىپ كېتىپتۇ.

## بىر قىسىم ئەدىب - سەنئەتكارلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى خەلق

زىيالىيلارنى مىللەتنىڭ سەركىسى دېسەك، يازغۇچى - شائىرلارنى زىيالىيلارنىڭ سەركىسى دېيىشكە ھەقلىقمىز. چۈنكى بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئالدى بىلەن ئۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى ئۆزىگە بەلگە قىلىدۇ. يازغۇچى - شائىرلار شۇ مىللەتنىڭ ئىدېئولوگىيىسىگە، روھىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مىللەت يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئانىسى، يازغۇچى - شائىرلار مىللەتنىڭ تىلى، ئاۋازى، ۋەكىلىدۇر. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، يازغۇچى - شائىرلار ھەم مىللەتنىڭ ئوغلى، ھەم شۇ مىللەتنىڭ بايرىقى، شۇ مىللەتنىڭ قاشقىسى. يازغۇچى - شائىرلارنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مىللەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۇنىڭ يازغۇچى - شائىر دېگەن نامغا مۇناسىپ ياكى ئەمەسلىكىنى بەلگىلەيدۇ.

بىر ھەقىقىي يازغۇچى ياكى شائىر ئالدى بىلەن ئۆز خەلقىنى ئانىسىنى سۆيگەندەك چىن مۇھەببەت بىلەن سۆيىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈلىدۇ. يۈرەك قېنىنى سىياھ قىلىپ شۇ مىللەتنىڭ كەيپىياتىغا، ئومۇمىي تەپەككۇرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى يازغۇچى - شائىرلارنى خەلق سۆيىدۇ، ئۇلاردىن پەخىرلىنىدۇ.

ئەپسۇسكى، بىزنىڭ يازغۇچى - شائىرلىرىمىز ئىچىدە شامالنىڭ چىقىشىغا، توكنىڭ يېتىشىغا قاراپ ئەسەر يازىدىغان، «ئىجادىيەت» دېگەننى پىكىر ۋە يېڭى ئالغا پەللىسى يارىتىش مەناسىدا ئەمەس، ئەكسىچە قۇرۇق ۋەقە توقۇش، سۆز ئويۇنى قىلىش، قاپىيە تىزىش دەپ چۈشىنىدىغان، ئىككى - تۆت تال بىر نېمە يېزىپ قويۇپ ئەمەل، نام - شۆھرەت دەۋاسى قىلىدىغان، يازغۇچى - شائىرلىقنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ قورالى قىلىۋالىدىغان، ئۆزىنى «ئەدىب» دەپ ئاتىۋالغان بىلەن مىللەتكە، خەلققە زۆرۈر ئەدەبىياتنىڭ نېمىلىكىنى زادىلا چۈشەنمەيدىغان ئۆتتۈر ئوقەت پۇرسەتپەرەسلەر ۋە شۇئارچىلارمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خەلقنىڭ شۇ كۈنلەردىكى ھالى - ئەھۋالىنى - ئۇنىڭ قايغۇسى، ھەسرىتى، ئەندىشىسى، ئارزۇ - ئارمىنىنى زادىلا چۈشەنمەيدۇ. ھەتتا ئۇ جەھەتتە ئويلاشنىمۇ خالىمايدۇ. خەلقنىڭ نېنىنى يەپ تۇرۇپ خەلقنى ياراتمايدۇ، كۆزگە ئىلمايدۇ، ئارسىزلىقى بىلەن خەلقتىن ئۇيالمايدۇ.

1992 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم ناھىيىسىدە بىر توپلانما بولدى. مەنمۇ تەكلىپ بىلەن بۇ ئۇچرىشىشقا داخىل بولۇپ قالدىم. شەھەردىكى ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك يىغىندىن كېيىن توپلانما ساھىبخانى بىزنى بۇ ناھىيىگە يانداش يەنە بىر ناھىيىگە سەيلى - ساياھەتكە ئېلىپ باردى. ئۇ ناھىيىگە كەچ يېتىپ باردۇق - دە، ئەتىسى ئەتىگەندىلا تارىم دەرياسى بويىغا جۆنەپ كەتتۇق. ئاپتوبۇسىمىز دەريا بويىغا يېقىنلىغانسېرى بىزگە تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ بىر توغراقلىق ئورمان تەرەپكە قاراپ كېتىپ بارغان دېھقانلار يولۇقۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تراكتور، ھارۋىلاردا، بەزىلىرى ئاتلىق، بەزىلىرى ئېشەكلىك ۋە بەزىلىرى بولسا پىيادە كېتىپ باراتتى. توپ - توپ بولۇپ كېتىۋاتقان بۇ دېھقانلارنىڭ ئەپتىدىن خۇددى توپىغا ماڭغاندەك بىر خىل خۇش خۇيلۇق چىقىپ تۇراتتى. بۇ ھالىنى ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كىيىنىشلىرىدىنمۇ بىلىۋالغىلى بولاتتى - تاپقانلىرى يېڭى ۋە چىرايلىق، تاپالمىغانلىرى كونا بولسىمۇ پاكىز ۋە رەتلىك كىيىنگەنىدى.

ئاپتوبۇسىمىز ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى ئارىلاپ دەريا تەرەپكە قاراپ ئۈزۈپ كەتتى. ئۇلار ئاپتوبۇسىمىزغا قاراپ خۇش خۇي چۇقان سېلىشىپ چاڭ - توزاندا كۆمۈلگىنىچە ئارقىمىزدا قالدى. بىز ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ دەريا بويىدا سەيلە قىلدۇق. دەريا بەك ھەيۋەت ئىدى. ئانا دەريانىڭ ۋۇجۇدىمىزدا قوزغىغان ھاياجىنى بىلەن تېنىمىز جۇغۇلداپ كەتتى. مۇشۇ دەريانىڭ ئۆتمۈشى توغرىسىدا - بۇ ئانا دەريا بىزگە تۇغۇپ بەرگەن سەلتەنەتلىك - ئۇلۇغ مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ تارىخى توغرىسىدا، ئاشۇ شانلىق مەدەنىيەتنىڭ شەرەپلىك ئىگىسى بولغان بىز ئۇيغۇرلار توغرىسىدا، خەلقىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، باتۇرلۇقى، ئىشچانلىقى توغرىسىدا بىر - بىرىمىزگە گەپ بەرمەي سۆزلەشتۇق. بەزىلىرىمىز رەسىمگە چۈشتۇق، بەزىلەر ھەتتا شېئىر يېزىشتى. بىزنىڭ شۇ چاغدىكى قىزغىن ۋە ھاياجانلىق روھىي ھالىتىمىزگە قاراپ، ھەر قانداق بىر كىشى بۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ ئۆز خەلقىنى يالقۇنلۇق مۇھەببەت بىلەن سۆيىدىغان، بۇ ئانا دەريانى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان بىر توپ خەلقپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ھەم ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىكەنلىكىدىن زادىلا گۇمان قىلمايتتى.

بىز دەريا بويىدا بىر - ئىككى سائەت ھايال بولغاندىن كېيىن، يولباشلىغۇچىغا ئەگىشىپ دەريا ساھىلىنى يۇقىرىلاپ ياتقان توغراقلىققا قاراپ ماڭدۇق. بىر كەمدە توغراقلىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى بىر كەڭرى بوشلۇققا چىقىپ قالدۇق. قارىغۇدەك بولساق، ئۇ يەردە سانجاق - سانجاق ئادەم. ئەتراپتا توختاپ كەتكەن تراكتور، ھارۋا، ئات - ئۇلاغنىڭ سانى يوق. ئادەملەر توپ - توپ بولۇشۇپ توغراقنىڭ سايىسىدا، كىچىك بالىلار بولسا توغراق شاخلىرىغا مىنىشىپ ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇزاقتىن كىملەرنىدۇر زارىقىپ كۈتۈۋاتقاندەك بىر خىل قىياپەت چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىشىمىز بىلەن تەڭ ئۇلار «گۆررىدە» قىلىشىپ ئورۇنلىرىدىن قوپۇشتى. ئالامان ئۆرە - تۆپە بولۇشقا باشلىدى. «ئەنە، يازغۇچىلار كەلدى! . . .» دېيىشەتتى ئۇلار چەكسىز قىزىلىش ۋە ھاياجاندا بىز تەرەپكە تەلپۈنۈپ. ئەسلىدە ئۇلار بىزنى كۈتۈپ تۇرغان دېھقانلار بولۇپ، بايا يولدا بىزگە ئۇچرىغانلار ئىدى.

يولباشلىغۇچى توپنىڭ ئارىسىدىن يول ئېچىپ بىزنى بىر دائىرىنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىردى. قارىغۇدەك بولساق، بۇ بوشلۇققا ئوتقاشتەك گىلەملەر سېلىنىپ، داستىخانغا يېڭىلا ئۈزۈلگەن قوغۇن - تاۋۇز، ئۈزۈم - شاپتۇل پەۋەس - پەۋەس تىزىلىپ كېتىپتۇ. بىر چەتتە ناخشىلىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سازچىلىرى بىلەن ناخشىچى - ئۇسسۇلچى قىزلىرى ئۆزلىرىنى راسلىشىپ بىزگە قاراپ تۇرۇپتۇ. سورۇندىن ئورۇن ئېلىش باشلاندى. بىرىم ئېتىزچىلىك كېلىدىغان بۇ سورۇننىڭ چۆرىسىدە بولسا ھېلىقى دېھقانلار پورپاڭ شورتوپا توزۇپ تۇرغان داق يەردىلا ئولتۇرۇشۇپ، ئارقىدىكىلىرى بولسا ئۆرە تۇرۇپ، بەزىلىرى توغراقلارغا يامىشىپ، ئات - ئۇلاغلىرىغا قايتىدىن مىنىشىپ، تراكتور كوزۇپلىرىدا كاللا - مونەك بولۇپ تىقىلىشىپ بىزنى قاتمۇ قات ھالقا بولۇپ ئورۇۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 70 - 80 ياشلىق بوۋاي - مومايلاردىن تارتىپ قۇچاقتىكى بوۋاقلارغىچە بار ئىدى. ھاكىمنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، ئۇلارنى ئادەتتە بىرەر يىغىن بولسا ناھايىتى كۈچەپ سەپەرۋەر قىلىپمۇ بۇ يەرگە بۇنچىلىك يىغقىلى بولمايدىكەن. لېكىن تۈنۈگۈن ئاخشام يېزا رادىئوسىدا: «ئەتە ئۈرۈمچىدىن كەلگەن يازغۇچىلار دەريا بويىغا سەيلىگە چىقماقچى» دەپ خەۋەر ئاڭلاتقانىكەن، بۇ خەۋەر ئۇلارنى شۇ دەرىجىدە قوزغىۋېتىپتۇ. ئۇلار بۇ يەرگە ئۆزلىرى ئادەتتە نامىنى ئاڭلىغان، كىتابلىرىنى ئوقۇغان ياكى رادىئودا ئەسەرلىرىنى ئاڭلىغان يازغۇچى - شائىرلارنى بىر كۆرۈۋېلىش ئىستىكىدىلا ئۆزلۈكىدىن كەلگەنىكەن. ئۇلار جاڭگال ئىچىگە بەك تارقاق جايلاشقان بولۇپ، بەزىلىرى ھەتتا 15 - 20 كىلومېتىر يول بېسىپ كېلىدىكەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇستىباش ۋە چىرايلىرىنى چاڭ - توزان باسقان بولسىمۇ، قىسىلغان كۆزلىرىدىن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز بىر خۇشاللىق، ھاياجان، قىزىقىش چاقناپ تۇرغان بۇ ئادەملەرگە بىر خىل چەكسىز، تەرىپلەپ بەرگۈسىز ھۆرمەت، سۆيۈنۈش ۋە يەنە ئاللىقانداق ئىچ ئاغرىتىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان تۈيغۇ ئىچىدە بىر - بىرلەپ ۋە تويماي قاراپ كەتتىم. شۇ مىنۇتتا كاللامدا: «خەلق - بىزنىڭ خەلقىمىز! » دېگەن سادا ياڭراپ، ۋۇجۇدۇم بىر غايىۋى كۈچتىن تىترىگەندەك بولدى. ئۆزۈم بىر پارچە ئوت بولۇپ لاۋۇلداپ كەتتىم.

ساھىبخان داستىخانغا تەكلىپ قىلىشى بىلەن سورۇندىكىلەر بەس - بەستە قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلەرگە دۈم چۈشۈپ ھايتىنى - ھۇيت دېگۈچە چالا غاجاپ تاشلانغان شاپاقلار داستىخانغا تۇشۇپ كەتتى. قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلەر توختاۋسىز كەلتۈرۈلۈۋاتاتتى، ئېلىپ كېلىنگەنلىرى ئۈلگۈرمەيۋاتاتتى. بەزىلىرى قوغۇن تىلىمىنى بىر چىشلەپ تاشلاپ قويۇپ تاۋۇزغا قول ئۇزىتاتتى، شاپتۇلنى بىر چىشلەپ ئۈزۈمگە يېپىشاتتى. بىركەمدە لىگەن - لىگەندە ھازىرلا سۈزۈلگەن ئىسسىق پاقلان گۆشلىرى كەلتۈرۈلدى، بىزنىڭ ئادەملەر ئۆزلىرىنى ئۇنتۇشۇپ گۆشكە ئېتىلدى. بەزىلىرىنىڭ ئاغزى قولىدىكى گۆشتە بولسا، كۆزى لىگەندىكى گۆشتە ئىدى. لىگەنلەر ئۆزلۈكسىز بىكارلىنىپ تۇردى. چالا غاجالغان سۆڭەكلەر، بىر چىشلەپ تاشلانغان مايلىق گۆشلەر شاپاقلارنىڭ ئارىسىغا تاشلىناتتى. ئارقىدىنلا ئوغلاق گۆشىدە قىلىنغان كاۋاپ كەلتۈرۈلدى. كاۋاپ زىخى شۇنچىلىك ئۇزۇن ئىدىكى، بىر تال زىخقا بىرەر كىلو گۆش ئۆتكۈزۈلگەندەك قىلاتتى. قىرقىلمىغان ئوغلاقنىڭ گۆشىنى پىياز - ۋە دورا - دەرمەك بىلەن قىيما قىلىپ پىشۇرغان كاۋاپنىڭ مەززىلىك ھىدى بۇ قەدىمىي توغراقلىقنى بىر ئالدى. نەدىن كەلگەن ئىشتىھا ئىكىن، ئادەملىرىمىز تويغىنىدىن كۆزلىرىنىڭ غىلىيىپ قالغىنىغا قارىماي لوقما - لوقما كاۋاپنى چالا چايناپ يۇتاتتى، بەزىلىرى تويغىنىدىن ئەتۇر چايناپ قېلىپ كاۋاپنى زىخى بىلەن بىللە شاپاقنىڭ ئۈستىگە تاشلايتتى - دە، قىزىق ۋە قېنىق چايغا ئالدىرايتتى.

بىر - ئىككىيلەن بولۇۋاتقان بۇ ئالامەتكە قاراپ ھەيران بولۇپ، ئاغزىمىزنى ئاچقىنىمىزچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ كېتىپتىمىز. مۇسابىقىگە چۈشكەندەك يەپ - ئىچىشلەر سىلىككەندەك بولدى ۋە ئارقىدىنلا ھېلىقى سازەندىلەر نەغمىنى باشلىۋەتتى. تۇمۇچۇقتەك چىرايلىق ئۇسسۇلچى قىزلار گىلەم ئۈستىدە يورغىلىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈشتى. بۇ ئارىلىقتا بىر - ئىككىمىز قولىمىزدىكى تېخى ئېغىز تەگمىگەن كاۋاپنى ئالدىمىزدىلا چاڭ - توپىغا مىلەنگىنىچە داستىخاندىكى ئاشقان - تاشقان كاۋاپ، گۆش، مېۋە - چېۋىگە تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇرغان ئىككى نارەسىدە بالىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇقتە، ئادەملەر قورشاۋىنى مىڭ تەسلىكتە

يېرىپ سىرتقا چىقىپ كەتتۇق.

مەن چارۋىچىلارنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان بىرەر يۈز قەدەم نېرىدىكى ئۆي ئالدىغا باردىم. ئۇ يەردە 8 - 10 ئادەم قازان بېشىدا پايپېتەك بولۇشۇپ، تەرلەپ - پىشىپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ يەردە شۇ كۈنى قىرقىلغان ئوغلاقتىن يىگىرمە تۆتى سويۇلغانلىقىنى ئۇقتۇم. تۆكمە قىلىنغان قوغۇن - تاۋۇزغۇ ھەددى - ھېسابسىز ئىدى.

بىر كەمدە كىمدۇر بىرى پالاقلاپ يۈگۈرۈپ كېلىپ: «سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ» دېدى. سورۇنغا بارسام «ئەدىب لىرىمىزنى دېھقانلارغا تونۇشتۇرۇۋاتقانىكەن. ئۆزىنىڭ ئېتىغا ئاجايىپ سەلتەنەتلىك سۈپەتلەر قوشۇلۇپ چاقىرىلىۋاتقان بىزنىڭكىلەر ھورۇنلۇق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئوتتۇرىغا كېلىپ داھىيانە قىياپەتتە گىدىيىپ تۇرۇشاتتى. دېھقانلار ئىسىم - شەرىپىنى ئاڭلىغاندا ھاياجاندىن گۈلدۈراس چاۋاك بىلەن ئالقىشلاپ تۇراتتى. ھېلىقىلار بولسا ئۆزلىرىگە تەلپۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ دېھقانلارغا بىر خىل تەكەببۇرلۇق ۋە ئۆزىگە بولغان ئاجايىپ تەمەننا بىلەن بېشىنى خالار - خالىماس ھالدا گىلدىڭشىتىپ قويۇشاتتى.

ئۇلارنىڭ قورسىقى توقلۇقتىن دومبىيىپ چىققانىدى. كالپۇكلىرى ياغلىشىپ، مەڭزىلىرى ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىرىپ پارقىراپ، كۆزلىرى قانائەت ۋە بەختىيارلىق ئىچىدە غىلىيىپ تۇراتتى. ھاۋا بەكمۇ تىنجىق ئىدى. مەن دېھقانلارغا سەپسالدىم. ئۇلار تاڭ يورۇماستىلا يولغا چىقىپ بۇ يەرگە ئۇزۇن يولنى بېسىپ كەلگەن، مانا ھازىر چىڭقى چۈش بولدى، ئىسسىقنىڭ دەستىدىن نەپەسلەرمۇ كۆيىدۇ. لېكىن ئۇلار ھازىرغىچە بىر يۇتۇم سۇ ئىچكىنى يوق. ئۇلارنىڭ باش - كۆزى توپا - چاڭغا مىلەنگەن، ھارغىنلىق، ئاچلىق ۋە چاڭقاشتىن لەۋلىرى قورۇپ گەز باغلاپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بوۋايلار - مومايلار، كىچىك باللار، قوچاقتىكى بوۋاقلارمۇ بار ئىدى.

بىر تەرەپتە ناخشا - ساز، تانسا - ئۇسسۇل، ئېيتىپ - تېپىپ زايە بولۇپ ياتقان يېمەك - ئىچمەك، تۆل خوتۇننىڭ موزىيىدەك تويغىنىدىن پۇشۇلداپ ئەسنەپ ئولتۇرغان، خالايىقنىڭ يۈزىگە پۈتلىرىنى سوزۇپ لالىيىپ ياتقان «يازغۇچى» - «شائىر»لار، يەنە بىر تەرەپتە ھېلىقى ئاچ، ھارغىن، توپا - چاڭغا مىلەنگەن تەشنا لېكىن كۆزلىرىدىن ھۆرمەت، سۆيۈنۈش بالقىپ تۇرغان دېھقانلار.

تۇرۇپلا ئويلاپ قالدىم. بىز بايىلا تېخى دەريا بويىدا «خەلق، خەلق!» دەپ ھاياجان بىلەن كانىيىمىزنى كېرىشىپ ۋالاقلاشقانىدۇق، مانا ئەمدى مۇسۇلمانچىلىقنى، ئەقەللىسى ئادىمىيلىكنى ئۇنتۇپ، ئەتىگەندىن بۇيان ئاغزىغا گىياھ سالمىغان بوۋاي - مومايلار ۋە باللارنىڭ كۆزىچە داستىخانغا ئاچ قالغان بۆرىدەك ئۆزىمىزنى ئاتتۇق. بىزگە تەلمۈرۈپ تۇرغان ئاچ ۋە ئۇسسۇز باللارغا داستىخاندىكى نېمەتلەردىن بىرەر چىشلەم بەرمەي تۇرۇپ بىر نەرسە يېيىشنىڭ ئۇچىغا چىققان ئەخلاقسىزلىق، ئاچپاقىلىق، ھەتتا شەپقەتسىزلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمىدۇق. ئاشۇ بوۋاي - مومايلارنىڭ شۇ تاپتا بىز توغرىلىق نېمىلەرنى ئويلاپ، ئىچىدە نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمىدۇق.

ئۇيغۇر خەلقىدە، ئومۇمىي سورۇندا، بولۇپمۇ باشقىلار ساڭا قاراپ تۇرغان ئەھۋالدا شالاپشىتىپ تاماق يېيىشنىڭ مۇسۇلمانچىلىققا يات سەت قىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتمايلا قويايلى، لېكىن بىز ئەدناسى ئاشۇ دېھقانلارنىڭمۇ ئاچ - ئۇسسۇز ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمىدۇققۇ؟ ئۇلار يىراق - يىراقلاردىن بىزنى كۆرۈش ئۈچۈنلا كەلگەنتىغۇ؟ ئۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنى بۇ سورۇندا كۈتۈپ بولغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن شۇ يەردە دېھقانلار بىلەن - بىز ھەر كۈن - ھەر سائەت ئاغزىمىزدىن چۈشۈرمەيدىغان «خەلق» بىلەن بىر يۈز كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا بىر - ئىككى كەلىمە شېرىن سۆخەن گەپ قىلىپ بېرىپ، ھال - ئەھۋال سوراپ، ئۇلار بىلەن بىرەر مەيدان مەشرەپ ئوينىۋېتىپ، چىرايلىقچە خوشلىشىپ يولغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن قانچىلىك يېسەك - ئىچسەك بولاتتىغۇ؟

نەزىرىمىزدە ئاشۇ ئادەملەر، ئاشۇ بوۋاي - مومايلار كىم؟ ئۆزىمىز كىم؟ بىز يەۋاتقان ناز - نېمەتلەرنى كىم بەرگەن؟ بىزگە ئاشۇ ناز - نېمەتلەرنى بەرگەننى ئاز دەپ شۇ قەدەر ئوتلۇق مۇھەببەت ۋە ئالىي ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرغان خەلقىمىزگە، ئاشۇ دېھقانلارغا شۇنچىلىكمۇ پەسكەشلەرچە مۇئامىلە قىلىشىمىزغا كىم ھوقۇق بەردى؟ خەلقنىڭ ئالدىدا نېمە دېگەن پەسكەشلىك، نېمە دېگەن كۇپۇرلۇق بۇ.

بۇنىڭدىن ئۆتە يۈزسىزلىك، بۇنىڭدىن بەتتەر تۇزكورلۇق بارمۇ دۇنيادا؟!

يەنە شۇ يىلى يەكەن ناھىيىسىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە ئۇلۇغۋار مۇقامشۇناس، شائىرە ئامانىنساخاننىڭ ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىن ۋە مۇراسىم ناھايىتى دەبدەبە بىلەن ئېچىلغان كاتتا ئىلمىي يىغىلىش ئىدى. بۇ خاسىيەتلىك مەرىكىگە قاتناشقان تەتقىقاتچىلىرىمىز ۋە يازغۇچى - شائىر، سەنئەتكارلىرىمىز يەكەندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەلۇم بىر يازغۇچى ئۇ يىغىننىڭ ئەھۋالىنى سورىغانلارغا ئاغزىنى تامشىپ تۇرۇپ، ۋەكىللەرگە تارتىلغان ناز - نېمەتلەرنىڭ تۈرىنى، كاۋاپ زىقلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى، كاۋاپ توغرامچىسىنىڭ يوغانلىقىنى، سويۇلغان كالا، قوي، ئوغلاق، توپاق، پاخلانلارنىڭ كۆپلۈكىنى، ئىچكەن قېتىق - قايماق، سۈتنىڭ تەمىنى، سامسا، سامبۇسا، پەرمۇدە، نان -

توقاچلار... لېنىڭ قانداق ئوخشاپ كەتكەنلىكىنى، ھەر بىر يېزا - كەنتتە يېگەن - ئىچكەنلىرى، قىلغان تاماشىلىرىنى شۇنچىلىك ھەۋەس، ئىشتىياق ۋە قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ كەتتىكى، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان شۇ سورۇندىكى ھەر بىر ئادەم، خۇدا بىلىدۇكى، بۇ ئەرباب ئۆمرىدە تويۇپ ئۆتمىگەن ئاچ پېت ئادەم بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇيەرگە پەقەت يەپ - ئىچىش ئۈچۈنلا بارغان چېغى، خۇددى «ئېچىل داستىخان» دېگەندەك ھەددى - ھېسابسىز نازۇ - نېمەتلەرنىڭ كىمنىڭ ئەمگىكىدىن كەلگەنلىكىنى ئويلاپ باققانمىدۇ؟ يەكەن خەلقىنىڭ ھەممىسىلا ئاشۇنداق باياشاتچىلىق ئىچىدە ياشامدىغاندۇ؟ دەپ ئويلىدى ئېتىمالىم. ئەمما، ۋىجدانەن راست گەپ قىلساق، ئاشۇ مېھماندوست، تولىمۇ ئاقكۆڭۈل يەكەن دېھقانلىرىنىڭ كۈنى ئۇدۇللۇق، ھەتتا سېرىقتال ئىدى.

شۇ كۈنلەردە دېھقانلارنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنى، ھەددى - ھېسابسىز نامۇۋاپىق سېلىقلار، نامراتلىق، ئاچلىق، ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى قاتارلىقلار يازغۇچىلىرىمىز ۋە تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە، ئويلىنىشىغا، باش قاتۇرۇشىغا، تەتقىق قىلىشىغا ئەرزىمەمتى؟ نېمىشقا بۇ ھەقتە بىر ئېغىز گەپ قىلىدىغان ئادەم يوق؟ ئۇلارنىڭ خەلق ئالدىدىكى، مىللەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى نېمە؟ ئۇلار تۆۋەنگە بېرىشتا يېيىش - ئىچىشتىن باشقا نەرسە توغرىسىدىمۇ ئويلىنىپ باقسا بولمامدۇ؟ بىزدە ئۇيات - نومۇس، خەلقنىڭ غېمى دېگەن ئەقەللىي ئادىمىي ئۇقۇم زادى بارمۇ ياكى ئۇنىمۇ نازۇ - نېمەتلەرگە قوشۇپ يەۋەتتۇقمۇ؟

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى دېھقانلاردۇر. بىزنىڭ دېھقانلارغا تۇتقان پوزىتسىيىمىز ئىش يۈزىدە مىللەتكە - ئۆزىمىزنىڭ ئانىسىغا تۇتقان پوزىتسىيىمىزدۇر.

شۇ كۈنلەردە دېھقانلارغا تۇتقان مۇئامىلىمىز ۋە ئۆزىمىزنى چاغلىشىمىزدىن بىزنى بىر خەلقپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر سەنئەتكار دېيىشكە كىمنىڭمۇ تىلى بارسۇن. بىز ئاشۇ سورۇنلاردا بەئەينى ئاتا يازغۇچىمىز زۇنۇن قادىرىنىڭ ئۆلمەس - شاھانە ئەسىرى «غۇنچەم» دراممىسىدىكى ئۆمەر شائىيۇنىڭ ئۆزى بولۇپ قالدۇقمۇ؟...

مانا بىزنىڭ بەزى ئاتالمىش ئەدىب - سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ئەسلى قىياپىتى، روھىي دۇنياسى! بىزنىڭ: «خەلق!»، «مىللەت!» دېگەن شۇئارىمىزنىڭ قانچىلىك ساختىلىقى ئاشكارىلىنىپ قالدىغۇ؟! بىزنىڭ خەلقىمىزنى، مىللىتىمىزنى چۈشىنىشىمىز، ئۇلارغا بولغان ھېسسىياتىمىز پەقەت شۇ دەرىجىدە بولغانلىقى ئۈچۈن يازغان يازمىلىرىمىزدا خەلقنى بويايمىز، ئۇلارنى يالغاندىن ياسايمىز، كۆپتۈرىمىز، چاكىنىلاشتۇرىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «ئەسەر»لىرىمىزدىكى ھېسسىياتلىرىمىز ساختا، قۇرغاق، شىرنىسىز، تەمسىز، تەكرار، جۇلقى چىقىپ كەتكەن دەرىجىدە كونا ۋە تېتىقسىز!

شۇڭلاشقىمۇ مۇشۇ كۈنلەردە خەلقىمىز ئەدەبىيات - سەنئەت سورۇنلىرىنى پاخاللاشتۇرۇۋاتقان بىر قىسىم «قەلەمكەش»لەرنىڭ يازمىلىرىدىن شۇ دەرىجىدە بىزار بولۇپ «ھۆ» بولغىدەك ھالغا يەتتى.

شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆزىمىزچە: «بىز ياراتقان سەنئەتنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇنى سۆيمەيدۇ» دەپ خەلقتىن ئاغرىنىدىغان نېمە ھەققىمىز بار بىزنىڭ!

خەلق ھەممىنى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى سۆيىدىغان، چوڭ بىلىدىغان، ئۇلۇغلايدىغان، ئەقىدە قىلىدىغان بىر تۈركۈم پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئەدىب - سەنئەتكارلىرى بار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جىمى ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئاشۇنداق راستچىل، خەلقچىل، ۋىجدانلىق، تاماسىز، لەۋزى ھالال، بارلىقىنى ئۆز خەلقى ئۈچۈن پىدا قىلغان، روھىي پاكىز سەنئەتكارلار ۋە ئەدىبلەرگە باغلىغان.

ناھىيىلەرگە بېرىپ قالسام، مەن داخىل بولغانلىكى سورۇنلاردا ئاتا - ئۇستاز يازغۇچىلىرىمىز ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر جانابلىرى، زوردۇن سابىر جانابلىرى، ئابدۇللا تالىپ جانابلىرى ۋە بەزى ئوتتۇرا ياش، ياش يازغۇچى - شائىرلار توغرىسىدا سورۇن ئەھلىنىڭ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سورىغان سوئاللىرىغا كۆمۈلۈپ كېتىمەن. ئۇلار مىللەتنىڭ ئاشۇ شام - چىراغلىرىنىڭ ھەممىلا تەرىپىگە - ياش قورامىغا، بوي - تۇرقىغا، مىجەز - خۇلقىغا، شەخسىي تۇرمۇشىغا، شۇ كۈنلەردە يېزىۋاتقان ۋە يازماقچى بولغان ئەسەرلىرىگە، يازمىلىرىنىڭ نەشرىيات ئورۇنلىرىدىكى تەقدىرىگە، ئۇلارنىڭ شۇ كۈنلەردە خەلق توغرىسىدا، مىللەت توغرىسىدا، مىللەتنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا، بالىلىرىمىزنىڭ ئەتىسى توغرىسىدا نېمە ئويلاۋاتقانلىقلىرىغا، نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىغا، نېمىلەرنى دېمەكچى ۋە نېمىلەرنى قىلماقچى بولۇۋاتقىنىغا بەكمۇ قىزىقىدۇ. شۇ كىشىلەر ھەتتا ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر جانابلىرى بىلەن زوردۇن سابىر جانابلىرىنىڭ يۈرەك كېسەللىكى بارلىقىنى، ئابدۇللا تالىپ جانابلىرىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى ھەمدە ياخشى سۆھبەتداش تاپسا خالىي - پىنھاندا ئانچە - مۇنچە «شوكۇم» قىلىپ قويىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ.

ئاشۇ كىشىلەر ھەر قاچان، ھەر زامان، ھەر دەۋردە نام - شەرىپى كاتتا ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىشقا تېگىشلىك ئاشۇ ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ يېشىنىڭ بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىغا چىن دىلىدىن ئۆكۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلارنىڭ قايسىبىرىنىڭ ئاغرىپ - تارتىپ قالغىنىنى ياكى بىرەر يىغىن - توپلانمىغا ساقسىز بولۇپ قېلىپ بارالمىغىنىنى ئاڭلىسا، چىن يۈرىكىدىن قايغۇرىدۇ، جىگىرى تىتىلغۇدەك

«ئۇھ» تارتىپ كۆڭلى ئەمكى بولىدۇ.

ئۇلار گەپ ئارىسىدا ۋە پات - پات، ئالەمدىن ئۆتكەن قەدىردان ئاتا شائىرلىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوف جانابلىرى، ئابدۇكېرىم خوجا جانابلىرى، ئەھمەد زىيائى جانابلىرى، ئاتا يازغۇچىلىرىمىز زۇنۇن قادىرى جانابلىرى، خېۋىر تۆمۈر جانابلىرى، تۇردى ساماساق جانابلىرى ... توغرىسىدا سۆز ئاچىدۇ، ئۇلارنى تەرىپلەيدۇ، ئۇلارنى ئۆز ئاتىسىنى ياد ئەتكەندەك ياد ئېتىدۇ...

بىزنىڭ ھايات ۋە ئالەمدىن ئۆتكەن ئۇلۇغلىرىمىز توغرىسىدا مۇشۇنداق چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت، ئېھتىرام ۋە سۆيۈنۈش بىلەن سۆزلىشىدىغانلار سەيپىدىن ئوقۇغۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ئىدارە - ئورگان خىزمەتچىلىرى، ئىشچىلار، شوپۇرلار، رېمونتچىلار، سودىگەرلەر، مىلىچ مالچىلار، گەزمالچىلار، تەنزىكەش (ئۆتتۈر ئوقەت) تىجارەتچىلەر، ساقچىلار، سوت خادىملىرى، ھەربىيلەر، دېھقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەتتا بوۋاي - مومايلار، ئۆسمۈر - باللار ۋە ئائىلە ئاياللىرىمۇ بار.

مەن بىر يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن خەلقىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ يازغۇچى - شائىرلارغا بىلدۈرۈۋاتقان بۇنداق ئوتلۇق مېھىر - مۇھەببىتىنى، بۇنداق ئالىي ئىززەت - ئىكرامىنى ھېس قىلغىنىمدا ھاياجاندىن تىترەپ كېتىمەن. «يازغۇچى - شائىرغا بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نېمە كېرەك؟» دېيەن ئۆزۈمگە ۋە شۇدەمدە سۆيۈنۈش ۋە پەخىرلىنىشتىن بېشىم كۆككە يېتىپ كېتىدۇ.

ئاددىي خەلقلا ئەمەس، مىللىتىمىز ئىچىدىن چىققان دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى يازغۇچى - شائىرلىرىمىز ئىچىدىكى ئاشۇنداق ۋۇجۇدى پاكىز، ۋىجدانلىق، خەلقپەرۋەر قەلەم ساھىبلىرىنى ئاجايىپ قەدىرلەپ ۋە ھۆرمەتلەپ كەلدى. سەيپىدىن ئەزىزى جانابلىرى، ئىسمائىل ئەھمەد جانابلىرى، تۆمۈر داۋامەت جانابلىرى شىنجاڭدا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن چاغلىرىدا ھەر دائىم يازغۇچى - شائىرلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ تۇرغان، ئۇلار بىلەن دىلكەش، مۇڭداش بولۇپ ئۆتكەن. يېقىندا نامى تىلغا ئېلىنغان ئۇلۇغ يازغۇچى - شائىرلىرىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقى بار ئىدى.

بۇ رەھبەرلىرىمىز شۇ كۈنلەردىمۇ يۇرتىمىزغا خىزمەت ياكى دەم ئېلىشقا كەلسىلا ئالدى بىلەن يازغۇچى - شائىرلارنى يوقلاپ، ھال - ئەھۋالىنى سورايدۇ، ئۇلار بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىدۇ. ئولتۇرۇش، تۈرلۈك سورۇن - زىياپەتلەردە ھەتتا ئۇلارنى چوڭ بىلىپ تۆرگە ئولتۇرغۇزىدۇ. بىر قېتىم بېيجىڭدە زوردۇن سابىر جانابلىرى ئولتۇرغان سورۇنغا ئىسمائىل ئەھمەد جانابلىرى كېيىنرەك كىرىپ كەلگەن، بۇ چاغدا زوردۇن سابىر جانابلىرى دەررۇ تۆردىكى ئورنىنى بىكارلاپ ئىسمائىل ئەھمەد جانابلىرىنى تەكلىپ قىلغان. لېكىن ئىسمائىل ئەھمەد جانابلىرى كىچىك پېئىللىق بىلەن: «ئۆزلىرى دېگەن بىر خەلق يازغۇچىسى، تۆرمىز ھامان سىلىدەك خەلق يازغۇچىلىرىغا مەنسۇپ...» دېگەن ۋە زوردۇن سابىر جانابلىرىنىڭ تۆۋىنىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرغان. بۇ ھېكايە ئەدىبلەر ئارىسىدىلا ئەمەس، جەمئىيەتتىمۇ قالتىس تەسىر قوزغاپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە.

شۇ كۈنلەردە خىزمەت ئىشلەۋاتقان رەھبەرلەردىن رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت جانابلىرى، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن غوپۇر ئابدۇللا جانابلىرى، مىجىت ناسىر جانابلىرى، يۈسۈپ ئەيسا جانابلىرى، باش كاتىپلاردىن ئىسمائىل تىلىۋالدى جانابلىرى بىلەن مۇھەممەت ئىسمائىل جانابلىرى ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ ئۆزۈن ئۆتمەيلا يازغۇچى - شائىرلارنى يوقلاپ بېرىپ ئۇلار بىلەن تونۇشتى، ئەھۋاللاشتى، دوستلاشتى. رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت جانابلىرى ئۆزىنىڭ يەكشەنبىسىنى قۇربان قىلىپ بىر كۈن مەخسۇس كەسپىي يازغۇچىلار بىلەن ئەھۋاللاشتى. مۇئاۋىن رەئىس غوپۇر ئابدۇللا جانابلىرى ئالاھىدە كەسپىي يازغۇچىلار يىغىنىغا قاتنىشىپ، ھەر بىر كەسپىي يازغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ سورىدى. ئۇلارنىڭ دەردى - ھالىغا يېتىپ، كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيى، قاتناش قورالى، ئىجادىيەت راسخوتى ... جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى بىر - بىرلەپ ئىگىلەپ، بۇلارنى جىددىي ھەل قىلىش توغرىسىدا سورۇننىڭ ئۆزىدىلا كۆرسەتمە بەردى. بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا كەسپىي يازغۇچىلار ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەن پۇل تەستىقلاپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا مەخسۇس پىكاپ ھەل قىلىپ بەردى.

مۇئاۋىن رەئىس مىجىت ناسىر جانابلىرىمۇ ئۆزى بىر ئەدەبىيات خۇمارى بولۇش سۈپىتى بىلەن يازغۇچى - شائىرلارنى بەك قەدىرلىدى. ئۇلار بىلەن دوستلىشىپ، باغرىلىشىپ كەتتى. يازغۇچىلارنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىدىكى ئىشلارغىمۇ باش قاتۇرۇپ، ياردەمدە بولدى. باش كاتىپلاردىن ئىسمائىل تىلىۋالدى جانابلىرى بىلەن مۇھەممەت ئىسمائىل جانابلىرىمۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يازغۇچى - شائىرلارنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ كەلمەكتە.

خەلقىمىزنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بۇ بىر قىسىم يازغۇچى - شائىرلارغا بۇنچىلىك چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىشىدىكى، ئۇلارنى شۇ قەدەر ئىززەتلىشىدىكى تۈپ سەۋەب - ئۇلارنىڭ ئۆز يازمىلىرىدا ھەر دائىم خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ قايغۇسىغا، كۆلكىسىگە، ئارزۇ - ئارمىنىغا يانداشىپ كەلگەنلىكى، بولۇپمۇ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر جانابلىرى ۋە زوردۇن سابىر جانابلىرىدەك، ئۆز يازمىلىرىدا خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئۆز ئىجادىغا بايراق قىلىپلا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ ئوغلى

ئىكەنلىكىنى، مىللەتنى، خەلقنى چىن دىلىدىن سۆيىدىغان خەلقپەرۋەر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرغان پەزىلەت ساھىبلىرى ئىكەنلىكى - دە!

ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر جانابلىرىنىڭ كەمتەرلىكى، كىچىك پېئىللىقلىقى، خەلقنى، مىللەتنى بىلىدىغانلىقى، چۈشىنىدىغانلىقى ۋە باشتىن - ئاياغ ئۇنىڭ قەلب سىرلىرىغا ھەمدەم، دەردىگە دەرمان بولۇشقا ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقى؛ زوردۇن سابىر جانابلىرىنىڭ خەلقنى، دېھقاننى سۆيۈپ، باشتىن - ئاخىر دېھقاننىڭ ئاددىي - ساددا، تۈز كۆڭۈل، ئوچۇق - يورۇق خاراكتېرىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا ساقلاپ ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولۇپ كەلگەنلىكىدەك ھەقىقىي يازغۇچىغا خاس سۈپەتلىرى ئۇلارنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئوبرازىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرغان، خەلقنىڭ باشچىسى بولغان رەھبەرلىرىمىزنىمۇ سۆيۈندۈرگەن.

زوردۇن سابىر جانابلىرى خەنۇيتىن چىققان بىر سەرسان قىزنى بېقىۋېلىپ، تەربىيىلەپ داشۆدە ئوقۇتۇپ، ئۇنى بىر ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك، كىيىم - كېچەكنى، يېمەك - ئىچمەكنى پۈتۈن، قەلبىگە ئاجايىپ غايىلەرنى پۈككەن بىر غايە ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئۇ قىز ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇۋاتىدۇ. زوردۇن سابىر جانابلىرى بۇ جەرياندا نۇرغۇن بەدەل تۆلىدى، نۇرغۇن ۋاقتى ۋە ئىقتىسادىنى ئاشۇ مۇساپىر قىز ئۈچۈن سەرپ قىلدى.

بىر كۈنى ئۆيۈمگە بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. تۇرقىدىن بېشىغا كۈن كەلگەن بىر بىچارە ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا چاي كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ماڭا بىر پارچە قەغەزنى ئۇزاتتى. ئوقۇسام، ئۆزىنىڭ كۇچادىن چىققان بىر مۇساپىر ئىكەنلىكى، ئۇ يەر - بۇ يەردە ئىشلەپ جان بېقىۋاتقانلىقى، ئۆزى ئەدەبىيات ھەۋەسكارى بولغىنى ئۈچۈن سەرسانلىق ئىچىدە يۈرۈپ بىر رومان يېزىش ئىستىكىدە بىر نېمىلەر قىلىپ يۈرگەنلىكى ۋە رومانىنىڭ دەسلەپكى خام ماتېرىيالىنى پۈتتۈرگەنلىكى، لېكىن يېقىندا يۇرتىدىن «ئاپاڭ ئېغىر كېسەل، دەررۇ قايتىپ كەلگىن» دېگەن خەۋەر كەلگەنلىكى، قايتاي دېسە يېنىدا بىر تىيىن پۇلى يوق ئىكەنلىكى، سېتىپ پۇل قىلغۇدەك ھېچنېمىسى بولمىغاچقا، ئۆزىنىڭ ئاشۇ رومانىنىڭ خام ماتېرىيالىنى ساتماقچى بولغانلىقى ھەمدە ئۇنى مېنىڭ سېتىۋېلىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى يېزىلغانىكەن. مەن خەتنى ئوقۇپ تەئەججۈبلىنىپ قالدىم. ئۇنىڭ ماتېرىيالىنىمۇ كۆرۈپ باقمىدىم. كۆرگەن تەقدىردىمۇ شۇ كۈنلەردە قولۇم سەل قىسقا بولغاچقا، ئۇنى سېتىۋالغۇدەك ياكى سېتىۋالسامىمۇ ئۇ يىگىتكە ياردەم قىلغۇدەك پۇلۇم يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ ئاخىر ئۇ يىگىتكە زوردۇن سابىر جانابلىرىنىڭ ئادرېسىنى يېزىپ بەردىم ۋە: «شۇ كىشىنى ئىزدەپ تېپىپ كۆرۈشۈپ بېقىڭ» دېدىم. كېيىن ئاڭلىسام، ئۇ يىگىت راستىنلا زوردۇن سابىر جانابلىرىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ. شۇ چاغدا زوردۇن سابىر جانابلىرىنىڭ ئۆيىدە مېھماندارچىلىق بولۇۋاتقانىكەن. زوردۇن سابىر جانابلىرى ئۆزىنىڭ شۇنچىلىك ئالدىراشچىلىقىغا قارىماي ئۇ يىگىتنى قوبۇل قىلىپتۇ ۋە ئەھۋالىنى بىرەر قۇر ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ يىگىتكە نۇرغۇن نەسىھەت قىلىپتۇ ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭ قولىغا شۇ يەردىلا 100 يۈەن پۇل تۇتقۇزۇپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

مەن ئۇ يىگىتكە نېمە ئۈچۈن زوردۇن سابىر جانابلىرىنى تونۇشتۇرۇپ قويدۇم؟ ئون نەچچە يىللىق ئۇستاز، شاگىرتلىق مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن چامالىغان يەكۈنۈم بويىچە شۇنى ۋىجدانىم بىلەن كېپىل بولۇپ ئېيتىمەنكى، زوردۇن سابىر جانابلىرى بىر ھۆرمەتلىك ۋە شۆھرەتلىك خەلق يازغۇچىسى بولۇپلا قالماي، كۆڭلى تۈز، دېھقان مىجەز، باشقىلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە چىداپ تۇرالمايدىغان، ھېسداشلىق تۇيغۇسىغا بەك باي، باغرى يۇمشاق، خەلقنى، مىللىتىنى ئاغزىدىلا، ئەسىرىدىلا ئەمەس، چىن يۈرىكىدىن، ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن سۆيىدىغان، مىللىتى، خەلقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان بىر ھەقىقىي زىيالىي، خەلق ئوغلى ئىدى!

ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر جانابلىرى ۋە زوردۇن سابىر جانابلىرىدەك ئۆز خەلقىنى غەرەزسىز، تاماسىز ۋە ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن سۆيىدىغان، ئۇلارنىڭ قايغۇسى ۋە بەختىدە، كۈلكىسى ۋە خۇشاللىقىدا ھەر قاچان بىر خىلدا، ئاغزىدا، ئەسىرىدە ۋە ئەمەلىيىتىدە ئوخشاشلا تەڭ ئورتاق بولىدىغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ گۈزەل خىسلىتى، ئالىي پەزىلىتى ھەممە زىيالىيغا ئۆرنەك ئەمەسمۇ؟ ئۇلاردەك ئەدەبىياتقا، مىللەتكە پاكىز ئەقىدىسىنى بېغىشلاش، ئۆز خەلقى ئۈچۈن جاپالىق، مىننەتسىز، لىللا - خالىس ئەجىر قىلىش ھېلىقىدەك ئۆز خەلقىنى تونۇمايدىغان، تۇز ۋە ناننى ھەققىنى ئۇنتۇغان، ئەدەبىياتنى ئۆزىنى سەمرىتىشنىڭ، پەقەت ھوقۇق - ئىمتىياز، غەرەز، تاما، ھەتتا سۇيىقەستنىڭ قورالى قىلىۋالغان ساختىپەز، پۇرسەتپەرەس «ئەدىب» ۋە زىيالىيلارنىڭ قولىدىن كېلەمدۇ؟ خەلق بىلەن پەقەت كىتابىي مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۆز خەلقىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، مەنسىتمەيدىغان بەزى بەگچىك ئەدىب - سەنئەتكارلار ۋە زىيالىيلارنىڭ قولىدىن كېلەمدۇ؟

مەن ھەر دائىم خەلقىمىزنىڭ ھېلىقىدەك ھالال، ۋىجدانلىق يازغۇچىلىرىغا بىلدۈرگەن يۈكسەك ئىشەنچىسى، ئالىي ھۆرمىتى، كامالى ئېھتىرامىنى ھەر قېتىم كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە: «بىز زادى مىللىتىمىزگە، ئاشۇ دېھقانلىرىمىزغا قانچىلىك ئىش قىلىپ بەردۇق؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ نومۇس ۋە ئازابتىن پۈچۈلىنىپ كېتىمەن. ھەر بىر قەلەم ئىگىسىنىڭمۇ شۇنداقلا ھەر بىر

زىيالىينىڭمۇ ئوخشاشلا مۇشۇ ۋىجدانىي سوئالنى ئۆزلىرىگىمۇ بىر قويۇپ بېقىشىنى ۋە ئۆز ئانىسى بولغان خەلققە، مىللەتكە ھەر قانداق چاغدا، ھەر قانداق سورۇن ۋە ھەر قانداق جايدا قەرزدارلىق ئورنىدا تۇرۇپ ئىنساپ ۋە ھالاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

## كىم ئىدۇق، كىم بولۇۋاتىمىز؟

21 - ئەسىرگە قەدەم قويۇۋاتقان زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى شۇنداق ئىكەن، خوش، ئەمدى نەزىرىمىزنى تۆۋەنگە تاشلاپ باقايلى:

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاۋات كوچىلارنىڭ بىرىدىكى چار بازار («چالە مەيدان») دا مايلامچى بالىلارنى تولا كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاكا - ئۇكا ئىككى شاكىچىك بار، چوڭى 15 ياشلاردا، كىچىكى 13 ياشلاردا. بۇلارنىڭ جۇسسىنى شۇنچىلىك سۆيۈملۈك، قىياپىتىدىن ئەقىللىق، شوخ، چىچەن، ئائىلىسىگە كۆيۈنىدىغان ياخشى بالىلار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار قوللىرىنىڭ بەكمۇ چېۋەر - چەبدەسلىكى، ئۆز ھۈنىرىگە تولىمۇ پىششىقلىقى بىلەن ھەر قانداق خېرىدارنى سۆيۈندۈرىدۇ. شۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈپلا قالسام ئاتايىن ئاشۇ بالىلارغا ئايىغىمنى مايلاتقاچ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ھەۋەسىم كېلىپ بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ كېتىمەن.

«مەيدە ئولتۇرۇڭ ئاكا، ئايىغىڭىزنى مايلاپ بېرەي، شۇنداق پارقىرىتىۋېتىمەنكى، چىۋىن قونسا تېيىلىپ كېتىدۇ. ئايىغىڭىزنىڭ تۇمشۇقىدا بۇدرە چاچ قىزلارنىڭ شولىسىنى كۆرىسىز» دېدى بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىشىمگە ئىككىلىسى تەڭلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ. «ئاياغقىمۇ قىز بالىنىڭ شولىسى چۈشەمداۋا ئەخمەق، مەن مايلىسامچۇ كېچىسى شۇ ئاياغنىڭ تۇمشۇقىغا چىراغ يانىدۇ!» دېدى بىرسى يېڭىمدىن تارتىپ. «نەدىكى چىراغ ئۇ، ئاياغنىڭ تۇمشۇقىدا يانىدىغان؟» قايىل بولماي سورىدى يەنە بىرى. «ئاسماندىكى يۇلتۇزچۇ؟ مەن مايلىسام ئاسماندىكى يۇلتۇز ئاياغنىڭ تۇمشۇقىغا كېلىپ قونىدۇ!»

مەن بۇلارنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان سەنئەتكە، بىر - بىرىدىن ياخشى توقۇلغان شېئىرغا، بۇلاردىكى تەسەۋۋۇرنىڭ گۈزەللىكىگە يۈرىكىمنىڭ قېتىدىن مەھلىيا بولدۇم. لېكىن قايسىسىنىڭ ئالدىغا ئولتۇرۇشنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدىم ۋە ئاخىرىدا كىچىكىنى نائۈمىد قىلىپ قويمايچۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردۇم. بۇ شاكىچىك ھايت - ھۇيت دېگىچە ئايىغىمغا لاتا سۈرتكىلى تۇردى. «ھەي ... بىر ئالدانغانسىز - دە، ئاكا، ماۋۇ شۇمنىڭ ئىشلىتىدىغان مايلىرىنىڭ ھەممىسى ساختا (جا) مايلار، چۈلى قىلغان (ئېلىشقا ساتقان)» دېدى ئۇشتۇمتۇت چوڭى ماڭا قاراپ كۈلمەي تۇرۇپ. «ۋوي، نېمە دەيدۇ بۇ، مايلىرىڭ راستىنلا ساختا مايمۇ ھەي بالا؟» سورىدۇممەن كىچىكىگە قاراپ، ئانچە ئىشىنىپ كەتمەي. «پوقىنىڭ ئىسسىقىنى يەيدۇ بۇ كالتەك. ئۆزىنىڭ مايلىرى ساختا. دادام بەرگەن پۇلغا تاماكا چېكىدۇ بۇ گوي. ئاندىن ئاشقان ئازراق پۇلغا بېسىلىپ قېلىپ قورۇپ كەتكەن مايىنى سېتىۋالىدۇ». ئاكىسىنى پاش قىلغىلى تۇردى كىچىكى غەزەپتىن يېرىلغىدەك بولۇپ. «قورۇپ قالغان مايدا ئاياغ مايلىغىلى بولمايدۇغۇ؟» دېدىممەن كىچىكنىڭ قىياپىتىگە قاراپ ھەم ئىچىم ئاغرىپ، ھەم ئۇنى گەپكە سالغىم كېلىپ. ئۇ ماڭا ئۇدۇلىمىزدىكى سېلىنىۋاتقان مەسچىت قۇرۇلۇشى تەرەپنى تۇمشۇقى بىلەن ئىما قىلدى: «ئاۋۇ تامنىڭ ئارقىسىغا بېرىپ مايىنىڭ ئىچىگە سىيىدۇ، ئاندىن ياغاچتا قوچۇپ سۆيۈلدۈرۈپ ئەكىلىپ خەقنى ئالداپ، ئالىي دەرىجىلىك ماي دەپ ئىشلىتىۋېرىدۇ. مېنىڭ مېيىم دېگەن يېڭى ماي، زاۋۇتتىن ئەتىگەن چاي ۋاقتىدا چىققان...»

مەن بۇ شۇمتەكىنىڭ ئەقلىگە، يالغاننى توقۇشتىكى ئۇستىلىقىغا ھەيران بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم. ئۇ بالىمۇ ماڭا قاراپ كۈلۈۋەتتى. شۇ ئارىدا «پاق - پۇق!» قىلىپ قالدى - دە، ئاكىسى ئۇكىسىنىڭ كاللا - باشلىرىغا سېلىپلا كەتتى. مەن ئۇنى دەررۇ توتۇۋالدىم. «ما ھارامىنىڭ يالغانچىلىقىنى؟ ... مەن ... مەن...» چوڭى چىدىمىغانىدى. ئۇ بالا ئەسلىدىلا سەل كېكەچلەيتتى. شۇ دەمدە ئۇ ئەلەمدىن بوغۇلۇپ گېپىنى قىلالماي كېكەچلا بولۇپ قالدى. كېيىن ئۇقسام، بۇ ئاكا - ئۇكىلار دادىسىغا جىقراق پۇل تاپشۇرۇش ئۈچۈن بىر - بىرىدىن خېرىدار تالىشىدىكەن، دادىسى ئۇلارنىڭ تاپشۇرغان پۇلىغا قاراپ خەجلەشكە پۇل بەرسە كېرەك. ئۇلار جىقراق «تەقسىمات» ئېلىش ئۈچۈن خېرىدارنىڭ ئالدىدا بىر - بىرىنى ئەنە شۇ تەرىزدە چۈشۈرۈپ، پاش قىلىشىدىكەن. كىچىكى سەت تىللار بىلەن ھاقارەت قىلىدىكەن، چوڭى كىچىكىنى بولۇشىغا دۇمبالايدىكەن. ئۇلار ئائىلە ئىشلەپچىقىرىشىدا «ئىسلاھات تەدبىرلىرى»نى ناھايىتى ئۈنۈملۈك قوللىنىپتۇ ۋە رىقابەتنىمۇ ئاشۇ سىياقتا كۆتۈۋاپتۇ.

مەن تېخى كىچىككىنە بالىلىرىمىزنىڭ ئۆز مەنپەئەتى، نەپسى ئۈچۈن بىر - بىرىگە شۇ دەرىجىدە شەپقەتسىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى، بىر قورساقتا ياتقان قېرىنداشلارنىڭ پۇل ئۈچۈن بىر - بىرىگە شۇ قەدەر دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋالغانلىقىنى زادىلا ئېڭىمغا سىغدۇرالمىدىم ۋە بىر خىل ئازابلىق تۇيغۇدىن يۈرىكىم پۇچۇلىنىپ كەتتى. مانا، چوڭلارنىڭ دۈشمەنلىك ئېڭى، چىدىماسلىقى، ھەسەتخورلۇقى، قىزغانچۇقلۇقى، ئىتتىپاقسىزلىقى ھەتتا ئاغزىدىن سۈت پۇراپ تۇرغان بالىلىرىمىزنىمۇ شۇ دەرىجىدە زەھەرلىۋەتكەن!

دۇرۇس، بۇ دەۋر رىقابەت دەۋرى، رىقابەت ئېڭى

بولمىغان شەخس، مىللەت، دۆلەت بۇ دۇنيادا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. لېكىن رىقابەتنىڭ مەنىسى ھەرگىزمۇ دۈشمەنلىك قىلىش، ۋاستە تاللىماي بىر - بىرىنى جايلاش دېگەنلىك ئەمەس، بۇنداق قىلىش ئۆچىغا چىققان رەزىللىك بولسا، مەنپەئەتنى دەپ بىر مىللەتنىڭ، بىر ئىرقنىڭ، بىر تۇغقاننىڭ دۈشمەنلىشىشى، ئىناقسىزلىقى، ئىتتىپاقسىزلىقى ئۆچىغا چىققان نادانلىق، تەلۋىلىك ۋە قارا ئۆپكىلىكتۇر. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ھەممىدىن قورۇق قېلىش، ھەممىنى تەڭ ھالاك قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ!

خوش، ئۇلارغۇ كىچىك بالىلار ئىكەن، يەنە شۇ چار بازاردا، يەنە شۇ «چالە مەيدان»دا چوڭلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ بىر - بىرىگە قىلىشۋاتقان يۈزسىزلىكى، شەپقەتسىزلىكى، دۈشمەنلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، چۆچۈتىدۇ، ئېچىندۇرىدۇ! بۇنداق مىسالدىن مىڭلاپ - تۈمەنلەپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

يەنە شۇ چار بازاردىكى مەلۇم ئاشخانا ئاغىلاقچىسى (خوجايىنى) ھەدېسە پەيچۇسو، بازار باشقۇرۇش، باجخانا ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ كادىرلىرىنى مېھمان قىلىدىكەن، ئۇلار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇۋالىدىكەن، بۇ ئارقىلىق ئەتراپىدىكى قوشنا ئاشپۇزۇللارغا، ھەتتا قاساپ، كۆكتاتچى ۋە مىلىچ مالچىلارغا كۈچ كۆرسىتىدىكەن. باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىكەن. ئۇ ھەتتا تاماق شىرەلىرىنى سىرتقا يۆتكەپ خەقنىڭ يېرىنى ئىگىلىۋالسىمۇ، يول ئۈستىگە يوندا - ئەخلەت تۆكسىمۇ ئۇنىڭغا ھېچكىم بىر نىمە دېيىشكە پېتىنالمايدىكەن. بۇ يەردە ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان ئىكەن، ئەتراپىدىكى ھەر قانداق بىر دۇكان ئىگىسىنى قاقشىتىمەن دەپ تۇرۇپ قاقشىتىدىكەن.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى X X سودا بازىرىدا گەزمالچى - تىجارەتچىلەرنىڭ ئىچىدە كىمنىڭ دەسمايىسى جىق، پۇلى كۆپ بولسا، شۇلارنىڭ گېپى ۋە ئىشى يوللۇق ئىكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى مەخسۇس پۇلى ۋە دەسمايىسى ئازلارنى «جايلايدىكەن». يەنى پۇلى جىقلار ئىچكىرىدىن بىۋاستە مال يۆتكەيدىكەن. پۇلى ئازلار بۇنداق قىلالمىغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قولىدىن مال ئالىدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى پۇلى ئازلارغا مالنىڭ كۆپ قىسمىنى سېتىپ، مالنىڭ دەسمايىسىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، قولىدىكى ئېشىپ قالغان مالنى ئۇشتۇمتۇت تۆكمە قىلىپ باھاسىنى چۈشۈرۈپ ساتىدىكەن. نەتىجىدە بىر مۇنچە مالنى قىممەت ئېلىۋالغان دەسمايىسى ئاز تىجارەتچىلەر مېلىنى پۈتۈنلەي ساتالماي قالىدىكەن ياكى بولمىسا باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىشقا مەجبۇر بولىدىكەن ۋە ئاخىرىدا مالغا خەجلىگەن دەسمايىسىنىمۇ چىقىرىۋالالماي ۋەيران بولىدىكەن. مۇشۇنداق ئەھۋالنىڭ سادىر بولۇشىدىن قورققان دەسمايىسى ئاز تىجارەتچىلەر پۇلى جىق دۇكاللار بىلەن رىقابەتلىشىش ۋە «پۇت تېپىشىش»كە جۈرئەت قىلالمايدىكەن، ھەتتا ئاشۇلارنىڭ ئىرادىسى ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ تەلىپى بويىچە ياشاشقا مەجبۇر ئىكەن. ئاز ساندىكى پۇلى جىق تىجارەتچىلەر ۋاقتى كەلسە «مۇشۇلارمۇ ئۇيغۇرغۇ، مۇشۇ بىچارىمۇ كۈن ئالسۇن!» دېگەننى ئويلاپمۇ قويمايدىكەن. ئۇلار پۇلنىڭ ئالدىدا ئۆز قېرىندىشىنى تونۇمايدىكەن. بەزىلىرى بىر بىچارىنىڭ ھەتتا ئۆچ ۋاق قورۇق نان يەپ، كىچىككىنە دەسمى يىغىپ ئۆزىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزى ئىجارىگە ئالغان پوكەي (ياكى دۇكان)نىڭ ئالدىدىكى شاپىلاقچىلىك بىكار يەرنى ھېلىقى بىچارىگە پالانى پۇلغا ئىجارىگە بېرىدىكەن. ئەگەر ئىجارىگە كۈچى يەتمىسە، ئۇ يەر بىكار تۇرسا تۇرىدىكەنكى، مۇشۇ ئۇيغۇر قېرىندىشىم بولسىمۇ پايدىلىنىپ كۈننى ئالسۇن، دېمەيدىكەن. بىر بازاردىكى بىر - بىرىگە ياندىش ئاشخانا، سامسىخانا، مىلىچ مال دۇكىنى، گەزمال دۇكىنى. . . ۋەھاكازالارنىڭ ئىگىلىرى ئۆزىنىڭ سودىسىنى دەپ، قوشنىسىنىڭ ئۈستىدىن نەدىكى بار ۋە يوق ئىللەتلەرنى توقۇپ چىقىپ خېرىدارلارغا شىكايەت قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا كىچىككىنە ئىشلارنى باھانە قىلىپ پىچاق، كالتەك كۆتۈرۈشۈپ بىر - بىرىنىڭ كاللا - باشلىرىنى يېرىشىپ، قان بولۇشۇۋاتقانلىقىنى دائىم كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

ئىلگىرى خروئىن دېگەن شېرىن زەھەرنى باشقىلار ئەكېلىپ ئۇيغۇرلارغا ساتقان بولسا، مۇشۇ كۈنلەردە خروئىننى باشقىلار ئەمەس دەل ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ئۆز شەھىرى، ئۆز يۇرتى، ئۆز مەھەللىسى، ئۆز قېرىنداشلىرى ئارىسىغا تارقىتىۋاتىدۇ!

بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى بىر تونۇشۇم بىلەن ئەھۋاللىشىپ قالدىم. ئۇ مۇنداق بىر «قىزىق» ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى: «تۈنۈگۈن X X شەھىرىدىن بىر تېلېفون ئالدىم، تېلېفوننى ئايالىمنىڭ سىڭلىسى بېرىپتۇ. تېلېفوندا مۇنداق دېدى: ‹يولدىشىم بىلەن قېيىن ئانام 40 گرام خروئىن بىلەن تۇتۇلۇپ قاپتۇ. خروئىننى ئېرىمنىڭ سىڭلىسى ئىچكىرىدىن پوچتا بىلەن چىقارغان كېيىم - كېچەكنىڭ قېتىغا تىقىپ ئەۋەتكەنىكەن، قولغا چۈشكەن چاغدا خروئىن قېيىن ئانامنىڭ يانچۇقىدىن چىقىپتۇ. تۇتۇلغاندىن كېيىن قېيىن ئانام: ‹بۇ خروئىن مېنىڭ ئەمەس، ئوغلۇمنىڭ ئىدى، سەن يانچۇقىڭغا سېلىۋالغىن دەپ بەرگەنىدى›، دەپتۇ. يولدىشىم: ‹ئانام يالغان ئېيتىدۇ، بۇ خروئىننى مەن بىلمەيمەن، بۇ ئاپامنىڭ يانچۇقىدىن چىققان ئىكەن، ئەلۋەتتە مېنىڭ ئەمەس، ئاپامنىڭ خروئىنى، ئۇنى ئاتامسىلەر، كېسەمسىلەر، كارىم يوق. بۇ ئىش مەن بىلەن ئالاقىسىز›، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. قېيىن ئانام تولىمۇ ئەسكى جادى ئىدى، ‹خوپ بوپتۇ!› دېدىم ۋە

مەنمۇ: «مېنىڭ ئىرىم خىرويىن سودىسى قىلمايدۇ، ئاشۇ ئاپسى قىلىدۇ، دېيىشىپ بەردىم. . . »

تونۇشۇمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئايال تېلېفون بېرىۋاتقاندا كەيپىياتى بەك چاغ، ئۆزى ئىنتايىن خۇشال ئىكەن. ئۇ يەنە: «ئېرىمدىن دەررۇ خېتىمنى ئالاي دەۋاتىمەن، نېمىلا قىلسا قېيىن ئانام دېگەن جادى بۇ قېتىم قۇتۇلالمايدۇ، ھۆكۈمەت قېيىن ئانامدىن ئۆچۈمنى ئېلىپ بەردى. . . چۈنكى ئۇ جادى ئاز بولغاندىمۇ دەتتىسىز كېسىلىپ كېتىدۇ! » دەپتۇ.

مەن تونۇشۇمنىڭ ئاغزىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ قېتىپ قاپتىمەن. ئۇلار ئەسلى ھايۋان ئىكەن. ھايۋان بولغاچقا، ئانا، ئوغۇل، قىز بىرلىشىپ خىرويىن سېتىشىپتۇ ۋە ئاخىرىدىمۇ ئەسلى ھايۋانىيلىقى بويىچە ئانىسى ئوغلىنى، ئوغلى ئانىسىنى سېتىپتۇ!

مەن ئىچكىرىدە 60 - 70 ياشلىق ئۇيغۇر بوۋايلارنىڭ، 30 - 40 ياشلىق بەرجەس ئەركەكلەرنىڭ 8 - 10 ياشلىق بالىلارنى يۇرتلىرىدىن ئالداپ ئېلىپ چىقىپ يانچۇقچىلىققا سېلىشىپ يۈرگىنىنى، بالىلار قارشىلىق قىلسا، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋاستىلەر بىلەن ئاشۇ نارەسىدىلەرنى قىينىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. يەنە ئاشۇ ئاپئاق ساقال بوۋايلارنىڭ ياش قىز - چوكانلارنى توپ - توپى بىلەن ئارقىسىغا سېلىپ «ئوقەت» قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم.

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى X Xلىق نەچچە يۈز ئۇيغۇر بىلەن X Xلىق نەچچە يۈز ئۇيغۇر شاڭخەي، گۇاڭجۇلاردا يۇرتۋازلىق قىلىشىپ، بازار - تەسىر دائىرىسى تالىشىپ پىچاق - قىڭغىراقلار بىلەن قوراللىنىپ، بىر - بىرلىرىنى قىر - چاپ قىلىشقان. ئون نەچچە ئۇيغۇر ئۆلتۈرۈلگەن، نەچچە ئون ئۇيغۇر ياردار بولغان، پۈتۈن شەھەرنى گويا ئۇرۇش ۋەھىمىسى قاپلاپ كەتكەن، يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇلارنى ناھايىتى تەسلىكتە ئاران جىمىقتۇرغان.

X X لىق ئۇيغۇرلار يەنە X Xلىق ياپياش ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ ئۇخلاۋاتقان مېھمانخانىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ پەيىنى كېسىۋەتكەن. ئۇلار ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ بۇنداق ۋەھشىيلىككە يۇرتۋازلىق ۋە قىمارۋازلىق سەۋەب بولغان.

مەن يەنە ئىچكىرىدە بىللە ئوقەت قىلىدىغان ئاكا بىلەن ئۇكىنىڭ بازىرى ئىتتىكرەك بىر خىل مال ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتنىڭ ئادرېسلىرىنى بىر - بىرىگە ساتقانلىقىنى ۋە باھادا كېلىشەلمەي بىر - بىرىگە پىچاق كۆتۈرۈشكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار پايتەختنىڭ چوڭ كوچىسىدا يۇرتۋازلىق ۋە قىز تالىشىش يۈزىسىدىن توپلىشىپ جېدەل - ماجىرا چىقىرىپ پايتەخت خەلقى ئالدىدا، چەت ئەللىكلەرنىڭ ئالدىدا رەسۋالاشقانلىقىنىمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۈرۈمچىدىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردە يەنە دەل مۇشۇ يۇرتۋازلىق، قىز تالىشىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ھەر يىلى بىر قانچە قېتىم ناھايىتى چوڭ جېدەل - ماجىرالارنىڭ چىقىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز.

ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن نەچچە ئونلىغان «قارا قوشۇن»لارنىڭ مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئوغرىلىق، باسقۇنچىلىق، خىرويىنكەشلىك، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق، ئالدامچىلىق، ئەتكەسچىلىك، ئادەم سېتىش، قىمارۋازلىق، پاھىشۋازلىق. . . قاتارلىق جىنايەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرۈۋاتقىنىنى، ئۇلارنىڭ 8 - 10دىن تارتىپ 50 - 60 كىچە ئۇيغۇرنى قەرز بىلەن باغلىۋېلىپ ئۆزلىرىگە قۇل قىلىۋالغانلىقىنى، بۇ جىنايەتچىلەرنىڭ ھە دېسىلا، ئىچكىرىدە دۇكان ئېچىپ، سودا قىلىپ قانۇنىي يول بىلەن پۇل تاپقان ئۇيغۇرلارنى بۇلاۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز.

بىزدە يۇرتۋازلىقنىڭ شۇنداقمۇ شەكىللىرى چىقىشقا باشلىدىكى، ھازىر ئۈرۈمچىدە بىر خىل تېلېفون دەپتىرى «مودا» بولۇۋاتىدۇ. يەنى بەزى ئادەملەر مەخسۇس «خوتەنلىكلەرنىڭ تېلېفون دەپتىرى»، «غۇلجىلىقلارنىڭ تېلېفون دەپتىرى»، «قەشقەرلىقلەرنىڭ تېلېفون دەپتىرى» . . . دېگەن تېلېفون دەپتەرلىرىنى مەخسۇس باستۇرۇپ ئىشلەتمەكتە. بۇ تېلېفون دەپتەرلىرىدە خاسشۇ يۇرتلۇق ئادەملەرنىڭ ئات - جۆنى، ئەمەل - دەرىجىسى، ئادرېسى، تېلېفون نومۇرى بېسىلغان. ئۇنى ئاز دەپ يەنە شۇ ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا «مۇسۇلمان ئاشخانىسى» دېگەن ۋېۋىسكىنىڭ ئورنىغا ئەمدى كېلىپ شىنجاڭدىكى ھەر قايسى شەھەر، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەرنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىدىغان رېستوران - ئاشخانىلار بەس - بەستە كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇلار قارىماققا يوللۇقتەك بىلىنىدۇ، لېكىن ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز يوسۇندا قىلىنغان بۇ ئىشلار مىللەتنىڭ ئىچىدە يۇرتۋازلىق، پىرقىۋازلىق، تەپرىقىچىلىكنىڭ تۈگىمىنىگە سۇ قۇيىدۇكى، ھەرگىزمۇ ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرى X X كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر بۇرادىرىمىز بولىدىغان. ئۇلارنىڭ ئولتۇراق زېمىنى يېقىندا چېقىلىدىغان بولغاچقا، ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا تاۋار ئۆيدىن بىر يۈرۈش بەرمەكچى بولۇپتۇ. بۇ بۇرادىرىمىز ئالدىنقى قېتىملاردا ئۆيىگە بارسام، «بىزمۇ مانا بىنا ئۆيگە كۆچىدىغان بولدۇق» دەپ ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن كۆچۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. بۇ قېتىم

بارغىنىدا ئۇلارنىڭ ھېلىقى خۇشاللىقى ئەلەڭگىدۇر ئۇچۇپ كېتىپتۇ. كۆچۈش ھەققىدە سورىسام شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ئايالىنىڭ چىرايىغا بىر خاپىلىق تېپىپ چىقتى. ئىش مۇنداق ئىكەن:

ئالدىنقى ھەپتىدە، بۇ ئەر - ئايال ئۆزلىرىنىڭ كۆچمەيدىغان ئۆيىنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولۇپ ھېلىقى بىناغا بارغانىكەن. ئۇلار ئەمدىلا بىنانىڭ ئالدىغا كېلىشىگە بىر ئايال بىر - ئىككى قوشنىسىغا پودۋال (يەر ئاستى قازناق)غا قويۇپ قويغان قول ھارۋىسىنى تونۇگۈن كېچىدە ئوغرى ئېلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا شىكايەت قىلىپ تۇرغانىكەن، بۇرادىرىمىزنىڭ ئايالى ھېلىقى ئايالغا ھېسداشلىق قىلغان تەلەپپۇزدا: «ۋاي خۇدايىم، بىزنىڭ مەھەللىدە شۇنداق ئوغرى كۆپ ئىدى. بىنادىغۇ ئوغرى يوقتۇ دەپ ئويلىسام، بىز كۆچىدىغان بۇ بىنامۇ تىنچ ئەمەس ئوخشايدۇ، بۇ يەردىمۇ ئوغرى بار ئىكەن - دە!» دەپتۇ. شىكايەت قىلىۋاتقان ھېلىقى ئايال بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا بۇرادىرىمىزنىڭ ئايالىغا ھۆرپىيىپتۇ ۋە: «ھە... سىلى تېخى كۆچۈپ كەلمەي تۇرۇپلا بۇ بىنادىكىلەرنى ئوغرى تۇتۇۋاتامدىلا؟ بۇ بىنادىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئوغرىمىكەن؟ ئوغرى بولسا، كىم سىلىنىڭ بىر نېمىلىرىنى ئوغرىلىۋالدى. قېنى، ئوغرىنى تېپىپ بەرسىلە!» دەپ تىللاپتۇ ۋە بىناغا قاراپ: «ۋاي خالايىق، مەيەردە بىر رەپ - رەپ كەلگۈندى تېخى كۆچۈپ كەلمەي تۇتۇپ، بىزنىڭ بىنادىكىلەرنى ئوغرى دەۋاتىدۇ. بۇ يېڭى كەلداخۇننىڭ گېپىچە بىز ئوغرى ئىكەنمىز» دەپ جار سېپتۇ. شۇھامان ھېلىقى خوتۇننىڭ ئىككى - ئۈچ قاۋۇل ئوغلى يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. ئۇلارمۇ بىنادىكىلەرگە قاراپ: «ھوي، چۈشۈڭلار خالايىق، تېخى كۆچۈپ كەلمەي تۇرۇپ بىزنى ئوغرى دېگەن ماۋۇ يېڭى كەلداخۇننىڭ ئەدىپىنى بېرەيلى» دەپ ۋارقىراپتۇ. نەتىجىدە بىنادىن بىر توپ ئەر - ئايال يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، بىزنىڭ بۇرادەر بىلەن ئايالىنى «قېنى، كىم ئوغرى ئىكەن؟ قايسىمىز ئوغرى ئىكەنمىز، ئوغرىنى تېپىپ بېرىش!» دەپ ئارىغا ئېلىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قاتتىق تاياقنىڭ ئاستىدا قالغىلى تاس قاپتۇ. ئاخىر مىڭبىر بالادا ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ قېچىپ كېلىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇيغۇر بولۇپ، بۇ بىناغا كۆچۈپ كەلگىلى تېخى ئەمدىلا بىرەر ئاي بولغان، زېمىنى چېقىلغان كۆچمە نوپۇس كىشىلەر ئىكەن (بۇ بىنادىكى ئاھالىنىڭ ھەممىسىلا ئۇيغۇر ئىكەن، يەنە كېلىپ!). شۇنىڭ بىلەن بۇ بۇرادىرىمىزنىڭ بېشىغا غەم چۈشكەنىكەن. «قارىمامسىز، بىز ئاشۇ بىناغا كۆچۈپ بارساق نېمە كۈننى كۆرەرمىز؟» دېيىشتى ئۇلار ئەلەم بىلەن.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىڭىزدا كۆڭلىڭىز كېلىۋاتامدۇ ۋە ياكى سىزنى يىغا تۇتۇۋاتامدۇ؟ خوش، بىزنىڭ بۇ بۇرادىرىمىز «كەلگۈندى» ئىكەن، ئۇلار نەدىن كېلىدۇ؟ باشقا يەردىنمۇ؟ باشقا دۆلەتتىنمۇ؟ كەلگۈندى بولسا كىمنىڭ زېمىنىگە كېلىدۇ؟ يات دۆلەتنىڭ ، يات مىللەتنىڭ زېمىنىگىمۇ؟

مەن ئۈرۈمچىدىكى دۆڭكۆۋرۈك، بۇلاقبېشى، نەنمېن قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇشۇپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ: «ئالتە شەھەردىن تېخى تونۇگۈن كېلىپ نېمە يوغانچىلىق ساڭا؟!» ، «بۇ يەردە كۆتۈڭنى غىت قىسىپ يۇۋاش بول جۇمۇ! بۇ يەر سېنىڭ ئالتە شەھىرىڭ ئەمەس، بۇ دېگەن ئۈرۈمچى!» دېيىشكىنىنى يات - يات ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ قالىمەن.

«ئالتە شەھەر» ئۇيغۇرنىڭ بولسا، ئۈرۈمچى كىمنىڭكى؟ ئالتە شەھەر نەنىڭ يېرى، ئۈرۈمچى نەنىڭ؟ «ئالتە شەھەرلىك» ئۇيغۇر ئىكەن، ئۈرۈمچىلىكچۇ؟ ئۈرۈمچى «ئالتە شەھەر»دىن ئايرىمچە بىر زېمىنمۇ؟ ئۈرۈمچىلىك ئۇيغۇر ئۇيغۇر ئەمەس، باشقا بىر مىللەتمۇ؟ ھېلىغۇ شىنجاڭدىكى جىمى ئۇيغۇر ئىكەن، پۈتكۈل دۇنيادىكى ئۇيغۇر بىر قېرىندىن، بىر بېغىر، بىر قان، بىر تەن، بىر جان ئەمەسمۇ؟ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە نەچچە مىڭ يىللىق ئۆلمەس تارىخ ئىسپاتلىدىكى: ھېلىغۇ ئۈرۈمچى ئىكەن، شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرى ئۇيغۇرنىڭ ئانا ماكانى، ئانا يۇرتى ئەمەسمۇ؟ ئىلىخونى ئىلىلىقنىڭ، قەشقەرنى قەشقەرلىقنىڭ، خوتەننى خوتەنلىكنىڭ، كۇچانى كۇچالىقنىڭ، ئاقسۇنى ئاقسۇلۇقنىڭ، ئاتۇشنى ئاتۇشلۇقنىڭ، بورتالانى بورتالالىقنىڭ، قۇمۇلنى قۇمۇللۇقنىڭ، سانجىنى سانجىلىقنىڭ، كورلىنى كورلىلىقنىڭ، تۇرپاننى تۇرپانلىقنىڭ، قارا شەھەرنى قارا شەھەرلىكنىڭ، ئۈرۈمچىنى ئۈرۈمچىلىكنىڭ «سېنىڭ ئەمەس، مېنىڭ يېرىم» دېگەنلەر چاقچاق قىلىشىدۇ... بىلەيلىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى چاقچاق كۆتۈرمەيدۇ. بۇ يەرلەر سېنىڭ، مېنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەمەس، ھەممىمىزنىڭ - بۇ يەرلەردە ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ!

مەھەللە - كويلاردىكى بۇنداق يۇرتۋازلىق، «سەن يېڭى، مەن كونا» دەيدىغان ئايرىمىچىلىق، بۆلگۈنچىلىك شۇ دەرىجىدە ئېغىر ئىكەنكى، كونىلار يېڭى كۆچۈپ كەلگەنلەرنى چەتكە قاقىدىكەن، يەكلەيدىكەن، نوپۇسى بار ئۇيغۇرلار نوپۇسى يوق ئۇيغۇرلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىكەن، كەمبەغەللىرى كەمبەغەللىرىنى غاجايدىكەن. يەرلىك ئۇيغۇرلار سىرتتىن كەلگەنلەرنى، شىماللىق ئۇيغۇرلار جەنۇبلۇق ئۇيغۇرلارنى، جەنۇبلۇق ئۇيغۇرلار شىماللىق ئۇيغۇرلارنى ... ئۆزلىرىگە يات ۋە دۈشمەن سانايدىكەن. بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالسا، ھەتتا كۆشەندىسىنىڭ بالا - ۋاقىسىنى بىر ئاماللار بىلەن خىروئىنغا ئۆگىتىدىكەن - دە، شۇ ئارقىلىق رەقىبىنى جايلايدىكەن.

يۇرتۋازلىقتىن قېنى زەھەرلىنىپ كەتكەن ئۇيغۇر

قېرىنداشلىرىمىز، ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ يۇرتۋازلىقى نەتىجىسىدە كىملەرنى يىغلىتىپ، كىملەرنى كۈلدۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېزىپ - تېزىپ بولسىمۇ بىرەر قېتىم ئويلاپ باقسا بولمامدىغاندۇ؟ ئاڭلىسام، ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدىن تارتىپ موسكۋا، سانكت پېتېربورگ، سوفىيە، بۇداپېشت، ۋارشاۋا، ئەنقەرە، ئىستانبول، توكيو، هامبورگ، بېرلىن، مەككە، مەدىنە، جىددە، نيۇ - يورك، ۋاشىنگتون. . . قاتارلىق شەھەرلەردە سودا - تىجارەت قىلىۋاتقان، ئوقۇۋاتقان، ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزلىرىنى «ئۇ يەرلىك»، «بۇ يەرلىك» دەپ ئاتاپ ئايرىشىدىكەن ۋە ئاشۇ ئۇلۇغ «لىك»، «لىق» لەر ئايرىمىسى بويىچە ئىزدىشىپ، ئارىلىشىپ ئۆتۈشىدىكەن.

مۇشۇنداق ئايرىش نەتىجىسىدە ھەممىمىز ئازاب ۋە ھەسرەت بىلەن شۇنى كۆرمەكتىمىزكى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە شۇ كۈنلەردە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك، پەزىلەت بىلەن قاباھەت، ئىمان بىلەن گۇمراھلىق، ھالال بىلەن ھارام، ساداقەت بىلەن مۇناپىقلىق، راست بىلەن يالغان، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، دوست بىلەن دۈشمەن، ئالىيجانابلىق بىلەن رەزىللىك . . . لەرنىڭ ئارىسىدىكى چەك - چېگرا بۇزۇپ تاشلىنىپ، بىر - بىرى بىلەن گويا ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايدىغان بۇ ئىككى خىل ئەخلاق مىزانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئادىمىيلىك بىلەن ھايۋانىيلىقنى بىر - بىرىدىن كەسكىن ئايرىپ تۇرىدىغان قىممەتلىك بەلگىلەر ئاياغ ئاستى قىلىنىۋاتىدۇ. بىزدىكى ئاشۇ يۇرتۋازلىق دىلىمىزنى كور قىلىپ، قېنىمىزنى زەھەرلەپ تارىخ ئالدىدا، كەلگۈسى ئالدىدا، دۇنيا ئالدىدا، بالىلىرىمىزنىڭ ئالدىدا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىناتلىرى ئالدىدا ۋە خۇدا ئالدىدا يۈزىمىزنى قارا قىلماقتا؛ ۋۇجۇدىمىزدىكى خۇدا سالغان، ئاتا - بوۋىمىزدىن تەۋەررۈك قالغان گۈزەل ھېسلارنى - ئادالەت - ھەقىقەت تۇيغۇسىنى، قورقۇمسىزلىقنى، نومۇس - ئۇيات تۇيغۇسىنى، ئۆز ئارا ئىشىنىش، مېھرىبانلىق، دوستلۇق، قېرىنداشلىق تۇيغۇسىنى بىر - بىرلەپ دەپنە قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىغۋاگەرلىك، كۆرەلمەسلىك، ئىچى قارىلىق، ھەسەتخورلۇق، گۇمان ۋە دۈشمەنلىك ھېسلىرىنى يېتىلدۈرمەكتە. شۇ سەۋەبتىن مىللىتىمىزنىڭ ئۇلۇغ بىرلىكى، ئۇيۇشقاقلىقى بۇزۇلۇپ، گۈزەل ۋە يۈكسەك ئەخلاق پەللىسى، ئەخلاق ئۆلچىمى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، بېشىمىزغا بالا - قازا ۋە بەختسىزلىكنى چىللىماقتا. ئۆزىمىزنىڭ خۇي - پەيلى تەقدىرىمىزنى بەلگىلەيدۇ: مۇبادا بىز مىللىتىمىزنى ھالاكەتكە ئىتتىرىۋاتقان يۇرتۋازلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، ھەسەتخورلۇق، ئۆز ئارا دۈشمەنلىككە ۋاقتىدا خاتىمە بەرمىسەك، بېشىمىزغا ھەر قانداق بالايى - ئاپەت ياغسا ئۇنىڭدىن قاقشاشقا، زارلاشقا ھەققىمىز يوق، چۈنكى بىز شۇ بالا - قازا ۋە بەختسىزلىكنى ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن تىلەپ تاپقان بولىمىز.

## جاراھەتنىڭ يىلتىزى

شۇ كۈنلەردە بېشىمىزغا بالا بولۇۋاتقان يۇرتۋازلىق ۋە ئۇنىڭغا ياندىشىقان ئىتتىپاقسىزلىق، ئىچى قارىلىق، ئۆز ئارا دۈشمەنلىك بىزدە ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئاستا - ئاستا ۋە تەدرىجىي يوسۇندا شەكىللەنگەن يىلتىزى چوڭقۇر ئىللەتلەردۇر. مىللىتىمىز بۇ ئىللەتلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئازابىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقىنىغا ناھايىتى ئۇزاق زامانلار بولغان بولسىمۇ، ھازىر ئۇ تېخىمۇ راۋاجلىنىپ ھەممە كىشى بىلىدىغان، سېزىدىغان، رەسمىي ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان ئاپەت بولۇپ ئاشكارىلىنىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇنىڭ يىلتىزىنى بىر قانچە تارىخىي دەۋر ۋە شۇ دەۋر پەيدا قىلغان ئامىللاردىن ئىزدەش مۇمكىن:

1. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ناھايىتى قەدىمىي ۋە مەدەنىيەتلىك مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىدا ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىنكى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر مابەينىدە كۆپلىگەن تۈركىي ۋە غەيرىي تۈركىي قەبىلە - قەۋملەر ۋە مىللەتلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. بۇ خىل قوشۇۋېلىش تارىخنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن بىر ئىش! ھالبۇكى، بۇنداق قوشۇۋېلىش گاھىدا ئىختىيارەن، گاھىدا مەجبۇرىي شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەيلى ئىختىيارىي ياكى كۈچ بىلەن مەجبۇرىي قوشۇۋېلىپ ئۆزگەرتىۋېتىشلەر بولسۇن ھېچقايسىسى كۆرەشسىز، زىددىيەتسىز، توقۇنۇشسىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ، ھەتتا بۇ خىل كۆرەش ۋە زىددىيەتلەر نەچچە ئەسىرلەپ داۋام قىلىدۇ. ئەنە شۇ ئۇزاق زامان داۋاملاشقان كۆرەش ۋە زىددىيەت جەريانىدىكى ئەنسىزلىك، ئۆز ئارا ئىشەنمەسلىك، گۇمان ۋە دۈشمەنلىك ھېسلىرى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملىشىپ، مىراس ۋە ئۇدۇم بولۇپ ئاستا - ئاستا مىللەتنىڭ پسىخىكىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇشى، نەتىجىدە ئۆزى ئۇيغۇر بولسىمۇ، يەنە بىر ئۇيغۇردىن قورقىدىغان، ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارايدىغان، ئىشەنمەيدىغان، يەكلەيدىغان، ئېھتىيات قىلىدىغان بىر خىل روھىي ھالەت پۈتۈن مىللەتكە ئومۇملىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

2. يىپەك يولى (بۈيۈك كارۋان يولى) نىڭ خارابلىشىشى مىللىي مەدەنىيەتكە پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئىلىم - پەن ئورنىغا جاھالەت، نادانلىق، ئەسەبىيلىك ئالماشتى. مىلادى XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن يۇرتىمىزغا دىنىي كۈرەشلەردە مەغلۇب بولۇپ ۋەتىنىدىن قوغلانغان بىر بۆلۈك دىنىي قاچقۇنلار قېچىپ كەلدى. بۇ جاھالەت پىرلىرى ئەسلىدە ئىران، ئىراق، ئافغانىستان، ھىندىستان، بۇخارا، كاشان قاتارلىق جايلاردا ئەرەب، پارس مۇسۇلمان دۇنياسىدا «مەنئىي

تەرىقەت» دەپ چەكلەپ تاشلانغان سوپىزمنى بازارغا سېلىپ، هاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا ئورۇنغان ۋە قانلىق دىنىي كۈرەشلەرگە سەۋەبچى بولغان خوجا - ئىشانلار بولۇپ، ئۆز ۋەتىنىدە ئۇلارنى پەقەت قىلىچ ۋە دار كۈتەتتى. ئۇلار يۇرتىمىزغا كەلگەندىن كېيىن ئۆزلىرىنى «ئەۋلىيا - ئەنبىيا»، «پەيغەمبەر ئەۋلادى»، «سەئىد»، «ئاللاخوجام»، «ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە مۆمىن بەندىلەرگە ‹پىر›، ‹ئۇستاز› بولۇش ئۈچۈن كەلگەنلەر» دەپ ئاتىۋېلىپ هەر خىل ئالدامچىلىق، سۇيىقەستلىك هەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يۇرتىمىز تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن دىنىي قاچاقلار، سۇيىقەستچىلەر، زامان مەككارلىرى بولمىش خوجا - ئىشان، سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ پاناهلىنىدىغان ئۇۋىسىغا، باشقا يەردە ئاققۇزالمىغان رېئاكسىيون سۇلۇكلىرىنى بازارغا سالىدىغان، هەتتا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە خانلىق هاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن دەريا - دەريالاپ قان تۆكۈشىدىغان جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ مەلئۇنلارنىڭ نىجىس قەدىمى پاك زېمىنىمىزغا چۈشكەندىن بۇيان بىزدە بىرەر كۈنمۇ ئامانلىق بولمىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە قارشى سۇلۇك - مەزهەپ قۇرۇپ، ئۇنىڭغا يۇقىرىسى خان - پادىشاھ، ۋەزىر - ۋۇزرا، ئالىم - ئۆلىمالاردىن تارتىپ تۆۋىنى ئاۋام - پۇقراغىچە هەممىلا كىشىنى ئالداش، ئېزىقتۇرۇش، قورقۇتۇش ۋاسىتىلىرى بىلەن ئۆز مەزهەپلىرىگە «مۇرىت» لىققا تارتىپ يۇرتلار، شەھەرلەر، سەهرا - قىرلار بويىچە تەسىر دائىرە ئىگىلەپ، تىنچ ئەمگەكچى بىلەن جاهاندارچىلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى مەجبۇرىي هالدا ئىش - ئەمگەك ۋە تىرىكچىلىكلىرىدىن ئايرىپ تاشلاپ ئۆزلىرىگە مۇرىت بولۇشقا، هاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرىدە جانلىرىنى سېتىشقا قىستىدى. قارشىلىق قىلغانلارنى ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيانە ئۇسۇل - جازالار بىلەن قىيىندى، قەتلى قىلدى، مال - مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، يەر - زېمىنلىرىغا ئوت قويدى. تارىخىمىزدىكى ئەشەددىي ئىسلامىيەت ئاسىيسى ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ياندىماچلىرىنىڭ مىللىتىمىز ئىچىدە يۈرگۈزگەن «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» لار قىرغىنچىلىقلىرى بىزنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنى تەستىقلايدۇ.

مانا شۇ مەلئۇنلارنىڭ تەپرىقىچىلىكى سەۋەبلىك بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتى چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ، بىر ۋىلايەت يەنە بىر ۋىلايەتكە، بىر شەھەر يەنە بىر شەھەرگە، بىر ئايماق يەنە بىر ئايماققا، بىر ناهىيە يەنە بىر ناهىيىگە، بىر يېزا يەنە بىر يېزىغا، بىر كەنت يەنە بىر كەنتكە، بىر مەھەللە يەنە بىر مەھەللىگە، هەتتا بىر مەھەللىنىڭ ئۇ تەرىپى مەھەللىنىڭ بۇ تەرىپىگە، بىر ئېرىقنىڭ بېشى ئېرىقنىڭ ئايىغىغا، بىر كوچىنىڭ ئۇ تەرىپى كوچىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە، بىر مەسچىت يەنە بىر مەسچىتكە، بىر خانىقا يەنە بىر خانىقاغا، بىر مەدرىس يەنە بىر مەدرىسكە قارشى قانلىق ئۇرۇش سەپلىرىگە، جەڭ ئىستىھكاملىرىغا ئايلاندى. ئۇ يەردە ياشاۋاتقان بىر مىللەت، بىر قەۋم، بىر جەمەت، بىر تۇغقان قېرىنداشلار بىر - بىرىگە قارشى ئەشەددىي دۈشمەنلەرگە ئايلاندى. ئانا تۇپراق بىگۇناھ ۋە قېرىنداش ئۇيغۇرلارنىڭ قىزىل قېنىدا بويالدى. پۈتكۈل تارىخىي سەلتەنىتىمىز، شانلىق مەدەنىيىتىمىز، ئىلىم - ئىرپانىمىز، ئىجاد - ئىختىرالىرىمىز، شان - شەۋكەتلىرىمىز كۆيۈپ كۈل بولدى! ئەڭ مۇھىمى ۋە ئەڭ ئېچىنىشلىقى، بىزدىكى ئۇيغۇرغا خاس روھ، قان، ۋىجدان، ئەقىل - پاراسەت سوپى - ئىشانلارنىڭ تەپرىقىچىلىك ئوغىسىدا زەهەرلىنىپ قارىيىپ كەتتى. بىز پەقەت ئۆز ئارا دۈشمەنلىك، يۇرتۋازلىق قىلىشقىلا، بىر - بىرىمىزنى چىشلەپ - غاجاشقىلا تۇرغان، مىللىي ئىناقلىق، قېرىنداشلارچە دوستلۇق، ئىنسانىي مۇھەببەت، ئۆز قەۋمىنى سۆيۈش، ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش، ئۆز مىللىتىنىڭ نومۇسىنى قەدىرلەش دېگەنلەرنى بىلمەيدىغان تەرسا، هورۇن، قوپال، جاهىل، ئۇرۇشقاق، ھەسەتخور، غەيۋەتچى، قارا كۆڭۈل، كۆكەمە، يالغانچى، گۇمانخور، بىلىمسىز، نادان ۋە ئاجىز ئادەملەر توپىغا ئايلىنىپ قالغىلى قىل قالدۇق.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىمۇ تارىختىكى ئەكسىيەتچى سوپى - ئىشانلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى هازىرقى بىر قىسىم سوپى - ئىشان، ئاخۇن - موللىلار جان پىدالىق بىلەن داۋاملاشتۇرماقتا (ئاڭلىشىمىزچە ئۈرۈمچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى يەرلىرىدە نەچچە مىڭلاپ مۇرىت توپلىغان سوپى - ئىشانلار ھېلىمۇ بار ئىكەن). ئۇلار ئۆز ئارا نام - شۆھرەت، تۆر، پوشكال - قۇيماق تالىشىپ، بىر - بىرى بىلەن ئىتتەك بوغۇشۇپ، ئېشەكتەك چىشلىشىپ، خېچىردەك تېپىشمەكتە؛ بۇنى ئاز دېگەندەك، بۇ پەسكەشلىكلىرىگە ئۆزلىرىگە هۆرمەت ۋە ئەقىدە قىلىدىغان نادان جامائەتنىمۇ سۆرەپ كىرىپ، ئۇلارنى ئەتراپىغا توپلاپ بۇ تارىخىي نومۇسسىزلىقنى پۈتۈن كۈچى بىلەن داۋام ئەتمەكتە. مۇشۇ كۈنلەردە بىر كوچىدا، بىر مەھەللىدە بىر نەچچە مەسچىت سېلىنماقتا، بۇ مەسچىتلەرنىڭ سېلىنىشى جامائەتنىڭ كۆپلۈكىدىن، ناماز - ئىبادەتتە قىسىلىپ قالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ھېلىقىدەك تەپرىقىچىلىك - بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئېھتىياجىدىن بولۇۋاتىدۇ. نەتىجىدە بىر - بىرىگە قارشى تۇرىدىغان مەسچىتلەرنىڭ جامائىتى بىر - بىرىگە ئارىلاشمايدىغان، بىر - بىرىنى يامان كۆرىدىغان، بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك قىلىدىغان ئەھۋال ئومۇميۈزلۈك ۋە ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى. هەتتا بۇ ئىككى مەسچىت ئەھلى مەسچىتلىرىنىڭ دەرۋازىسىنى نەقىشلەش، بېزەشتىمۇ بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ، ئۆز كۈچلىرىنى

نامايان قىلماقتا، بىر - بىرىگە كۆچ كۆرسەتمەكتە! سوپى - ئىشانلار ۋە دىنىي تونغا ئورنىۋالغان بىر قىسىم كۆڭلى قارا ئاخۇن - موللىلارنىڭ مۇناپىقلىقى مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئىدېئولوگىيىسىنى قاتتىق زەھەرلىمەكتە.

3. يەنە بىر تەرەپتىن، تارىختىكى ئىستىبدات مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى نادانلىقتا تۇتۇش، بىر - بىرىگە سېلىش، بىر - بىرىگە دۈشمەنلەشتۈرۈشتەك سۇيىقەستلىك ۋاستىلىرى بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، ئۆز ئارا يۇرتۋازلىق، بۆلگۈنچىلىك، تۈرلۈك مىللىي نىزا، جېدەل - جېدەل، قارغىش - ئاداۋەتلەرنىڭ تۇگىمىنىگە سۇ قۇيغان؛ ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق سەلتەنەتلىك مەدەنىيەت تارىخىغا گۇۋاھ بولىدىغان «ئۇيغۇر» دېگەن گۈزەل مىللەت نامىنى «چەنتۇلار» دېگەن ھاقارەتلىك نامغا ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇرلارنى مۇشۇنداق ئالاھىدە نامدا ئاتاشقا ... ئومۇملاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنى «چەنتۇ» بولماي «تارانچى» دەپ ئايرىم «مىللەت» بولۇشقا قۇتراتقان؛ بىزنىڭ بۇ گۈزەل زېمىنىمىزغا كۆز تىكىپ تۇرغان چاررۇسىيە جاھانگىرلىرىمۇ بۇ رەزىل سۇيىقەستكە ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئۇيغۇرلار ئىچىدە بىر مەزگىل جەڭگى - جېدەل تېرىغان. ئىستىبدات ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆز جىنايى مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بۇنداق سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى چەكسىز مىللىي زۇلۇم ۋە نادانلىق ئىسكەنجىسىدە جېنى تومشۇقىغا كېلىپ قالغان خەلقىمىز ئىچىدە تەبىئىي رەۋىشتە بۆلگۈنچىلىك - يۇرتۋازلىق ۋە دۈشمەنلىك كەيپىياتىنىڭ بىخلىنىشى، باش كۆتۈرۈشىگە بىۋاسىتە سەۋەب بولغانىدى.

پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا يۇرتىمىز شىنجاڭدا ماركسىزمچە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك سىياسىتىنى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن گۈزەل نامىنى قانۇنلاشتۇرۇپ، مىللىتىمىزنى پارچىلىنىپ كېتىش خەۋپىدىن ساقلاپ قالدى!

4. ماقالىمىزنىڭ بېشىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بىر قىسىم زىيالىيلار ئارىسىدىكى 1930 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا باشلانغان سىياسىي مەسىلەك تۈپەيلى پەيدا بولغان توقۇنۇش، زىددىيەت ۋە يوشۇرۇن بۆلۈنۈش سەۋەبلىرى ... شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ مىللىي زۇلمى، 1950 - يىللاردىكى ئاتالمىش «يۇقىرىلارغا قارشى كۈرەش»، بولۇپمۇ 1960 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا باشلانغان، ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان مەدەنىيەتكە قارشى ۋەھشىيانە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتى ئۇيغۇر مەدەنىيەت قاتلىمىدىكى تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تەپرىقىچىلىك، بۆلگۈنچىلىك، ئىتتىپاقسىزلىق ۋە دۈشمەنلىك كەيپىياتىنى تېخىمۇ پايدىلىق تۇپراق ۋە

كىلىمات بىلەن تەمىن ئېتىپ، بۇ ئىللەتلەرنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇۋەتتى. ئىلگىرى ئاشكارا، يوشۇرۇن ساقلىنىپ كەلگەن ياكى ئىپادە قىلىنغان بۇ خىل ھايۋانىي ھېسلار شۇ يىللاردا ئاپئاشكارا ۋە قىپيالىڭاچ تۈس ئالدى؛ ئۇيغۇرلاردىن مىللەت ئۇقۇمى، مىللىي ھېسسىيات، مىللىي غۇرۇر، مىللىي سۆيگۈ ھەتتا ئادەمگەرچىلىك دېگەنلەر كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇيغۇرلار ھېچقانداق دوستى يوق بىر توپقا ئايلىنىپلا قالماي، ئەڭ ناسى دۈشمەنلىككىمۇ ئەرزىمەيدىغان دەرىجىدە زەئىپلىشىپ كەتتى. ھەتتا «مىللەت» دېگەن بۇ ئەقلىي، قانۇنىي، تارىخىي، تەبىئىي، ھەممە مىللەت ئەركىن - ئازادە ئىستېمال قىلىدىغان سۆزمۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر قورقۇنچلۇق، ۋەھىملىك ۋە زىيانلىق مەخلۇقنىڭ كۆلەڭگىسىگە ئايلىنىپ، ھەممە كىشى ئۇنى ئېغىزغا ئېلىشتىن قورقىدىغان، «مىللەتچى» دېگەن گەپتىن خۇددى ۋابادىن قورققاندەك قاچىدىغان بولدى. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئاتالمىش «مىللەتچى » لىك قانداقتۇر ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلايدىغان، سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان، دۆلەت قانۇنى تەرىپىدىن چەكلىنىدىغان ئەكسىيەتچىل مىللەتچىلىك ئەمەس. لېكىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى ھوقۇق دائىرىسى بويىچە بىزگە بېرىلگەن: مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، راۋاجلاندۇرۇش، ئۆز مىللىتى ئىچىدە مىللىي ئەنئەنە، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئۆرپ - ئادەت، مىللەت تارىخى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، ۋەتەننىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىش، ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، دۆلەت تىلى بولغان خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش، شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيىتىگە يۈزلىنىشكە تېخىمۇ پايدىلىق بولغان ھەر قانداق چەت تىلىنى ئۆگىنىش، ئۆزىنىڭ تىل بايلىقىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆلچىمى بويىچە خالىغان تىللاردىن قوبۇل قىلىپ بېيىتىش، ئەدەبىيات، كىنو - تېلېۋىزىيە، ئۇسسۇل سەنئىتى، مۇزىكا، بىناكارلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، گۈزەل سەنئەت، شەھەر قىياپىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ناخشا - مۇزىكا، ئۇسسۇل، قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئوغرىلىنىپ، بولاڭ - تالاڭ قىلىنىپ كېتىشىنى، ئۆزىنىڭ قىلمىشلىشىنى، ياكى ئۆزگەرتىپ - بۇزۇپ، چاكىنىلاشتۇرۇپ بازارغا سېلىشىنى قەتئىي چەكلەش، ئۇنىڭغا قەتئىي يول قويماسلىق ... جەھەتلەردە تەشكىلىي يول ۋە قانۇنىي ۋاستە بىلەن

مۇقىملىقنى قوغداش شەرتى ئاستىدا بىر - ئىككى كەلىمە خالىس ۋە ئىللىق گەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئەقەللىي قانۇنىي ھوقۇقلار قانداقتۇر ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان غەرەز ئىگىلىرىنىڭ بۆرمىلىشى، ئوت قويرۇقلۇقى، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىشى بىلەن ئاتالمىش «مىللەتچىلىك» بولۇپ قالدى! خەنزۇ خەلقى ئۇزاق تارىختا، شانلىق ۋە قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئاھالىسى زور مىللەت بولۇپ، تارىختا مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىچىلىكنىڭ زۇلمىنى ۋە يەنە، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە موڭغۇل ۋە مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلمى ئاستىدا ھوقۇقسىزلىقنىڭ ئازابىنى نەچچە يۈز يىللاپ بېشىدىن كەچۈرگەن، يەتكۈچە دەرد تارتقان خەلق بولغاچقا، ئۇلار ئۆزىدىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئەزەلدىن ھېسداشلىق قىلىپ كەلدى. بولۇپمۇ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدە دۆلىتىمىزدە قانۇن بىلەن ئەل باشقۇرۇش غايىسى بارغانسېرى كونكرېتلاشتى، تۈرلۈك قانۇنلار تۈزۈلۈپ مىللەتلەرنىڭ، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى ۋە مەنپەئىتى كاپالەتكە ئىگە بولدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت مىللەتلەر خىزمىتىگە ئىنتايىن جىددىي قاراپ ۋە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. كەڭ خەنزۇ زىيالىيلىرى ۋە خەنزۇ ئەمگەكچىلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ باراۋەر ياشاپ، ئورتاق گۈللىنىش ئارزۇسىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىپ ۋە ھۆرمەت قىلىپ، بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىش ۋە پائالىيەتلىرىنى كۈچلۈك قوللاپ كەلدى.

لېكىن، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئاساسىي قانۇن ھەممە كەڭ خەنزۇلار قانۇنىي ۋە يوللۇق دەپ قارايدىغان ۋە قارىغان ئىشلارنى ئۆز ئىچىمىزدىكى بەزى قارانىيەت، سۈيىقەستچى، تاماگەر، شەخسىيەتچى، نەپسى بالا، ۋىجدانى قارىيىپ كەتكەن يامان غەرەزلىك ئادەملەر «مىللەتچىلىك» ، «مىللىي كەيپىيات» دەپ قەستەن بۆرمىلاپ، يوق يەردىن تۈك ئۈندۈرۈپ مىللەت ئىچىدە ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا ئىتتىپاقسىزلىق، ئارازلىق، خۇسۇمەت - ئاداۋەت پەيدا قىلىۋاتىدۇ؛ پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق ئوبرازىغا داغ چۈشۈرۈۋاتىدۇ، پارتىيە بىلەن خەلق ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا سۈنئىي يوچۇق پەيدا قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق غەرەزى يامان ئەبلەخلەرنى پارتىيە يامان كۆرىدۇ، خەلق ھۆكۈمىتى يامان كۆرىدۇ، مىللەتلەر، جۈملىدىن خەنزۇ خەلقىمۇ يامان كۆرىدۇ. بۇنداق ئىتى يامان، دىلى زەھەر، نەپسى بالا، شەخسىيەتچى، نومۇسسىز «ئادەملەر» دىن ھەزەر ئەيلىمىسەك ھەر مىللەت خەلقى ئاران ئېرىشكەن تىنچ - ئىتتىپاق بولغان ۋەزىيەت ۋە مۇقىملىقنى ساقلىغىلى بولمايدۇ.

## مىللىي ئاڭ - مىللەتنىڭ جېنى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن بەزىبىر سەۋەبلەر تۈپەيلى بىز خەقتە مىللىي ھېس - تۇيغۇ سۇسلاپ، ئۆز ئارا ئىشەنچسىزلىك، گۇمانخورلۇق، بىر - بىرىدىن ئېھتىيات قىلىش، چۈچۈش، بىزار بولۇش، بىر - بىرىدىن قېچىشتەك بىمەنە ۋە ئېچىنىشلىق روھىي ھالەت يامراپ كەتتى.

تارىختىكى ئېغىر قىسمەتلەر، مىللىتىمىز ئىچىدە ئۈزلۈكسىز، تەكرار - تەكرار سادىر بولغان دىل ئاغرىقى ۋە ئۆز ئارا دۈشمەنلىكلەر نەتىجىسىدە بىزدە ئۆز ئارا ئىشەنچ يوقاپ، ئادەملەر بىر - بىرىدىن ئورۇنسىز گۇمانلىنىدىغان، بىر -بىرىگە راست گەپ قىلمايدىغان، قىزغانچۇقلۇق، ئىچى تارلىق قىلىدىغان، بىر -بىرىنى كۆرەلمەيدىغان، باشقىلارنىڭ «تىرىقىدە» قىلغان تىۋىشىدىن چۆچۈپ كېتىپ دەررۇ مۇداپىئەگە ئۆتۈشكە تەييار تۇرىدىغان، خۇددى يۈرىكى، جىگىرى سۇغۇرۇپ تاشلانغاندەك ھەردائىم بىر خىل دەككە - دۈككە، قورقۇنچ، ۋەھىمە ئىچىدە ياشايدىغان پاسسىپ، قالاق ياشاش شەكلى ئومۇملىشىپ كەتتى. قاراپ باقايلى: بىزنىڭ بالىلىرىمىز باشقىلارنىڭ بالىلىرىدەك خۇشال - خۇرام، ئەركىن، شوخ ئەمەس، ئۇلارنىڭ چىرايىدا بالىلارغا خاس سەبىيلىك، بىغۇبارلىق، خاتىرجەملىك كەمدىن كەم كۆرۈلىدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ چىرايىنى ھەر دائىم بىر خىل قورقۇنچ، قورۇنۇش، سىقىنچىلىق، ئېھتىيات، خاتىرجەمسىزلىك، ھەتتا قايغۇ كۆلەڭگىلىرى قاپلاپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرقى گويا چوڭ بولماي تۇرۇپلا قېرىپ كەتكەن بوۋاي - موماي ۋە ياكى ئاپىسىنىڭ قورسىقىدىلا بوۋاي - موماي ئايلىنىپ بولغان كىچىك بالىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار ئاتا - ئانىسىدىن، ئاكا - ئاچىلىرىدىن، مۇئەللىمىدىن، ساۋاقداشلىرىدىن، كوچىدىكى بالىلاردىن، چوڭلاردىن، ساقچىدىن، دوختۇردىن، بىر قورۇدىكى دوستلىرىدىن، ھەتتا ئىت - مۈشۈكتىن قورقىدۇ. چۈنكى دادىسى بىلەن ئاپىسى ئۇنى كىچىكىدىنلا خەققە ئىشەنمەسلىككە، بوزەك بولماسلىققا، خەقتىن ئۆچ ئېلىشقا، ئۆزىگە پۇختا بولۇشقا، ئۆزىنىڭكىنى تارتقۇزۇپ قويۇشتىن ھەر دائىم ئېھتىيات قىلىشقا ئۆگىتىدۇ. ھوشيار - چېچەن بولمىسا، مەينەت - يىغلاڭغۇ بولسا خەقلەرنىڭ زاڭلىق قىلىدىغانلىقى، دوستلىرىنىڭ ئۇنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ياراتمايدىغانلىقى، ياخشى ئوقۇمىسا، بىگىس بولمىسا، خەقلەردىن ئۈستۈن تۇرمىسا جېنىنى باقالمايدىغانلىقى، كوچىدا قالىدىغانلىقى، بوزەك بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرىدۇ.

تازا ئويلاپ باقساق، بىزگە يوللۇق كۆرۈنگەن مۇشۇ تەربىيەلىرىمىزدە بىر نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئۇ بولسىمۇ قورقۇتۇش - بالىلىرىمىزنى ئادەملەردىن، جەمئىيەتتىن، ھاياتتىن، ياشاشتىن قورقۇتۇش. بىز نامراتلىقىمىز تۈپەيلى بالىلىرىمىزغا ياخشى يېگۈزۈپ، ياخشى كىيىندۈرۈپ، خالىغىنىنى قىلىپ بېرىپ بولالمايۋاتىمىز، ئۇلارنىڭ يېمەكى ناچار، تېنى ئاجىز،

كۆڭلى سۇنۇق، شۇنداق تۇرۇقلۇق بالىلىرىمىزغا بېرىدىغان تەربىيىمىزدە دوستلۇق، ئىشەنچ، يول قويۇش، مېھرىبانلىق، زىيان تارتىشقا، قۇربان بېرىشكە رازى بولۇش، باتۇرلۇق، مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، ئىجادچانلىققا رىغبەتلەندۈرۈش، ھاياتنىڭ ۋە تۇرمۇشنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكى، ئادەمنىڭ ئۇلۇغ ۋە سۆيۈملۈكلۈكى ھەققىدە، ئۆز ئارا دۈشمەنلىك، ھەسەتخورلۇق، قىزغانچۇقلۇق، ئىچىتارلىق، كۆرەلمەسلىكنىڭ قەبىھ ۋە يىرگىنچلىك ئىللەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىر ئېغىز مەزمۇن يوق؛ ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەقەدەر ئەقىللىق، تىرىشچان، باتۇر، جەڭگىۋار، ئىجادچان، قورقۇمسىز، ئادالەتپەرۋەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىر ئېغىز مەزمۇن يوق؛ بىزدىن چىققان ئۇلۇغ ئالىم - ئىجادكارلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان بۈيۈك تۆھپىسى توغرىسىدا بىر ئېغىز مەزمۇن يوق. پەقەتلا قورقۇتۇش، چەكلەش يەنە قورقۇتۇشلا بار.

شۇنى بىلمەيمىزكى، قورقۇتۇش پەقەت بالىلاردا نەپرەتنى ئويغىتىپ، ئۇلارنى ئالدامچىلىققا كەسپلەندۈرىدۇ. قاراڭ، بالىمىزنى بىزدىن - چوڭلاردىن، جەمئىيەتتىن، ھاياتتىن، تۇرمۇشتىن قورقىدىغان قىلىپ تەربىيىلىدۇق، دەل شۇ مىنۇتتا ئۇنىڭ سەبىي، پاكىز يۈرىكىدە جەمئىيەتكە، ھاياتقا، تۇرمۇشقا نەپرەت، ئادەملەرگە نىسبەتەن ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى تېرىدۇق.

شۇنداق قىلىپ، ئۇنى ھەممە نەرسىدىن قور - قۇتتۇق، ھەممىلا نەرسىگە ئۆچمەن قىلدۇق. شۇڭا، ئۇ سۆيۈشنى، يول قويۇشنى، ۋاپانى، ھۆرمەتنى، ئىنسانغا مۇھەببەتنى بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنى قورقۇتقان دەھشەتلىك نەرسىلەرگە ئۇنېمىشقا مۇھەببەت باغلىغۇدەك؟ ئۇنى نېمىدەپ قەدىرلىگۈدەك؟ ئۇنىڭغا نېمىشقا سادىق بولغۇدەك؟

نەتىجىدە بالىلىرىمىز كىچىكىدىنلا قورقۇنچاق، ئېھتىياتچان، نېرۋىسى ئاجىز، يالغانچى، ئالدامچى، ۋىت - ۋىت، پىتنىخور، كۆزى كىچىك، ئىچى تار، قورققانسېرى بەك ۋارقىرايدىغان قوپال، تەرسا، يولسىز، بىشەم، ۋاپاسىز، ۋىجدانسىز، زوراۋان، تەلۋە، گۆمۈش، ئېلىشاڭغۇ، پىكرى گال، يۈرتۋاز، يولداشلىرىنى، ساۋاقداشلىرىنى، دوستلىرىنى سېتىۋېتىشتىن يانمايدىغان قارا ئۆپكە مۇناپىق بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ ۋە چىقىۋاتىدۇ!

بۇ نەقەدەر قورقۇنچلۇق ھال؟ نەقەدەر دەھشەتلىك چېكىنىش - ھە؟!

ئەدناسى بىزنىڭ بالىلىرىمىز ئۆزىنىڭ بوۋىسى بىلەن مومىسىنىڭ ئات - جۆنىنى تەستىرەك بىلىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ « ئۇيغۇر» دېگەن مۇقەددەس نامىنىمۇ توغرا تەلەپپۇز قىلالماي «ئۇرغۇي » دەيدۇ - تېخى! دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر مىللەت، مەيلى ئۇ ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ نادان ۋە بەدىۋى بولسىمۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنى بىلمەيدىغان ياكى توغرا تەلەپپۇز قىلالمايدىغان ئىش بولمايدۇ! لېكىن بىرلا بىزدىلا ئۆز مىللىتىنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن گۈزەل نامىنى توغرا ئاتىيالماي « ئۇرغۇي » دەيدىغانلار بار. بۇنىڭدىنمۇ كۈلكىلىك، ھاقارەتلىك، نومۇسلۇق ئىش بولماس بۇ دۇنيادا.

مۇشۇ كۈنلەردە بىزدە دوستلۇق، مۇھەببەت، ھېسداشلىق، قېرىنداشلىق تۇيغۇسى دېگەنلەر پەقەت كىتابى سۆز، ئۆزىنى ئالىيجاناب كۆرسىتىدىغان نىقاب بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. خەلقىمىزدە «قولۇڭ ياغ بولسا، دوستۇڭغا سۈۋا» دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى. ھازىر بىز دوستىمىز تۇگۇل ھەتتا قېرىندىشىمىزغىمۇ سۈۋاشقا چىدىمايمىز. نەپ چىقمىدىغان يەر بولسا «ئۇقماي قالسۇن»، ئىتتىك سودا بولسا «بىلىپ قالمىسۇن»، «ئۇ ھاجەتمەن نەرسە مېنىڭكىدە سېپسېپ كەتسە كەتسۇنكى، ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن، بولمىسا ئۇ ئەتە - ئۆگۈن مەن بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدۇ»، «ئادەمگىمۇ ياخشىلىق قىلغان بارمۇ؟»، «ئادەم بالىسىنى باقساڭ ئاغزى - بۇرنۇڭنى قان ئېتەر، ھايۋان بالىسىنى باقساڭ ئاغزى - بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر»، «كىمگە ياخشىلىق قىلساڭ، شۇنىڭدىن يامانلىق كۆرىسەن»، «جوھوتنىڭ قولىغا قالسۇنكى، ئۇنىڭغا قالمىسۇن» . . . دەيدىغان ھايۋانىيلارچە، مۇناپىقلارچە تەپەككۇر كاللىمىزنى چىرماپ، كۆزىمىزنى تورلاشتۇرۇپ، نەتىجە - ئاقىۋەتتە قېرىندىشىمىزغىمۇ ھايۋانىيلىقنى راۋا كۆرۈشتىن يانمايدىغان بولۇۋاتىمىز.

بىزدە بىراۋنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە 10 ئادەم كۈلىدىغان، بىرىبچارە قېرىندىشىمىزنى يەنە بىر زوراۋان بوزەك قىلىۋاتسا، ئەتراپىغا بىر توپ ئادەم ئولىشىپ ئاغزىمىزنى كالچايتىپ نومۇسسىزلارچە تاماشا كۆرىدىغان، خەق ئازابلانسا ھوزۇرلىنىدىغان ئىنسان تەبىئىتىگە يات قاباھەت قىلىقتىن ھېچكىم نومۇس قىلمايدۇ.

قايسىبىر يىلى ئامېرىكىدا جەنۇبىي ئافرىقىدا يەر تەۋرەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىر خەۋەر تارقىلىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى يەھۇدىي بايلار سىغىمچانلىقى ناھايىتى زور نەچچە ئۇنلىغان ئايروپىلان سېتىۋېلىپ، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى يەھۇدىيلارنى بىر كېچىدىلا ئايروپىلان بىلەن ئامېرىكىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇلار كېتىپ 10 مىنۇت بولار بولمايلا ئۇ يەردە قاتتىق يەر تەۋرەپ نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپتۇ. ئەگەر ئامېرىكىدىكى يەھۇدىي بايلار ھېلىقى يەھۇدىيلارنىمۇ كۆچۈرۈپ كەتمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تىرىك قالماس ئىكەن. قاراڭ، بۇ پەرقنى. قاراڭ، بۇ سېلىشتۇرمىنىڭ ئاچچىق ۋە كۈلكىلىكلىكىنى.

ئاشۇ يەھۇدىيلارمۇ بىر مىللەت، بىر توپ ئادەم قاراپ تۇرۇپ ھاقارەت ۋە بوزەك قىلىنىۋاتقان بىر ئاجىز

قېرىندىشىنى ئاجرىتىپ قويۇش، ھىمايە قىلىش، قوغداپ قېلىش توغرۇل نومۇسسىزلارچە تاماشا كۆرۈۋاتقان بىز خەقمۇ بىر مىللەتمۇ؟!

بىزنىڭ ئادىمىيلىكىمىز، قېرىنداشلىقىمىز نەدە، خەقنىڭچۇ؟!

شۇ كۈنلەردە قولۇم - قوشنىلار ئۆم - ئىناق ئۆتۈۋاتقان بىر ئۇيغۇر مەھەللىسى، جامائىتى ئۆم - ئىناق بىر مەسچىت، ئۇيغۇر ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئۆم - ئىناق بىر زاۋۇت - كارخانا، بىر ئىدارە - ئورگان، ماگىزىن، بۆلۈم، ئىشخانا . . . ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى ئۆم - ئىناق ئۆتۈۋاتقان بىر مەكتەپ، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۆز ئارا ئىناق ئۆتۈۋاتقان بىرەر تەتقىقات ئورنى، ئالىي مەكتەپ، ئاخبارات - نەشرىيات، ئەدەبىيات - سەنئەت ئورۇنلىرى، ئۆم - ئىناق ئۆتۈۋاتقان تىجارەتچى - سودىگەرلەر . . . بارمىدۇ؟ خۇدا بىلىدۇكى، گۆردە ياتقان ئۇيغۇر مەرھۇملارمۇ مۇشۇ ئازابنى تارتىۋاتمىغان بولسا.

چەت ئەل كىنولىرىدا بىز دائىم بىر - بىرى بىلەن زادىلا تونۇشمايدىغان ئىككى ئادەم ئۆز ئارا ئۇچرىشىپ قالسا ئۆزلىرىنىڭ مىللەت، جىنس، ئىرق جەھەتتە پەقەتلا ئوخشىماسلىقىغا ۋەياش پەرقىگە قارىماي: «مەن سىزگە قانداق ياردەم بېرەلىشىم مۇمكىن؟» ۋە ياكى «سىزگە قانداق ياردەم كېرەك؟»، «سىزگە نېمە قىلىپ بېرەي؟» دەيدىغانلىقىنى دائىم ئۇچرىتىمىز. قاراڭ، ئۇلاردىكى ئىنسانىيلىقنى، مېھرىبانلىقنى، ئىنساننى ھۆرمەتلەش، سۆيۈش، قەدىرلەش تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى. ئەسلى ئادەم، ئادەملەر ئارا مۇناسىۋەت دەل ئاشۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى. چۈنكى ئاللا ئىنساننى ياراتقاندا ئادەمنى پۈتكۈل مەخلۇقاتلارنىڭ ئۇلۇغى ۋە گۈزىلى قىلىپ ياراتقان ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر شارىدا ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلىنىڭ - يەر شارىنىڭ، بىر جەمئىيەتنىڭ - ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، يەنە كېلىپ ھەر قانداق ئادەم ھەر قاچان يەنە بىر ئادەمنىڭ قوللىشىغا، سۆيۈشىگە، غەمخورلۇق قىلىشىغا، ياردەم بېرىشىگە، ھەمكارلىشىشىغا مۇھتاج . شۇنداق ئىكەن، ھەممىلا كىشى ئۆز تېپى بولغان ئادەمنى سۆيۈشى، ھۆرمەتلىشى، غەمخورلۇق قىلىشى، ياردەم قولىنى سۇنۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. مانا بۇ مەدەنىي مىللەتلەردىكى ئادەملەر مۇناسىۋىتىنىڭ مىزانى.

## بىزنىڭ ئۆمۈر قارىشىمىز

قايسىبىر يىلى تۇغقان يوقلاش ۋە ئارام ئېلىش ئۈچۈن قارا شەھەر، كورلا، باغراش، خوتۇنسۇمۇل (خېجىڭ) ناھىيىلىرىنى بىرەر قۇر ئايلاندىم. ھەر خىل سۆھبەت ۋە سورۇنلارغا داخىل بولدۇم. بۇ جەرياندا ماڭا ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلغان ۋە كۆڭلۈمدە ئاچچىق خاتىرە قالدۇرغان ئىش شۇ بولدىكى، مەن بىزنىڭ ھاياتقا تۇتقان مۇناسىۋىتىمىزنىڭ بەكمۇ زەئىپ، ئېچىنارلىق دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى قايتىدىن چوڭقۇر ھېس قىلدىم. XX يېزىسىغا بارغىنىمدا بىر چايغا چاقىردى. مەن تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى پەتىلەشلەردىن ئارا بولالماي ئۇ يەرگە سەل كېچىكىپرەك بېرىپ قالدىم. مېھمانلار ئاللىقاچان كېلىپ بولۇشقان ۋە سورۇن ئەھلى داستىخاننى قاتلاپ قويۇپ توپ - توپقا بۆلۈنۈپ قارت ئويناشىپ ئولتۇرغانىكەن. مەن كىرىپ كەلگەندە ئۇلار بىردەملىك ئۆرە تۇرۇپ بولۇپ مېنى تۆرگە باشلىدى ۋە قىسقىغىنە سالام - سەھەتلەردىن كېيىن، ھەممىمىز ئۆز جايىمىزدىن ئورۇن ئېلىشىپ ئولتۇرۇشتۇق. داستىخان ئېچىلىپ تائام تارتىلدى. بىردەملىك يېيىش - ئىچىشلەردىن كېيىن سورۇن نېمىشكىدۇر بىرجىملىققا چۆكتى. مەن سەل ھەيران بولدۇم. قارىسام مېھمانلار بىر - بىرىگە قارىشىدۇ، بىر نېمە دېگۈسى باردەك قىلىشىدۇ - يۇ، يەنە جىمغىنە ئولتۇرۇشىدۇ. مەن ئۇياق - بۇياقتىن گەپ تېپىپ باقتىم. چۈنكى بۇ سورۇنغا شۇ يېزىنىڭ جىمى كاتتىلىرى يىغىلغانىكەن. نەزىرىمدە بۇ يېزىنىڭ تەقدىرى مۇشۇ سورۇندا ئولتۇرغانلارنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلار شۇ يېزىنىڭ تۈۋرۈكلىرى ئىدى.

مەن ئۇلاردىن نوپۇس، مەھسۇلات، سۇ، باج - سېلىق، مائارىپ، باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇنى - بۇنى سوراپ باقتىم. ئۇلار جاۋاب بېرىشنىغۇ بەردىيۇ، لېكىن مەن قانائەتلەنگۈدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىدىم. قارىسام ئۇلار بۇنداق سوئاللارغا ھېچ قىزىقمايدىغاندەك تۇراتتى. كۆڭلى باشقا بىر نېمىنى تارتىدىغاندەكلا قىلاتتى. مەن بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ جىم بولۇپ قالدىم. بىركەمدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى غەيرەتكە كەلگەندەك قىلىپ ئېغىز ئاچتى: «بىرەر قول تارتامدۇق ئەمىسە». سورۇن ئەھلى خۇددى شۇنى كۈتۈپ ئولتۇرغاندەك چىرايىغا دەررۇلا كۈلكە ئولاشتى - دە، داستىخاننى قايرىۋېتىپ دەررۇ توپ - توپقا بۆلۈنۈپ قارت ئويناشقا چۈشۈپ كەتتى. سورۇننىڭ كەيپىياتى بىردىنلا جانلاندى، كۈلكە - چاقچاقلار باشلىنىپ كەتتى. ئۇلار قارت ئويۇنغا شۇ دەرىجىدە قاتتىق بېرىلىپ كېتىشتىكى، نۆۋەت بىلەن ئايلىنىپ تۇرغان رومكا توغرا كەلگەندىمۇ كۆزلىرىنى قارتتىن ئالماي رومكىنى ئاغزىغا كۆمتۈرەتتى - دە، يەنە قولىدىكى قارتقا يېپىشاتتى. 30 نەچچە ياشتىن تارتىپ 50 نەچچە ياشقىچە بېرىپ قالغان بۇ ئادەملەرنىڭ چىرايىدا خۇددى قىزىق ئويۇن ئۈستىدە ئۆزىنى تامام ئۇنتۇغان بەش ياشلىق بالىدا بولىدىغان ھاياجان ۋە قىزغىنلىق تەپچىپ تۇراتتى.

بايا ئۇلار مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن دەررۇ قارت ئويۇننى باشلىيالماي دىمىقتا بولۇپ ئولتۇرۇشقانىكەن. ئويلىسام، مەن بۇ يېزىغا كەلگەن كۈنى تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆستەڭ بويىدىكى چوڭ ئاشپۇزۇلىدا ئۇلارنىڭ مۇشۇ سىياقتا قارت ئويناپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەنىدىم.

ئۇلار قارت ئويۇنىغا مېنىمۇ تەكلىپ قىلىشتى، مەن ئۇزرە بىلەن رەت قىلدىم ۋە تۇغقىنىمىزدىن: «سىلەر دائىم مۇشۇنداق ئولتۇرۇش قىلامسىلەر؟» دەپ سورىدىم پەس ئاۋازدا. تۇغقىنىمىز: «ھەئە، قۇرۇق گەپتىن، ۋارى - ۋارىدىن ياخشى ئىكەن. بىزنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرۇشنى يېيىش - ئىچىش ۋە قارت ئويناش بىلەن ئۆتكۈزىمىز» دەپ جاۋاب بەردى. كېيىن قارىسام ئۇلار قارتنى ئولتۇرۇشتىلا ئەمەس، ھەر كۈنى چۈشتە، ئاخشامدا، ھەتتا كۈندۈزى ئەپ تاپقانلا يەردە - ھويلىدا، ئېتىز بېشىدا، ئىدارىدە، ئاشلىق ئامبىرىدا، ئېرىق باشلىرىدا، كوچا بويلىرىدا، ئاشپۇزۇلدا، ئۆيدە، باغدا، ئاپتوبۇستا، ھارۋىدا، تراكتوردا، تويدا، چايدا، مەجلىستە، ھاشاردا ... ئويناۋېرىدىكەن، ۋاقىت، پەيت، ئورۇن - سورۇن تاللىمايدىكەن. خايى رەھبىرىي كادىر، خايى ئادەتتىكى كادىر، خايى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، خايى ساقچى، خايى دوختۇر، خايى ئاشپەز - ناۋاي، قاساپ، ئوقەتچى ... ھەممىسىلا ئىش، تاماق، سودا - سېتىق، دەرس، خىزمەت ئارىلىقىدا قارت ئوينايدىكەن.

مەن تازا ئىنچىكە ھېسابلاپ كېتەلمىدىم. مۇنداقلا ھېسابلىسام ئۇلارنىڭ ئۆمرىنىڭ يېرىمى پۈتۈنلەي قارت ئويناش بىلەن ئۆتىدىكەن. بۇ ئەھۋال جەنۇبىي شىنجاڭدا، بولۇپمۇ يېزىلاردا ئومۇميۈزلۈك ئىكەن. جەنۇبىي شىنجاڭدىلا ئەمەس ئۈرۈمچىدىمۇ كوچا بويلىرى، باغچا، كىنوخانا، ماگىزىنلارنىڭ ئالدى، بېكەتلەر، ئىشخانا - بۆلۈملەردە بىر خەقنىڭ توپ - توپ بولۇپ قارت ئويناپ ئولتۇرغىنىنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

قارت ئويناش - بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش شەكلى، ئۇنى پەيت ۋە ئورۇن تاللاپ گاھىدا ئويناپ قويسا، قىمار تۈسىنى ئالمىسا، مېڭىنى ئارام ئالدۇرۇشقا پايدىلىق، ئەلۋەتتە. بولۇپمۇ ھازىر دۇنيا مىقياسىدا ئومۇملىشىۋاتقان «كۆۋرۈك» دەپ ئاتىلىدىغان قارت ئويۇنى چوڭقۇر بىلىم خاراكتېرىگە ئىگە ئىلمىي ئويۇن بولۇپ، بۇ مەخسۇس تەنتەربىيە تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ تۈردە پات - پات مەملىكەتلىك ۋە دۇنياۋى مۇسابىقىلەر ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. كاشكى مۇشۇ خىل قارت ئويۇنى بىزدىمۇ ئوينالسا، ئۇ چاغدا ئادەملەرنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتا ئەھمىيىتى زور بولغان بولاتتى.

لېكىن ھەممىلا ئىشنىڭ پەيتى، ۋاقتى - سائىتى بولغىنىغا ئوخشاش قارت ئويناشنىڭمۇ، ھەتتا ئاشۇ «كۆۋرۈك» قارتنى ئويناشنىڭمۇ پەيتى - سائىتى بولۇشى كېرەككى، ھەممىلا ئادەم ئىشنى تاشلاپ، كۈنبويى قارتقىلا يېپىشىۋالماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئىنسان ئىنسانچە ياشىشى ئۈچۈن ئىش - ئوقەت قىلىشى، سودا قىلىشى، ئىختىرا قىلىشى، ئۆگىنىشى، ئۆگىتىشى كېرەك. بۇ، ھاياتنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ۋە ئەڭ ئاددىي تەلىپى.

مۇشۇ كۈندە بىز خەققە قىلىدىغان ئىش ئازمۇ؟ رەھبىرىي كادىر پۇقرالارنىڭ غېمىنى قىلىشى، دوختۇر ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان بىمارلارنىڭ كېسەل ئازابىنى يەڭگىللىتىشى ۋە ئۆز كەسپىدە تېخىمۇ تەكامۇللىشىشى؛ ئوقۇتقۇچى ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئاشۇ سەبىي گۈدەكلەرنىڭ دىلىغا ئىلىم سېلىشى، ئوقۇغۇچى بىلىم ئىگىلەپ ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىشى؛ دېھقان قورساقنىڭ غېمىنىلا قىلماي، پۇل تېپىپ ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن كويىش قىلىشى؛ سودىگەرچۇ؟ رەھىمسىز سودا رىقابىتىدە، تۈمەننىڭ ھىيلە - مىكىر ۋە غەۋغا بىلەن تولغان جاھان بازىرىدا پۇت دەسسەپ تۇرۇشنى ئۆگىنىشى، ئۆزىنىڭ پۇلنى نېمە ئۈچۈن تېپىۋاتقانلىقىنى، ئاشۇ پۇلنى كىم ئۈچۈن تېپىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدىغان دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈشى كېرەكقۇ؟ بىز يەنە نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىنى ئۆگىنىشىمىز، قىلىشىمىز، يارىتىشىمىز كېرەكقۇ؟ بۇلارنى ئاشۇ قارت ئويۇنىدىن تاپالامدۇق؟

ئاشۇ X X يېزىسىنى ئالساق، بۇ يېزا قارا شەھەر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا، يۇلتۇز تاغلىرى بىلەن خان خورا تاغلىرىنىڭ باغرىغا، قارا شەھەر ئويمانلىقىنىڭ قىيپاش باشلىنىشىغا جايلاشقان. قارا شەھەر دەرياسى بۇ يېزىنىڭ باغرىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. يېقىنلا يەردىكى كۆككە تاقاشقان يۇلتۇز تاغلىرىنىڭ، خان خورا تاغلىرىنىڭ قوينى قۇياش نۇرى ئۆتمەيدىغان بۈككىدە قەدىمىي قارىغاي، ئارچا ئورمانلىقى بىلەن، تاغ يامزاللىرى تۈگمىنى چۆكۈرگۈدەك گۈل - چېچەك بىلەن ياشناپ تۇرىدۇ. يېزىنىڭ ھاۋاسى شۇنچىلىك ساپ ۋە سۈزۈك، تېمپېراتۇرىسى شۇ قەدەر يېقىشلىقكى، كۈندۈزى ئۇزۇن، كېچىسى سالقىن، قوينىڭ قۇيرۇقىدەك لىغىلداپ ياتقان مۇنبەت يەرلىرىنىڭ چېكىگە كۆز يەتمەيدۇ. بۇ يەردە زىرائەتنىڭ ھەر قانداق خىلى (كېۋەز ۋە شالدىن باشقىسى) باشقا ھەر قانداق يەردىن ئالاھىدە پەرقلىق ئوخشايدۇ. بولۇپمۇ بۇ يەر باغۋەنچىلىككە شۇنچىلىك باب كېلىدۇكى، ئۈجمە، ئۆرۈك 7 - ئايلاردا، نەشپۈت، شاپتۇل، ئۈزۈم، ئالما، گىلاس، قوغۇن - تاۋۇز، قارا ئۆرۈك، ئەينۇلا قاتارلىق مېۋىلەر 10 - ئايلاردا پىشىدۇ ( ھاۋاسى سالقىن بولغىنى ئۈچۈن شەرقىي ۋە جەنۇبىي بوستانلىقلاردىن بىر ئاي چامىسىدا كېيىنرەك پىشىدۇ) . كۆكتات، بولۇپمۇ ياغ گازىر، قارا گازىرنىڭ مەھسۇلاتى ئالاھىدە يۇقىرى. بۇ يەرنىڭ نەشپۈت، ئالما، شاپتۇللىرىنىڭ دانىسى ئالاھىدە چوڭ، ئەلا سورتلۇق بولۇپ، شاپتۇلى قوش مۇشتۇمدەك، ئالمىلىرى چوڭ چىنىدەك دېسە لاپ كەتمەيدۇ. مېۋىلەرگە قۇرت چۈشمەيدۇ، يىلىم قاينىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆي بېسىپ مېۋىلىك باغ ئومۇملاشقان. يېزىنىڭ چەت - چۆرىسىدىمۇ سۇ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. ئېچىلمىغان تىڭ يەر ناھايىتى كۆپ. كىمكى ئۆزى خالاپ يەر ئاچىمەن دېسە، ساي

ئېرىقتىن سۇنى سايغا قويۇپ بېرىپ تاش چۆكتۈرمە قىلسا، تاۋارنىڭ پارچىسىدەك بولۇق يەر تەييار بولىدۇ. بۇ يەردە كۈن نۇرى تولۇق، ھاۋا مۆتىدىل (سالقىن)، تېرىسىلا («ئادەم تېرىسىمۇ ئۈنىدۇ» دېگەندەك) گۈزەللىشىپ ئوخشاۋېرىدۇ. يەنە كېلىپ بالغۇنتاي، بايىنبۇلاق يايلاقلىرىغا قوشنا كۈنەس، ئارالتۆپە ئوتلاقلىرى بىلەن يايلاقلىرى تۇتىشىپ كەتكەن. ئۈرۈمچى نەنسەننىڭ يايلاقلىرىمۇ يېقىنلا يەردە. بۇ يەردە قاتناشمۇ بەك قولايلىق. كورلا، قارا شەھەر، خوتۇنسۇمۇل، كۈنەس، ئارالتۆپە، غۇلجا، ئۈرۈمچى، توقسۇن - تۇرپانلارغا بارماقمۇ ئاسان. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ۋە كورلا - ئۈرۈمچى (بالغۇنتاي - خوشا داۋىنى بىلەن ماڭىدىغان) تاشيولى، كورلا - غۇلجا (بالغۇنتاي، ئارالتۆپە، كۈنەس بىلەن ماڭىدىغان) تاشيولى مۇشۇ يېزىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. كورلا، قارا شەھەر قاتارلىق سودا مەركەزلىرىگە 30 نەچچە كىلومېتىرلا كېلىدۇ. ئۇ يەرلەر ئارقىلىق تارىم نېفىتلىكى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيە - شەھەرلەر بىلەن سودا ئالاقىسى قىلالايدۇ. يايلاق ۋە قىشلاقلاردىكى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل چارۋىچىلىرى (ئىلى، بايىنغولىن، كۆچانىڭ چارۋىچىلىرى) بۇ يەرگە دائىم كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ. يېزىنىڭ پوچتا، مەدەنىي تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى خېلىلا تەرەققىي قىلغان. تەرەپ - تەرەپكە قاتنايدىغان ئاپتوبۇس، تاكسى ۋە يۈك ماشىنىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. بۇنداق ئەۋزەل شارائىت ھەممىلا يەردە تېپىلىۋەرمىسە كېرەك. لېكىن مۇشۇنداق ھەم ئوتى، ھەم سۈيى تولۇق بىر مۇنبەت ۋە باي يەرنىڭ ئادەملىرى ئۇنچە باي ئەمەس، ئۇلار ئاشۇ بىر نەچچە مو يېرىگە قاراشلىق. باغلىرىدا مېۋىلىرى سېسىپ قىغ بولۇپ كېتىدۇ، لېكىن مېۋىلىرىنى بازارغا ئەكىرىپ ساتىدىغانلار بەك ئاز. كورلا، قارا شەھەر، ئۈرۈمچىلەرگە مېۋە يۆتكەپ ساتىدىغانلار يوق. كورلىنىڭ ياپونىيىگە چىقىرىدىغان داڭلىق شوخلا قىيامىنىڭ خام ئەشياسى بولغان شوخلا مۇشۇ يېزىدىنمۇ چىقىدۇ. مۇبادا كورلا شوخلا قىيامى زاۋۇتى ئالمايلا قويسا، ئۇلارنىڭ شوخلىلىرى سېسىپ تۆكۈلىدۇ. بۇنداق ئىش پات - پات تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. ياغ گازىر ۋە قاراگازىرلىرىنى بەزى يىللىرى ئالىدىغان ئادەم يوق ئامبار - قازناقلاردا قۇرتلاپ كېتىدۇ ( ئۈرۈمچىدە ئۇنىڭ ھەر كىلوسىنى تۆت يۈەندىن ئالتە يۈەنگىچە تالاش - تالاشتا سېتىۋېلىپ ئىچكىرىگە يۆتكەۋاتقان شارائىتتا! ) . مېنىڭ بىلىشىمچە، پۈتۈن يېزىدا مېۋە - چېۋە، شوخلا ياكى گازىر پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بىرەرمۇ زاۋۇت يوق. بۇ يەر چارۋىچىلىق رايونىغا قوشنا بولغىنى ھەمدە دېھقانلارنىڭمۇ قولىدا چارۋا بولغىنى ئۈچۈن، بۇ يەردە تېرە - ئۈچەي خېلى كەڭرىچىلىك. لېكىن بىرەر تېرە - ئۈچەي پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇت يوق. تېرە - ئۈچەي سودىسى قىلىدىغانلار ساپلا سىرتتىن كەلگەن ئوقەتچىلەر. تاغلىرىدا مەدەن دېگەن تولۇپ ياتىدۇ، تېخى ئۇ يەرنى ئېچىپ باققانلار يوق دېيەرلىك.

بۇ يەردە زاۋۇت قۇراي دېسە خام ئەشيا، توك، يەر، ئادەم كۈچى تولۇپ يېتىپتۇ، لېكىن دېھقانلار مۇشۇ كۆنلەردىمۇ ئېتىزدا داڭگال چوقۇپ، مولۇق يېرىدىن چىقىدىغان مەھسۇلاتقا كۆزىنى چەكچەيتىپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ جان باقىدۇ.

قىلاي دېسە نى - نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغان مۇشۇنداق بىر يېزىنىڭ ئادەملىرى ئەسلىدە ئاللىقاچان بېيىپ كېتىشى، ئىسلاھات دېگەننىڭ ئۈچكىسىدىن قاس چىقىرىپ مېغىزىنى چېقىشى كېرەك ئىدى. ئەكسىچە ئۇلار قىلغىلى ئىش تاپالمىغاندەك ئەتىدىن كەچكىچە، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، چوڭىدىن كىچىككىچە قارت ئوينايدىكەن. قارت ئويۇنىنىڭ ھەۋىسى بارلىق ھەۋەسلەرنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئۆزىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ باي بولۇپ روناق تېپىش، بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ، بىلىملىك قىلىپ قاتارغا قوشۇش دېگەنلەرنى كىشىلەرنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈۋېتىپتۇ. قارتقا بېرىلىش كىشىلەرنى ھورۇن، ئىش ياقماس، بىپەرۋا، ئۆزىنىڭ ئەتىسىنى، ئىشنىڭ نېرىسىنى ئويلىمايدىغان، قورسىقى تويغانغا، بىر قول قارت ئويناۋالغانغا شۈكرى قىلىپ ئۆتىدىغان قىلىپ قويۇپتۇ.

مېنىڭچە، بۇنداق ئەھۋال بۇ يەردىلا بولمىسا كېرەك، بەلكى يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن بۇنداق ئەھۋالنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن.

مۇبادا بىز ئاشۇ قارت ئويناشقا باغلىغان ھەۋەس - ئىشتىياقىمىزنى، شۇ ئويۇنغا زايا قىلغان ۋاقتىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ھالىنى ئوڭشاشقا - ساۋات چىقىرىشقا، كىتاب ئوقۇپ پەن - تېخنىكا ئۆگىنىشكە، بازار ئىزدەشكە، ئىگىلىكىمىزنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىشكە، سودا يوللىرىنى ئېچىشقا، بالىلىرىمىزنى تەربىيىلەشكە، بىر - بىرىمىزگە ھەمكارلىشىشقا . . . سەرپ قىلغان بولساق ئۇ چاغدا بىزنىڭ ھالىمىز ھازىرقىدىن ئاسمان - زېمىن پەرقلەنمەمتى؟ !

ئاللا بىزگە تاۋارنىڭ كېسىكىدەك گۈزەل ۋە مۇنبەت زېمىننى، تەر تۆكسەكلا ھەر قانداق ھاجىتىمىزگە يېتىپ - ئېشىپ قالغۇدەك نازۇ - نېمەتنى، ساغلام ۋە ئۆتكۈر ئەقىل - پاراسەتنى، بەرجەس ۋە ھەممە ئىشقا قابىل يەتتە ئەزايىمىزنى ئاتا قىلدى. ئەپسۇسكى، ھورۇنلۇقىمىزدىنمۇ ياكى تەبىئەتنىڭ بىزنى جازالىغىنىدىنمۇ ئىشقىلىپ بۇ گۈزەل دىيار، بۇ ئانا ماكان كۈنسېرى قۇملىشىپ، ئېكىنزارلار تارىيىپ، بولۇق يەرلەر شورلىشىپ، زەيلىشىۋاتىدۇ. باغلار قۇرۇپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەر ھەتتا دەريا - كۆللىرىمىز تىنىپ - قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ. ھاشارات، كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ھەممىلا يەرنى قاپلىماقتا. بۇنى ئازدېگەندەك بىزنى نامراتلىق،

بىلىمسىزلىك، كىبىرلىك، مىسكىنلىك، چۈشكۈنلۈك، زەئىپلىك، قالاقلىق قىينىماقتا، جېنىمىزدىن جاق تويدۇرماقتا. بۇ كەلگۈلۈكلەردىن قاقشايمىزۇ، كۆتىمىز چىدىسىلا قىلاي دېسەك ئىش دېگەن بەك كۆپ. ھەتتا بىر ئەرنىڭ ئۆمرى، بىر ئەمەس بىر نەچچە ئەۋلادنىڭ ئۆمرى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە قىلىدىغان ئىش كۆپ!

مۇبادا بىزدىكى ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئالتۇندەك ئۆمرىنى قەدىرلىسە، شۇ قىسقىغىنە ئۆمرىدە ئۆز مەھەللىسى، ئۆز كەنتى، ئۆز يېزىسى، ئۆز ناھىيىسى . . نىڭ ئەھۋالىنى ئوڭشاش ئۈچۈن بىر ياكى بىر نەچچە ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىپ بېرەلىسە ۋە ياكى ھېچ بولمىغاندا ئۆزىنىڭ نامرات، ساۋاتسىز، بىلىمسىز ھالىنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلاپ، بىر ئەركەكتەك، ئىسمى - جىسمىغا لايىق بىر ئۇيغۇردەك ياشاشنى نىيەت قىلسا، ئۇ چاغدا بىزنىڭ يۈزىمىز ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا يورۇق بولمامتى؟

مانا شۇنداق قىلىش، مۇشۇ گۈزەل غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىزگە ۋاقىت كېرەكقۇ؟ يەنە كېلىپ بۇ ۋاقىتنى خۇدا ھەر بىرىمىزگە ئۆمۈر سۈپىتىدە ئاتا قىلغانغۇ؟ شۇنداق ئىكەن، ئۆمرىمىزنى بىھۇدە، ئەھمىيەتسىز ئويۇن بىلەن ئىسراپ قىلىشقا، قەدىرلىمەسلىككە، ئەمەلىيەتتە ئۆز - ئۆزىمىزگە سۇيىقەست قىلىشقا، ئادەم سۈپىتىدە، ئۇيغۇر سۈپىتىدە، مۇسۇلمان سۈپىتىدە نېمە ھەددىمىز ۋە ھەققىمىز بار؟ شۇنچىۋالا كۆپ ۋە ئۇلۇغۋار ئىشلار بىزنىڭ ھىممەت كەمىرىنى باغلاپ، يەڭنى شىمايلاپ جاسارەت بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ قىلىشىمىزنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆرمەسكە سېلىش گۇمراھلىق ئەمەسمۇ؟! مەن بۇ ماقالەمنىڭ ماۋزۇسىنى نېمە ئۈچۈن «بىزنىڭ ۋاقىت قارىشىمىز» دېمەي، «بىزنىڭ ئۆمۈر قارىشىمىز» دەپ قويدۇم. چۈنكى ئۆمۈر - بىر ئادەمنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇ بىر تىنىق، بىر دەقىقە، بىر سېكۇنت، بىر مىنۇت، بىر سائەت، بىر كۈن، بىر ئاي، بىر يىلنىڭ يىغىندىسى ۋە ئۇنىڭ بىر - بىرلەپ، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۆلىنىپ، زادىلا توختاپ قالماي خوراپ، يوقىلىپ، ئۆتۈپ بېرىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بىز ئىسراپ قىلىۋاتقان، سەل قاراۋاتقان، قەدىرلىمەيۋاتقان ھەر بىر تىنىق، ھەر بىر سېكۇنت، مىنۇت، سائەت، كۈن، ئاي ۋە يىللارنىڭ كۆزىدە بىز ئۆلۈمگە - گۆرگە ئۇچقاندەك تېز سۈرئەتتە يېقىنلاپ - ئۆلۈمنى قوغلاپ كېتىپ بارىمىز، بۇ بىزنىڭ ئىرادىمىزگە، خاھىشىمىزغا باغلىق ئەمەس. مەيلى بىز خالايلى ياكى خالىمايلى ھەر قانداق جانلىق، ھەر قانداق ئادەم بۇ ئاقىۋەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۆلەك ھەممە نەرسە توگەيدۇ - ئويلىيالمايمىز، قىلالمايمىز، ئىشلىيەلمەيمىز. خوش، قانداق ئىنسان مۇشۇ غەنىيمەتكە، مۇشۇ قىسقىغىنە پۇرسەتكە پەسەنت قىلمىسۇن، تارتىشمىسۇن؟ كىممۇ ھاياتتىن، ياشاشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل ۋە ياخشى كۆرسۇن؟ ئۇنداقتا، ئاشۇ بىز تارتىشىۋاتقان، بىز قىيالمايدىغان ھاياتنىڭ، ئۆمۈرنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇ، يەپ - ئىچىش، قارت ئويناش، ھاراق - شارابقا چىلىشىپ يۈرۈش، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە لالما ئىتتەك ئۆزىنى تاشلاپ ئۇخلاش، ئەسكى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ بەڭگىنىڭ خىيالىنى سۈرۈش، خەقنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا گۈمۈشلەرچە كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپ ئولتۇرۇش، لېكىن ئۆزى قىمىرلىماسلىق، ھەر دائىم تەييارغا ھەييار بولۇشنىڭ قەستىدە بولۇپ، ئۆزى ئەجىر قىلىشتىن قېچىش، ھەتتا ئار - نومۇسنى سېتىپ كىچىك، بىگۇناھ - نارسىدە باللىرىنى، خۇدا جۈپ قىلغان ھەق نىكاھلىق جۈرىسى (خوتۇنى) نى كوچىغا چىقىرىپ تىلەمچىلىككە سېلىشقا رازى بولۇش ۋە ئۇنىڭغا يۈزى چىداش؛ قىمارۋازلىق، زەھەرلىك چېكىملىك، پاھىشىۋازلىق، ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق، كۆتۈرمىكەشلىك، جازانىخورلۇققا كەسىپلىنىش؛ چېقىمچىلىق، تىگىتىڭچىلىق، ئۆز قېرىنداشلىرىغا ئاسىيلىق قىلىش، يولداشلىرىنى، سەپداشلىرىنى سېتىش، ھەتتا خوتۇنىنى سولاپ بېرىش بەدىلىگە ئەمەل - مەنسەپكە ئېرىشىشتىن يانماسلىق؛ ھەسەتخورلۇق قىلىپ دائىم كاسكى ئىتتەك باشقىلارنىڭ كەينىدىن قاۋاپ - غاجاپ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ سېسىتىش؛ ۋاستە تاللىماي بىر - بىرىنى جايلاش، دوستىغا يىغا، دۈشمەنگە كۈلكە بولىدىغان رەسۋاچىلىقلاردىن نومۇس قىلىشنى بىلمەسلىكمۇ؟! بۇ ھايۋانىيلىقلار ئاشۇ ئالتۇندەك ئۆمۈرنىڭ، ئاللا بىزگە تەقدىم ئەتكەن قىسقا ۋە گۈزەل پۇرسەتنىڭ شان - شەرىپىگە قىلىنغان رەزىل‌ھاقارەتكى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا «يارىشىدىغان» قىلىق ئەمەس. مېنىڭ ھېلىقىدەك ماۋزۇ قويۇشۇمدىن مەخسەت: ئەمدى دوپپىمىزنى ئالدىمىزغا قويۇپ، ئۆمۈر توغرىسىدا ئويلايدىغان، ئويلىمىساق زادى بولمايدىغان بىر تارىخىي دوقمۇشتا، ئۆمۈرنىڭ ھالقىلىق دوقالىغا دۇچ كېلىپ قالغانلىقىمىزنى قەدىردان ئوقۇرمەنلىرىمگە جىددىي ئەسكەرتىش ۋە بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. گېپى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشنى لازىم تاپتىم: مۇشۇ كۈنلەردە ۋاقىت قارىشىمىز چاكىنىلىشىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، توي - تۆكۈنگە ئەۋەتىلگەن باغاقلاردا قەرەلىنى «سائەت 10 دا» دەپ يازسا، سائەت 12 - 1 لەردە، «سائەت 4 دە» دەپ يازسا، سائەت ئالتە - يەتتە لەردە مېھمانلار ئاران يىغىلىپ بولىدىغان غەيرىي نورمال ھالەت ئومۇملىشىپ كەتتى.

بۇ خىل ئەھۋال تاسادىپىي سەۋەبلەر تۈپەيلى سادىر بولسىغۇ كەچۈرۈشكە بولىدۇ. قىزىق يېرى، خېلى كۆپ بىر قىسىم ئادەملەر: «مېھمانلار ئىككى - ئۈچ سائەتتىن كېيىن

ئاران يىغىلىپ بولىدۇ. مېھمانلار يىغىلىپ بولغاندىراق بارساقمۇ كېچىكمەيمىز» دەيدۇ - دە، ئەرلىرى ھېچ سەۋەبسىز، قەستەن ۋە ياكى بىلىپ تۇرۇپ باشقا ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاياللىرى سائەتلەپ ئۆزىنى ياساپ پەرداز قىلىدۇ. ھەممىلا ئادەم ئاشۇنداق قىلغىنى ئۈچۈن، ساھىبخان داستىخاننى سېلىپ قويۇپ سوغۇق زالنى بېقىپ ئولتۇرىدۇ.

مېھمانلار شۇنداق قىلىۋەرگىنى ئۈچۈن ساھىبخانمۇ ئۆزىنىڭ دېگەن ۋاقتىغا ئۆزى رىئايە قىلمايدۇ. ئۇلارمۇ: «سائەت 4 دە دەپ چاقىرساق 6 دە كېلىدۇ» دەپ بەزمە نېمەتلىرىنى تەييارلاشنى قەستەن ئارقىغا تارتىدۇ. نەتىجىدە توي ئىگىسىنى قۇتلۇقلاش ۋە شۇ باھانىدا دوست - يارانلەر ھال - مۇڭ بولۇپ كۆڭۈل ئېچىشنى مەقسەت قىلىپ ئالدىراپ كەلگەنلەرنىڭ، بولۇپمۇ ۋاقىتقا رىئايە قىلىپ ۋاقتىدا بارغانلارنىڭ كەيپى ئۇچىدۇ. ئىلگىرى كەلگەنلەر ئېڭەك يۆلەپ ئەسنەپ ئولتۇرىدۇ. ساھىبخان مېھمانلارنى ساقلايدۇ. مېھمانلار يىغىلىپ بولغاندا ئۇلار داستىخاننىڭ تارتىلىشىنى ساقلايدۇ. ھەممىلا ئادەم بىر -بىرىنى ساقلاپ ئەسنەپ ئولتۇرۇپ ئېڭەكلىرى چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالىدۇ. كېچىكىپ كەلگەن مېھمانلار كېچىكىپ چىققان تاماق بىلەن قورساقلىرىنى تازا تويغۇزۇپ ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىۋالغاندىن كېيىن سورۇندىن تارقىغىلى ئۇنىماي ئۆتكۈزۈپ قويغان قەرزى باردەك ئولتۇرۇۋالىدۇ. «سورۇننى بالدۇر يىغىۋەتتى » دەپ ساھىبخاننى تىللايدۇ، تېخى. بىچارە ساھىبخان مېھماننىڭ كۆڭلىنى دەپ يېرىم كېچىگىچە سورۇننى يىغالمايدۇ. «خېچىرى سايغا چىققان» قەدىرلىك مېھمانلار مىڭبالالىقتا تارقىغاندىن كېيىن، ساھىبخان زالنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيىگە بىرنۇۋالغۇچە تاڭ ئاتىدۇ -دە، شۇ بىر كېچىلىك توي بەزمىسى بىلەن بىر يىللىق ھالىدىن كېتىدۇ.

مۇبادا سىز بىراۋ بىلەن: «ئەتە سائەت توققۇزدا پالانى يەردە كۆرۈشەيلى» دەپ ۋەدىلەشكەن بولسىڭىز، ئۇ كىشى ئىنساپ قىلسا سائەت 10 ياكى 11 دە كېلىدۇ، بولمىسا تېخى ئۇ كۈنى كەلمەيلا قويىدۇ. ئەتىسى سىز تازا ئالدىراش ۋاقتىدا يۈزىنى داپتەك قىلىپ ھىجىيىپ كىرىپ كېلىدۇ. غەلىتە يېرى شۇكى، بۇنداق يارىماس قىلىق بارغانسېرى ئەيىب سانالمايدىغان، يوللۇق، ئۆزھال ۋە تەبىئىي تۈس ئالماقتا.

يەنە بەزى ئادەملەر كوچا - كويدا دوقۇرۇشۇپ قېلىپ سالام بېرىپ قويغان ئادەمنى ماڭغىلى قويماي گەپكە تۇتۇپ تاغدىن - باغدىن سۆزلىگىلى تۇرىدۇ. ۋەزىيەتتىن، ھاۋارايىدىن، يېگەن - ئىچكەنلىرىدىن، ئوينىغان - كۈلگىنىدىن، ئولتۇرغان بىناسى، بۆلۈمىدىكى باشلىقى، خىزمەتدىشى، قوشنىسى، بولغۇسى دۇنيا ۋەقەلىرى، تېخى سادىر بولمىغان جەمئىيەت ھادىسىلىرى، بۇئالەم، ئۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرى ... توغرىسىدا بىر ۋالاقلىغىلى تۇرسا، قارشى تەرەپتىكى ئادەمنىڭ بېشى قېيىپ، كۆزلىرى تورلىشىپ، پۇت - قولى تېلىپ يىقىلىپ قالغىلى تاس قالىدۇ، ئاخىر قېلىنلىقتا ئېلىپ: «كەچۈرۈڭ، ئىشىم بار ئىدى، ئالدىراپ ماڭغانتىم» دەپ گېپىگە چەك قويمىسا، ئۇنىڭ يېڭى خەۋەرلىرى، ۋەزىيەت مۇلاھىزىلىرى، غەيۋەت - شىكايەت، غاجاشلىرى، پەرەز، ھۆكۈم، قىياسلىرى، ماختىنىش، كۆرەڭلەش ۋە لاپلىرى ... نىڭ ئايىغى چىقمايدۇ.

يەنە بىزنىڭ شەنبە - يەكشەنبىلىرىمىز، ئىككى - تۆت تەڭگە پۇل تاپقان كۈنىمىزنىڭ ئاخشاملىرى (ھېيت - بايراملىرىمىزدىغۇ مەيلى)، ھەتتا ئادەتتىكى ھېچقانداق خاتىرىلەش ۋە تەبرىكلەش ئەھمىيىتى يوق ئىش كۈنلىرىمۇ مېھماندارچىلىق، بەزمە، ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتىدۇ. باشلىق - ئەمەلدارلار تەييار زىياپەت، خۇشامەتلىك چاقىرىشلار بىلەن، تەتقىقاتچى، پروفېسسور، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، يازغۇچى - شائىر، دوختۇر، سودىگەر، ھۈنەرۋەن - كاسىپ، ئوتتۇر ئوقەتچى، ئىشچى ... ھەممىمىزلا ئولتۇرۇش بىلەن ئالدىراش. ئەتىسى كاللا قاپاق، كالدىن سۈدىن ئۆزگە بىر نەرسە ئۆتمەيدۇ، چىرايلار سولاشقان، پاچاقتا ماغدۇر يوق، كاللا ئىشلىمەيدۇ ... نەتىجىدە ئۇخلىماقتىن باشقا گەپ يوق. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئىش قالىدۇ، كۈندۈزى ئۇخلىمىغان تەقدىردىمۇ ئىش ئاقمايدۇ. مەست كاللىدىن ئەخمەق پىكىر چىقىدۇ. قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيدۇ. باشلىق قانداق ھۆججەتتىك تەستىق سالغىنىنى، قايسى ئىشقا قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرگىنىنى بىلمەيدۇ. بىر كۈنلەردە بولۇۋاتقان ئالامەتكە قاراپ بىر قولىدا ئاغزىنى، بىر قولىدا كۆتىنى تۇتۇپلا قالىدۇ، «غىڭ» قىلالماي ئۈنى ئۆچۈپ ئولتۇرىدۇ. باشلىقمۇ ئۇنداق بولسۇن، ئۆزىمىزنىڭمۇ قىلىدىغان نۇرغۇن زۆرۈر ئىشلىرى چالا تاشلىنىپ قالىدۇ. يېزىلىدىغان ئەسەر، تەتقىق قىلىنىدىغان تېما، تەكشۈرىدىغان تاپشۇرۇق، تەييارلايدىغان دەرس، تۈزمەكچى بولغان پىلان، ئىجرا قىلماقچى بولغان لايىھە، قوغدىماقچى بولغان مەنپەئەت، ئىجاد قىلماقچى بولغان مۇزىكا، ياراتماقچى بولغان يېڭىلىق، قىلماقچى بولغان سودا، تاپماقچى بولغان پۇل، تۈنۈگۈن كەلگەن ئىرادە، باغلىماقچى بولغان مۇناسىۋەت، ماڭماقچى بولغان يول، ئاخشام قىلغان گۈزەل ئارزۇ ... ھەممىسى، ھەممىسى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. ئۆزىمىزگە پەقەت ئېچىشىپ تۇرغان ئاشقازان، قاپاقتەك غوڭۇلداپ قالغان ئىچى قۇرۇق كاللا، غۇۋالاشقان كۆز، رېڭىنى يوقىتىپ سولاشقان چىراي، ئۆكۈنۈش، پۇشايمان، «ئاھ - ۋاھ» ۋە ياستۇق ئېشىپ قالىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان مۇرەككەپ، غەلۋە - غوۋغا بىلەن تولغان شەپقەتسىز ۋە قەدىمى ئىتتىك تۈرمۇش كۈنىگە پەقەت ئاشۇ سىياقتا، ئاشۇ ھالدا گالدا -

گۈلدۈلۈك دەسسەپ، سۆرۈلۈپ كىرىپ كېلىمىز - دە، دەھشەتلىك رىقابەتكە، بەسلىشىشكە، «كۈچلۈك يەتسە ئالساڭچۇ»غا پاي بېرەلمەي ئورنىمىزنى ئۆزلۈكىمىزدىن بىكارلاپ بېرىپ بىر چەتكە چىقىشىپ بەزگە قارىغان مۇشۇكتەك، باشقىلارنىڭ ئامىتىگە تىلىمىزنى چاكىلدىتىپ، كۆزىمىزنى پارقىراتقىنىمىزچە چەكچىيىپ قاراپ «يارىم سىڭايان» بولۇپ ئولتۇرۇپ قالىمىز. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىمىزدىن كۆرمەي باشقىلارنى تىللايمىز، ئاخىرىدا سارائىدەك سۆزلەيدىغان بولۇپ قالىمىز ۋە دەردكە پايلىماي يۈرەك كېسىلى بولۇپ قېلىپ بالنىسقا يۈگۈرەيمىز.

خەنزۇلارنىڭ يازما تارىخى ئىنتايىن مۇكەممەل، ئۇلار كىچىككىنە بولسىمۇ بىرەر ۋەقەنى خاتىرىلەپ قويۇشقا ئادەتلەنگەن. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى، تارىخىي شەخسلەرنى، تارىخىي ھادىسىلەر يىلنامىلىرىنى ناھايىتى پىششىق بىلىدۇ. كېيىنكى ئەۋلادلار شۇنىڭغا ئاساسەن تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، بۈگۈنى ۋە ئەتىسى ئۈچۈن تەدبىر تۈزىيدۇ.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قاتىلى، ئۇيغۇر تارىخىي ئىزلىرىنى يوقاتقۇچى جاھالەت ھامىيسى ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى سوپى - ئىشانلىرى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتكەن تارىخىي كىتابلىرىمىزنى ۋەچەت ئەل مەدەنىيەت ئوغرىلىرى بۇلاپ - تالاپ كەتكەن تارىخىي يازما يادىكارلىقلىرىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىزدە تېخى يېقىنقى كۈنلەرگىچە ئۆزىمىزنىڭ تارىخى توغرىسىدا يېزىلغان بىرەر مۇكەممەل تارىخ كىتابى بولغان ئەمەس، بىز ئۆزىمىزنىڭ تارىخىنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ پارلاق ۋەسەلتەنەتلىك ئۆتمۈشىنى پەقەت باشقىلارنىڭ يېزىپ قالدۇرغان تارىخنامىلىرىدىكى قىستۇرمىلىرىدىن بىلەلەيمىز. ھەتتا بىزنىڭ ئۆمۈر تارىخىمىز (تەرجىمىھالىمىز) ھەققىدىكى ساۋادىمىز شۇ قەدەر چاكىنىكى، باشقىلار بىزنى: «ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يىل - ئېيىنى بىلمەيدۇ، قاچان تۇغۇلغان دېسە، شاپتۇل پىشىقىدا، جىگدە چېچەكلىگەندە ۋە ياكى تۆڭگان قاچ - قېچىدا تۇغۇلغان دەيدۇ» دەپ مازاق قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئەسلىدە شۇنداقمىدۇق، ياق، پاكىت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە! ئەسلىدە ئەجدادلىرىمىز مەدەنىيەت ئۆگەنگۈچى ئەمەس، مەدەنىيەت ئۆگەتكۈچى بولغان، باشقىلار تېخى جاھىلىيەت دەۋرىدە ياشاۋاتقان ناھايىتى قەدىمىي زامانلاردىلا مۇكەممەل ئۇيغۇر كالېندارىنى كەشىپ قىلغان ۋە ئۇنى تۈركىي، غەيرىي تۈركىي مىللەتلەرگە ئۆگەتكەن. يىلنى 12 مۆچەل بىلەن ئېنىق بەلگىلەپ، كۈننى 24 سائەتكە بۆلۈپ، پەسىل ئايرىلىش ۋاقتى، كۈن - ئاينىڭ توختاش نۇقتىسىنى ناھايىتى توغرا بېكىتىپ چىققان. بۇ كالېندار ئۆز زامانىسىدىلا ئەمەس، ھازىرقى دەۋردىمۇ ناھايىتى زور ئىلمىيلىقتا، توغرىلىقتا ئىگە، دەپ قارالماقتا.

گەرچە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋاقىت قارىشى شۇ دەرىجىدە يۈكسەك بولسىمۇ، بىزگە كەلگەندە بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتتى.

بىر مىللەتتە ۋاقىت ئۇقۇمىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى شۇ مىللەتنىڭ تارىخ قارىشىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىنىڭلا ئەمەس، بەلكى تەسەۋۋۇر ۋە قىياسى كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر. ۋاقىت قارىشى ئاجىز ئادەم ياكى مىللەت تۈنۈگۈنكى تارىخىنى - ئۆتمۈشىنى، ئەجدادىنى، ئاخىرىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئۇنتۇغاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان مىللەت يوقىلىپ كېتىش خەۋپىگە يۈزلەنگەن مىللەت، ئۆزىنىڭ ئەتىسىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان مىللەت، ئۆز بېشىغا كەلگەن يوقىلىش خەۋپىگە باش ئەگكەن مىللەت، ئىجادىي كۈچى ئۆلگەن مىللەتتۇر.

بىر ئادەم، بىر مىللەتتىكى ۋاقىت قارىشى، ۋاقىت ئۇقۇمى شۇ ئادەم، شۇ مىللەتنىڭ تەربىيە كۆرگەن - مەدەنىي ئادەم ۋە مىللەت ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن شەخسىي ئەخلاق ۋە مىللەت ئەخلاقىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر.

بىز ماقالىمىزنىڭ بېشىدا ۋە ئوتتۇرىسىدا ئېغىزغا ئېلىپ ئۆتكەن ئۆمۈر ۋە ۋاقىت ئۇقۇمى جەھەتتىكى ئىللەتلەرنى خۇلاسىلىساق، گەپنىڭ نېگىزى ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى قەدىرلەش، ئۆزىمىزنىڭ ئۆمرى ۋە ھاياتى بىلەن باشقىلارنىڭ ئۆمرى ۋە ھاياتىغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش، ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى بىلىش - بىلمەسلىككە مەركەزلىشىدۇ. بىز «ۋاقىت ئالتۇن دېمەكتۇر»، «ۋاقىت پۇل دېمەكتۇر» دېمەي تۇرايلى، چۈنكى ھازىر بىز خەقتە پۇل جىق بولۇپ كەتتىمۇ - نېمە، شۇ سەۋەبتىن ۋاقىتنىڭ قىممىتى بارغانسېرى ئەرزانلاپ، پۇل پاخاللىقى بىلەن بىرگە ۋاقىت پاخاللىقمۇ ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا، پۇلى جىق ئادەملىرىمىزدە ۋاقىتقا سەل قاراپ قالىدىغان ئىشنىڭ ئومۇملىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بىز «ۋاقىت ئۆمۈر دېمەكتۇر» دېگەننى شوئار قىلىپ تۇرايلى. بىلەيلىكى، ئۆمۈرنىڭ ئالدىدا ھەممىلا ئادەم باپباراۋەر. ۋاقىت پەرقى بولغان بىلەن ئاللا تائالا ئالىمغىمۇ، زالىمغىمۇ، پۇلدارغىمۇ، نامراتقىمۇ، زىيالىيغىمۇ، ئاۋامغىمۇ چەكلىك ئۆمۈر ئاتا قىلغان. ئۆمۈر دېمەك: بىلىم ئالىدىغان، تەر تۆكىدىغان، ئىجاد قىلىدىغان، يارىتىدىغان، ئادەمدەك ياشايدىغان پۇرسەتتۇر.

ئۆمۈر دېمەك: ئۆزىمىزنى كۈچەيتىدىغان، روناق تاپقۇزىدىغان، ئەۋلادنى زامانىۋى ئادەملىك كامالىتىگە يەتكۈزىدىغان تارىخىي پۇرسەتتۇر.

ئۆزىڭىزنى قەدىرلىسىڭىز ھاياتنى، ئۆمۈرنى قەدىرلەڭ، ئۆمۈرنى قەدىرلىسىڭىز ھەر مىنۇت، ھەر سائەتنى بىھۇدە زايە قىلماڭ.

بىراۋنى ھۆرمەت قىلسىڭىز، ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئالماڭ. بۇ سىزنىڭ ئۇنى چىن مەنىسى بىلەن قەدىرلىگىنىڭىزدۇر.

## مىللىي پسىخىكىمىزدىكى راھەتپەرەسلىك

يېقىندا بىر ئىشەك ھەيدىگەن، يالىڭاياغ، كىيىملىرى جۇلدۇر كېيەن بولۇپ كەتكەن بىر ياپون X X تە پەيدا بولۇپ قالغان. بۇ ياپوننىڭ بۇ ھالدا پەيدا بولۇشى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ دىققىتىنى تارتقان، ئۇلار بۇ ياپوننى «جاسۇس» دېگەن گۇمان بىلەن تۇتۇپ سوراق قىلغان. سوراقتا بۇ ياپون: «مەن خوتەن خەلقىنىڭ ئىشەك ھەيدەپ، پىيادە يول يۈرۈپ قەشقەر، ھەتتا ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلىقىنى كىتابتىن ئوقۇغانىدىم، ئاشۇ بىچارە ئادەملەرنىڭ مۇشۇنچىۋالا ئۇزۇن دەشت - باياۋان يولدا چەككەن ئازابىنى بىۋاستە ھېس قىلىپ بېقىش ئۈچۈن، بۇ ئىشەكنى سېتىۋېلىپ، لاقا - لۇقامنى ئىشەككە ئارتىپ خوتەندىن پىيادە مېڭىپ كەلدىم. ئۈرۈمچىگىچە مۇشۇنداق ماڭماقچىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭ جاۋابىدىن ساقچىلار ھاڭ - تاڭ قېلىشقان.

X X شەھىرىدە بىر كېچىسى ئۈچ نەپەر چەت ئەللىك ياش X X تېغى باغچىسىدىكى تاشلىقتىن تۇتۇلغان. ئۇ كۈن قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئۈچ نەپەر چەت ئەللىك ياش بۇ باغچىدىكى قورام تاشلىقنىڭ ئارىسىدا - ئايدىڭ - ئوچۇقچىلىقتا بىر دانە ئەسكى ئەديالنى يېپىنىشىپ تاشقا بېشىنى قويۇپ ياتقانىكەن. ساقچىلار ئۇلارنىمۇ «جاسۇس» دېگەن گۇمان بىلەن تۇتقان. سوراقتا ئۇلارمۇ: «بىز سىلەردە ‹قارا نوپۇس› دېيىلىدىغان بىر مۇساپىر تەبىقىنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ پۇلى ۋە كىملىكى بولمىغاچقا، مۇشۇنداق چەت - ياقا، خالىي - پىنھاندا يېتىپ - قوپۇپ يۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان. بىز ئاشۇلارنىڭ مۇشۇنداق يامان شارائىتتا تارتىدىغان مۇشەققىتىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاش ئۈچۈن، ئېسىل مېھمانخانىلاردا ياتماي، ئاشۇ ئەسكى تاشلىقتا، يامغۇر - يېغىننىڭ ئاستىدا تۈنىدۇق» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ياپونىيىلىك بىر ياش يىگىت تېخىچە ھېچقانداق ئادەمنىڭ سەھرايى كەبىر چۆللۈكىنى ئۆز ئۈستىگە كېسىپ ئۆتۈپ باقمىغانلىقىنى ئاڭلاپ قەتئىي نىيەتكە كەپتۇ - دە، تۇنىستىن بىر تۆگە سېتىۋېلىپ، يەيدىغان - ئىچىدىغىنىنى تۆگىگە ئارتىپ، ئاشۇ سەھرايى كەبىر چۆللۈكىنى كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ تۆگىسىگە «ساھابى» دەپ ئات قويۇپتۇ. يىگىت بىلەن ئۇنىڭ «ساھابىسى» بىر قانچە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، قۇملۇقنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ئۈشتۇمتۇت ناھايىتى قاتتىق قارا بورانغا دۇچ كەپتۇ ۋە قۇم ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپتۇ. بۇ يىگىت ئانىسى (ئانىسى تۇل ئىكەن) نىڭ بار دۇنيالىقتا بىر تاللا ئوغلى ئىكەن. بۇ ئىش گېزىتلەردە خەۋەر قىلىنغاندىن كېيىن ياپونىيىدە زىلزىلە قوزغاپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان يەنە بىر 21 ياشلىق يىگىت ئاتا - ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ تۇنىسقا چۈنەپتۇ. ئۇ، بايىقى يىگىت قۇم ئاستىدا قالغان يەرگىچە ماشىنا بىلەن كېلىپ، ئۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ماشىنىسىنى تاشلىۋېتىپ، تۆگە بىلەن ئۆزى يالغۇز چۆللۈكنى كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىنى باشلاپتۇ ۋە ئىنسان بالىسى ئىشەنگۈسىز مۇشەققەتلەرنى تارتىپ ئاخىر سەھرايى كەبىر چۆللۈكنىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئۆلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سەھرايى كەبىر چۆللۈكىنى ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم پىيادە كېسىپ ئۆتكەنلەر ئەرەبلەر ئەمەس ياپون بولۇپ چىقىپتۇ.

يۇقىرىقى مىساللار نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ھېلىقى ياپوننى خوتەندىن پىيادە، يالىڭاياغ ھالدا شۇنچە ئۇزۇن چۆللۈكنى بېسىپ دەشت - باياۋانلاردا سەپەر قىلىشقا نېمە مەجبۇر قىلدى؟ ھېلىقى ئۈچ نەپەر چەت ئەللىك ياشنى ئىسسىق ۋە يۇمشاق تۆشەكنى، ئالىي مېھمانخانىنىڭ ئېسىل شارائىتىنى تاشلاپ X X تېغىدىكى تاشلىقتا، شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ ئاستىدا تۈنەشكىچۇ؟

ھېلىقى تۇل ئايالنىڭ بىر تاللا ئوغلىنى ۋە ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئىشىنى داۋاملاشتۇرغان يىگىتنى دۇنياغا مەشھۇر بۇ قۇملۇقنى،پىيادە كېسىپ ئۆتۈشكە نېمە مەجبۇر قىلدى؟ بۇ ئىككى ياپون يىگىتنىڭ بىرسى بۇ يولدا جېنىدىن ئايرىلىپتۇ، يەنە بىرى ئاشۇ پايانسىز قۇملۇقنىڭ نېرىقى چېتىگە چىققۇچە نېمە كۈنلەرنى، قانداق جاپالارنى تارتقاندۇ؟ ئۇلار شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەمتى؟ بىلسە، نېمە ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇ يولنى تاللىۋالدى؟

ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى ئىنساننىڭ ئەمگىكى بىلەن يارالغان - بىز ھازىر پايدىلىنىۋاتقان، قوغلىشىۋاتقان، تالىشىۋاتقان، ئارزۇ قىلىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەمگەكتىن كەلگەن.

«ئەمگەك» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، بۇ سۆز «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «جاپا - مۇشەققەت» دەپ، «ئالتۇن يارۇغ» دا «ئازاب »، «مۇشكۇلات» دەپ، «مايتىرى سىمىت» دا «ئازاب - ئوقۇبەت»، «قىيىن - قىستاق» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمكى، بۈگۈنكى دۇنيا ۋە بىزنى كېرىلدۇرۇۋاتقان مەنپەئەتلىرىمىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ جاپا - مۇشەققىتى، ئازاب چېكىشى، مۇشكۇلچىلىك ئىچىدە تىرىشىپ - تىرمىشىشى، ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قان - تەر تۆكۈشى، قىيىن ۋە قىستاق شارائىتتا تۇمشۇقى بىلەن يەر تىرەپ، تىرەجەپ - تىرمىشىپ كۆرەش قىلىشى بەدىلىگە مۇشۇ ھالغا كەلگەن ۋە تەل بولغانكى، ھەرگىزمۇ ياستۇقنى قىرلاپ يېتىشى، يۇمشاق تۆشەكتە ئېغىناپ چۈش كۆرۈشى، تائامنىڭ ياخشىسىنى يەپ، كىيىمنىڭ ئېسىلىنى كىيىپ، «جان بالىخان» غا ناخشا توۋلاپ ئولتۇرۇش - بەزمە بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈشى

ھېسابىغا كەلگەن ئەمەس.

مۇبادا ئەجدادلار ئەمگەك قىلمىغان، تەر تۆكمىگەن، جاپا - مۇشەققەت چەكمىگەن، ئىزدەنمىگەن، ئىجاد قىلمىغان، راھەت - پاراغەت قوغلاشقان بولسا، ئادەملەر ياۋايىلىقتىن قۇتۇلۇپ مەدەنىيەتكە ئۇلىشالامتى؟ ئۆزى گۈزەل، تىلى پاساھەتلىك، ئۈستىبېشى چىرايلىق، دۇنيانىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە ئەتىسىنى بىلىدىغان، بۈيۈك ئىدىيىلەر، يالقۇنلۇق پەلسەپەلەر، ئالماستەك پىكىرلەر، مۇڭلۇق ناخشا، نەپىس ئۇسسۇل، پەن - تېخنىكىدىكى ئالەمشۇمۇل كەشپىياتلارنى يارىتىدىغان مەدەنىي ئادەملەرگە ئايلىنالامتى؟

مۇشۇ مەنادىن ئالغاندا، ئەمگەك قىلىش - يەنى جاپا - مۇشەققەت چېكىش، قېيىنچىلىق ۋە مۇشكۈللۈك ئىچىدە قان - تەر ئاققۇزۇش، ئۆزىنى تاۋلاش ئاللانىڭ گۈزەل ئەسىرى بولغان ئادەمنىڭ ئادىمىيلىك بەلگىسى ۋە پەزىلىتى بولۇش بىللە يەنە تەبىئىي قەرزى، يۈكسەك بۇرچى، باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتىدۇر.

مۇشۇ كۈنلەردە قاراپ باقىدىغان بولساق، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئاشپۇزۇل - ناۋايخانىلاردا، كاۋاپدان، كاللا - پاقالچاق غالتەكلىرىدە ئىمكار بولۇپ ئىشلەۋاتقان مىڭلاپ ئۇيغۇر يىگىتلىرىنى كۆرىمىز. ئۇلار يۇرتلىرىدىن «ئۈرۈمچىدە ئىشلىسىلا پۇل تاپقىلى بولىدىكەن، تۆت - بەش تەڭگە پۇل تېپىپ كېلەي» دەپ چىققانلار. ئۇلار ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ئاشپۇزۇل ۋە ناۋايخانىلاردىن ئىش تاپىدۇ. ئاز ساندىكى نائىنساب دۇكان ئىگىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ سانلىق دۇكانلاردا ئۇلار ئىشلىسىلا ئىش ھەققى بېرىدۇ، كىيىم - كېچەك قىلىپ بېرىپ، ئۈستىبېشىنى تۈزەشتۈرۈپ قويىدۇ. ھەتتا بەزىلىرىگە قىزىنى بېرىپ ياكى باشقا يەردىن لايىق تېپىپ توينى قىلىپمۇ قويىدۇ. لېكىن قىزىق يېرى، بۇنداق ئىمكار باللار بىر دۇكان (دۇكان ئىگىسىھەر قانچە ياخشى مۇئامىلە قىلسىمۇ) دا ئۇزۇنى بىرەر يىل (بۇنداقلار بەك ئاز) بولمىسا بىر نەچچە ئاي، ھەتتا بىر نەچچە كۈن ئىشلەپ قويۇپلا قېچىپ كېتىدۇ - دە، يەنە بىر دۇكانغا بېرىپ ئىش ئىزدەيدۇ. ئۇ يەردىمۇ بەش - ئالتە كۈن ئىشلەپ قويۇپ يەنە قاچىدۇ. «نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟» دەپ سورىساڭ، جاۋاب بىرلا: «ئىشى ئېغىر ئىكەن». ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دۇكان ئىگىلىرىنىڭ پۇل - پېچەك، ئۇن - ياغ، گۆش - كۆكتات، پىچاق - سايمانلىرىنى ئوغرىلاپ باشقا دۇكانغا ئاپىرىپ ساتىدۇ.

قولىدا بىر ئوبدان ھۈنىرى بار باللار ياز كۈنلىرى ئۇ يەر - بۇ يەردە قاقتى - سوقتىلىق، كۆتەمكەشلىك، ئوغرىلىق قىلىپ جېنىنى جان ئېتىدۇ. كېچىسى باغچىلاردىكى ئورۇندۇقلاردا، چوڭ كوچا مەركەزلىرىدىكى گۈللۈكلەرنىڭ ئىچىدە يېتىپ - قوپىدۇ، كۈز كۈنلىرى ئوغرىلىغان پۇللىرىغا كېچىلىك سىنئالغۇ بېلىتى (تالاڭ ئاتقۇچە قويۇلىدىغان) سېتىۋېلىپ، شۇ يەرلەردە تۈنەيدۇ. قىشتا ياتىدىغان يېرى يوق، سوغۇق گەجگىسىنى قورۇغىلى تۇرغاندا ياكى كېچىلىك كىنو - سىنئالغۇغا پۇل تاپالمىغاندا ئاندىن ئاشپۇزۇل - ناۋايخانىلارغا بېرىپ ئىش ئىزدەيدۇ. ھاۋا ئىسسىپ گەجگىسىگە ئاپتاپ تەگكەندە يەنە قاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چاپىنى تىزىدىن ئاشمايدۇ، بىرسى ئىككى بولمايدۇ، يا بولمىسا ئوغرى بولۇپ كېتىپ سولاقخانىغا چۈشىدۇ. ئۇلار مۇبادا جاپاغا چىدىسا، تەر ئاققۇزۇپ ئىشلىسە ھەرگىزمۇ ئۇ كۈنگە قالمايتتى. ئۇلار ئەسلىدىلا جاپادىن قاچىدىغان، ئىشلىمەي چىشلەيدىغان تۇرمۇشنى قوغلىشىدىغان بولۇپ ئۆسكەچكە، ئۆزۈمنى خار قىلغۇچە كۆچۈمنى خار قىلاي، قولدەك ئىشلەپ بەگدەك يەي، ئادەم بولغاندىكىن ئادەمدەك ياشاي، دەيدىغان ئەركەككە خاس جاسارەت يوق.

ئۇنىڭ ئەكسىچە، مىڭلاپ - مىليونلاپ خەنزۇ ئىشلەمچىلەر سەن بىلەن بىز چىدىمايدىغان جاپالىق تۇرمۇش شارائىتىدا، ھايۋان چىدىمايدىغان ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىپ پۇل تېپىۋاتىدۇ. ئاڭلىسام، بىزدە بېسىلغان ئۇيغۇرچە گېزىتلەردىن ئوقۇسام، شۇ ئىشلەمچىلەر ئاشۇنداق جاپادا ئىشلەپ تاپقان پۇللىرىغا ئىچكىرىدىكى يۇرتىدا قەۋەت - قەۋەت ئۆيلەرنى ۋە داچىلارنى سېلىپ ئولتۇرىدىكەن. ئۆيلىرىدە پىكاپتىن تارتىپ موتسىكلىت، توڭلاتقۇ، رەڭلىك تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، تېلېفون قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن. پوچتىخانىلارنىڭ پۇل پېرېۋوت قىلىدىغان يېرىدە سەپسەن تاتىزىلىپ پۇل ماڭغۇزۇۋاتقانلار دەل ئاشۇنداق ئىشلەمچىلەر، ئەسكى - تۈسكى يىغقۇچىلار ۋە ياماقچىلاردۇر.

ئۇيلاپ باقايلىكى، ياپون، گېرمان، ئىنگلىز، يەھۇدىي ياكى پەلەستىنلىك بىزنىڭ جەنۇبتىن چىققان ئىمكار يىگىتلەرنىڭ كۈنىگە قالسا قانداق قىلار ئىدى؟ ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى كارتېرنىڭ ئوغلى: «دادامغا تايانماي مۇستەقىل ياشايمەن» دەپ ھەم ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇپ، ھەم ئاقلامچىلىق قىلىپ پۇل تېپىپ ئۆزىنىڭ پۈتۈن خىراجەتلىرىنى ئۆزى قامدايدىكەن. بىزدە زۇڭتۇڭ تۈگۈل بىرەر كادىر، بىرەر رەھبەر، بىرەر سودىگەر، بىرەر ئوقەتچىنىڭ بالا - ۋاقىسىدىن بىرەرسى: «دادامغا تايانماي ئۆز جېنىمنى جان ئېتىمەن» دەپ چىققانلار بارمۇ؟ بۇنداق بىرەر مىسالنى ئۇچراتمىدۇقكى، ئەكسىچە: «ھوقۇقۇڭ يوق، ئەمەلدار بولالمىدىڭ، قولۇڭدىن پوق كەلمەيدۇ» دەپ دادىسىغا تاپا - تەنە قىلىۋاتقان، «پۇل بەرمىدىڭ» دەپ دادىسىنىڭ گېلىنى بوغۇپ، ئاپىسىنىڭ

ھالقا - زىرىسىنى ئوغرىلاپ سېتىۋاتقان، «يول مېڭىپ داشۆگە ئۆتكۈزەلمىدىڭ» ياكى: «خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرالمىدىڭ» دەپ ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى قان قىلىپ قاقشىغىر - قاقشىتىۋاتقان، «خىروئىن چېكىدىغانغا پۇل بەرمىدىڭ» دەپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىنى بۇلاۋاتقان، ئۆز قېنى بىلەن سۈتىدە بېقىپ تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان ساپساق ئاتا - ئانىسىنى خانىۋەيران قىلىپ، مىسكىن، دەردمەن، كېسەلچان، ئېلىشاڭغۇ - ساراڭ، تىلەمچى قىلىۋەتكەن، ھەتتا ئاتا - ئانىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇۋاتقان كۆرمىگىلىغان بالا - ۋاقىلارنىڭ ئاجايىپ ئىبرەتلىك ھېكايە - قىسسەتلىرىنى كۈندە ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىزغۇ؟!

ھازىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان باللارنىڭ ئوقۇش چىقىمى ئاتا - ئانىلارنى ھالسىرىتىپ قويۇۋاتىدۇ. دۆلەت خىراجىتىدە ئوقۇيدۇ، دەپ قوبۇل قىلىنغانلاردىن ئالىدىغان ئوقۇش خىراجىتىمۇ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. شەخسىي خىراجەت بىلەن ئوقۇيدىغان باللار ئاز دېگەندە بىرەر - ئىككى تۈمەننىسىز مەكتەپ پۈتتۈرەلمەيدۇ. شۇنچىۋالا چىقىمنى ئاتا - ئانا بولغۇچىلار كۆتۈرۈشى كېرەك. ھەر قايسىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۆزىمىزگە ئايان، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىر - بىچارە دېھقانلار ئۆزلىرى يېمەك - ئىچمەي، يالغۇز قوي، ئۆچكىسىنى سېتىپ، بەزىلىرى گېلىغىچە قەرزگە بوغۇلۇپ ئاشۇ باللىرىنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى تۆلەۋاتىدۇ. بۇنى باللىرىمىز بىلەمدۇ؟ ئەلۋەتتە بىلىدۇ!

لېكىن، ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملاردا ئوقۇۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ماڭغان يولى، خەجلىگەن پۇلى، كۆرۈۋاتقان كۈنى، تارتىۋاتقان دەرد - ئەلەمى، چېكىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبىتىنى پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ خىيالى ئۇلۇم بالاسىدا ئېرىشكەن قىممەتلىك ئوقۇش پۇرسىتىنى قەدىرلەپ، تىرىشىپ بىلىم ئېگىلەپ جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇپ، مىللىتىنىڭ، ئۆزىدىن قالتىس ئۈمىدلەرنى كۈتۈۋاتقان بىچارە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىنى ئاقلاشتا ئەمەس، ئەكسىچە ياخشى كىيىش، ياخشى يېيىش، ياخشى ئويناشتا. چۈنكى ئۈرۈمچىدەك چوڭ شەھەردە، يەنە كېلىپ ئالىي مەكتەپ ياكى تېخنىكومدا ئوقۇۋاتقانىكەن، ئۇنىڭ قىياپىتى، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى، چېچىنىڭ پاسونى، لەۋلىرى، قاشلىرى، كۆزلىرى، ساغرىلىرى ... ھەممىسى يۇرتتىكىدىن باشقىچە بولۇشى كېرەك - دە.

نەتىجىدە پەرىزاتتەك بىر چىرايلىق قىزلار، سۈرەتتەك بىر چىرايلىق يىگىتلەر ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا شەيتانغا، ئالۋاستىغا ئۆزگىرىۋاتىدۇ.

ئۇلار ھەدېسىلا ئائىلىسىگە پۇل، دەپ خەت يازىدۇ. ئەۋەتكەن پۇلغا ساغرىسى بىلەن ھېلىقى يېرى «مانا مەن» دەپ چىقىپ تۇرىدىغان ئىشتان ئېلىپ كىيىشكە، چېچىنى ئەركەك شىرنىڭ بېشىدەك قىلىپ ياسىتىشقا، لەۋلىرى بىلەن قاش - قاپىقىنى ئالا - يېشىل قىلىپ بوياشقا ئالدىرايدۇ.

بەزىلىرى ھاراق ئىچىدۇ، بەڭ چېكىدۇ، قىمار ئوينايدۇ، ھەتتا خىروئىن چېكىدۇ.

بەزىلىرىنىڭ يېيىش - ئىچىش، كىيىش، ئويناش ھەۋىسى بەك ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاتا - ئانىسى ئەۋەتكەن ئازغىنە پۇلنى يېتىشتۈرەلمەي ئوغۇل بولسا ئوغرىلىق قىلىدۇ، قىزلىرى تانسىخانا، كافېخانا ۋە كېچىلىك بەزمىخانىلاردا پۇلى بارلارغا كېچىلىك «ئىلپەت» بولىدۇ. مېھمانخانىلاردا سودىگەر - ئوقەتچىلەرنىڭ، ئوغرى - قىمارۋازلارنىڭ قۇچاقلىرىدا ياتىدۇ ( ئاخىر مەكتەپتىن قوغلىنىدۇ ).

ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق ئىپلاسلىقلارغا بېتى چىدايدۇكى، دەرس ئارىلىقلىرىدا، دەم ئالغان كۈنلىرىدە، بايرام، ھېيت، تەتىل كۈنلىرىدە ئاشپۇزۇللاردا، ماگىزىن، شىركەت، دۇكانلاردا، ھاجەتمەن ئائىلىلەردە يالىنىپ ئىشلەپ پۇل تېپىپ، ھالال پۇل بىلەن ئۆزىنىڭ خىراجىتىنى ۋە ئوقۇش خىراجىتىنىڭ بىر قىسمىنى بولسىمۇ ھەل قىلىپ، بىچارە ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە نومۇس قىلىدۇ.

بىزدە تۈركۈم - تۈركۈم دىۋانە - تىلەمچىلەرنىڭ كوچا - كويلارنى ئىگىلەپ كېتىشىمۇ (ئايرىم مېيىپ - مەجرۇھ، ئەمالارنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ئۇلارنىڭ جاپا تارتمايلا ئاسان جان باقىدىغان يولنى تاللىۋالغىنى، بەزىلىرى ئىنسانىي غۇرۇر، نومۇس دېگەنلەردىن ئەلۋەتتە بىكار نانىنى ئەۋزەلرەك كۆرگىنى ئۈچۈندۇر.

ھازىر بىزدە يامراۋاتقان قىيامەت كېسىلى - خىروئىن چېكىشمۇ ئەسلى ماھىيىتىدىن راھەتلىنىش ۋە ھوزۇرلىنىش ئارزۇسىنىڭ دەيدىسىدە باشلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنى چەكسە دەرد - ئەلەمنى، قايغۇ - ھەسرەتنى، جاپا - مۇشەققەتلىك بۇ دۇنيانى ئۇنتۇپ ئۆزىنى چەكسىز ھوزۇر بېغىشلايدىغان راھەتلىك، ساماۋى دۇنيادا كۆرەرمىش. بىردەملىك راھەتكە ئىنتىلىش، ھوزۇر سۈرۈش ئارزۇسى

ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىگە، ئاتا - ئانا، خوتۇن - بالا، قېرىنداشلىرىغا ھەمدە پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە مىللەتكە ئەبەدىيلىك بالا - قازانىڭ ئوت پىلتىسى بولۇپ بېرىدۇ.

بىزدە بۇزۇقچىلىق يولىغا مېڭىۋاتقان نارەسىدە قىزلارنىڭ، ھەتتا بالىلىق ۋە بالىسىز ئەرلىك ئاياللارنىڭ ئۇچراپ تۇرۇشى، بۇنىڭ بىر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ نىكاھ ۋە ئائىلىلەر بۇزۇلۇپ، ئاتا - ئانىسى ھايات يېتىملەرنىڭ كۆپىيىشىمۇ ماھىيەتتە ئاشۇ خوتۇن - قىزلانىڭ ئىپپىتىنى سېتىش ھېسابىغا كۆپ پۇل تېپىپ، راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش، نەپسىنى قاندۇرۇش ئارزۇسى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ناكەسچىلىكلەردۇر.

راھەتپەرەسلىك قۇلچىلىقنى يېتىشتۈرىدۇ. چۈنكى كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتى ئۈچۈن جان قاقىدىغان ئادەمدە ئادالەت تۇيغۇسى، ھەق - ناھەق، ھالال - ھارام ئۆلچىمى بولمايدۇ. ئۇ ھەممىگە كۆنۈشى، ھەممىنى قوبۇل قىلىشى، ھەممىگە ماقۇل دېيىشى لازىم. پەقەت شۇندىلا ئۆزىنىڭ راھەتلىك تۇرمۇشىنى تاپالايدۇ ياكى ئۇنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئۇنداق قىلمىسا «جاپا» غا قالىدىغىنىنى بىلىدۇ ۋە جان - جەھلى بىلەن «جاپا» غا قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى يۇۋاش - يۇمشاق تۇتۇشقا تىرىشىدۇ. «جاپا» دىن قۇلنىڭ «راھەت» تۇرمۇشىنى ئەلا بىلىدۇ. راھەتپەرەس ئادەم قورقۇنچاق - خائىن مىجەز كېلىدۇ. تۇرمۇشنىڭ قاتتىق - قۇرۇقىغا قېلىشتىن، ئۆز مەنپەئىتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن مۇھىمى راھەتلىك تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ. شۇڭا، ئۇ توشقاندەك چۆچۈپ، ئۈركۈپ، خۇدۇكسىرەپ ياشايدۇ.

مۇشۇ كۈنلەردە قارايدىغان بولساق، ئاپتوبۇسلاردا ئورۇن تالىشىپ بىر - بىرىمىز بىلەن قان بولۇپ كېتىمىز. بىردەم ئۆرە تۇرۇش بىز ئۈچۈن جاپا بىلىنىدۇ. ئاشۇنچىلىك جاپادىن قېچىپ، شۇ دەرىجىدە سەتلىشىشكە رازىمىز. قېرىلارغا، ئاياللارغا، بالىلارغا ئورۇن بەرمەيمىز، چۈنكى ئۆزىمىزنىڭ ئۆرە تۇرۇپ «جاپا» چەككىمىز يوق. ئەكسىچە، بىز ئاپتوبۇستا چەت ئەللىكلەرگە ئورۇن بىكارلاپ بەرسەكمۇ ئۇلارنىڭ ئولتۇرمايدىغانلىقىنى كۆرىمىز، گويا ئۇلارغا راھەت زىيان قىلىدىغاندەك. شۇنداق، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئادەمگە راھەت زىيان قىلىدۇ. ئارتۇقچە راھەت كىشىنى ھورۇن، بىپەرۋا، بوشاڭ، نوقانچى، تەمەخور، ئاقنانچى قىلىپ ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئۇستاز، سۆيۈملۈك خەلق يازغۇچىسى زوردۇن سابىر جاناپلىرىنىڭ بىر گېرمان ئافىنىسى بولۇپ، ئۆيىگە كېلىپ قونۇپ قالسا، يۇمشاق ئورۇن سېلىپ بەرسە ئۇ يەردە ياتماي داق يەردە، قاتتىق - قۇرۇقلا يېتىۋالىدىكەن. مېنىڭمۇ مىخائىل فىرىدرىخ دېگەن بىر گېرمان بۇرادىرىم بار. ئۇ قايسىبىر يىلى شىنجاڭنىڭ ئەڭ يىراق، ئەڭ چەت يېزا - قىشلاقلىرىغىچە ئايلىنىپ كەپتۇ. ئۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن گويا جەننەتكە بېرىپ كەلگەندەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. سەۋەبىنى سورىسام: «كۆرمىگەننى كۆردۈم، يېمىگەننى يېدىم، سىلەرنى، ھاياتنى، ئۆزۈمنى قايتىدىن تونۇدۇم، گېرمانىيىدە بولسام بۇنداق پۇرسەتنى ئالتۇنغىمۇ سېتىۋالالماس ئىدىم» دېدى. كېيىن دەپ بېرىشىچە، ئۇ كورلىدىن چەرچەنگە بارغۇچە پۇلىنى ئوغرىغا بېرىپتۇ. ئىككى كۈن ئاچ قاپتۇ، ئاپتوبۇستىكى دېھقان سەپەرداشلار بەرگەن قاتتىق - قۇرۇق نان، گۆلە - قاق بىلەن جان ساقلاپتۇ. خەقلەر بەش موچەن، بىر كويدىن پۇل يىغىش قىلىپ ئاپتوبۇستا يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. خوتەننىڭ چىرا ناھىيىسىدىكى بىر تاغلىق يېزىغا بېرىپ بىر ئاي تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ يەردە تېزەك قالاپ چاي قاينىتىپ ئىچىپتۇ. دېھقانلار بەرگەن زاغرا بىلەن قورساق بېقىپتۇ. خوتەندە ئىككى - ئۈچ كۈن ئەسكى ئۆيگە قاماپمۇ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ: «ئالتۇنغىمۇ سېتىپ ئالغىلى بولمايدىغان قىممەتلىك پۇرسەت» دېگىنى ئاشۇ ئۆزى چەككەن جاپا - مۇشەققەت ئىكەن. بىز قاچىدىغان، بىز ۋايسايدىغان، بىز قاقشايدىغان جاپالىق مۇھىت ئىكەن.

مېنىڭچە، ئادەم قانچىلىك بىلىملىك ۋە ئەقىللىق، پىكرى قانچىلىك ئىلغار، ھايات قارىشى قانچىلىك تەرەققىيپەرۋەر بولسا، ئۇنداق كىشى راھەت - پاراغەت قوغلاشمايدىكەن، ئاددىي - ساددا ياشايدىكەن، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى جاپالىق ئەمگەك ۋە ئىزدىنىشتىن تاپىدىكەن. ۋاشىنگتون، لىنكولىن زۇڭتۇڭلار گەرچە ھەممىگە قولى يېتىدىغان ھۆكۈمرانلار بولسىمۇ، ھاياتنى تولىمۇ ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزگەن، بارلىقىنى دۆلەت، مىللەت ۋە ئېزىلگۈچى نېگىرلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بېغىشلىغانىكەن.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بۈيۈك داھىيسى ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرى ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭدىن ئاشۇ شاھانە ئەسەرلىرىدىن باشقا قولغا چىققۇدەك بىرەر تال بىسات قالمىغانىكەن.

پەلەستىنلىكلەرنىڭ داھىيسى ياسىر ئەرافات ناھايىتى

كاتتا باينىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر دۆلەتنىڭ يېرىم خەزىنىسىگە تەڭ بايلىق مىراس قالغانىكەن. ئۇ، بۇ بايلىقنى پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىغا پاك - پاكىز ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى بىر بىناكارلىق شىركىتىدە ئىشلەپ پۇل تېپىپتۇ. شۇنىڭغا تايىنىپ ياشاپتۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشى پەلەستىندىكى ئەڭ تۆۋەن قاتلام پۇقراسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بىلەن ئوخشاش ئىكەن.

چەت ئەلدە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋە باشقا ياش ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشنى تاشلاپ، ئاسىيا - ئافرىقىدىكى ئىچكى ئۇرۇش، يۇقۇملۇق كېسەل قاپلاپ كەتكەن، ئاچلىق، ئۆلۈم ھۆكۈم سۈرىدىغان، نامرات، ساۋاتسىز، كېسەلمەن، قالاق، نادان ۋە ئىپتىدائىي ھالەت ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان 3 - دۇنيا ئەللىرى خەلقلىرىگە ھەقسىز ۋە خالىسانە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە يەرلىشىپ، ئاشۇ خەلقلەرنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ بۇنى ئىنتايىن شەرەپ ۋە خۇشاللىق دەپ بىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بالىلىرىنىڭ بۇنداق ھەرىكىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقىنى، ئۇلاردىن چەكسىز پەخىرلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىغا ئىلھام ۋە رىغبەت بېرىدىغانلىقىنى تېلېۋىزوردا دائىم كۆرۈپ تۇرىمىز. لېكىن بىزدىچۇ؟ خېلى كۆپلىگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇشنىڭ يېرىمى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئۆزيۇرتلىرىغا قايتماي ئۈرۈمچىدە قېلىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ، تەرەپ - تەرەپكە قېتىراشقا باشلايدۇ. ئۇلار ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ناھىيە، شەھەر، يېزا - ئايماقلارغا بېرىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ، ئۇ يەردە ياشاۋاتقان ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى، ئۆزىنى بېقىپ ئۆستۈرگەن، ئاشۇ ئېغىر شارائىتتا ئۆزىگە مۇھتاج بولۇۋاتقان خەلق ئاممىسىنى - چەت سەھرا - قىرلاردىكى ساۋاتسىز، نادان، نامرات ھالدا قالغان يۇرت خەلقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. مۇبادا ئۈرۈمچىدە قالالمىسا، جەمئىيەتتە ئىشسىز بولۇپ، قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرۈشكە، خىزمەتسىز ۋە نوپۇسسىز بولۇپ كېتىشكە رازىكى، يۇرتىغا قايتمايدۇ.

يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىدىنلا بىزنىڭ ھايات قارىشىمىزنىڭ نەقەدەر قالاق ۋە زەئىپلىكىنى، پۈتۈن ئەس - يادىمىز بىلەن راھەت - پاراغەت قوغلىشىشقا بېرىلىپ، ئاخىردا مۇشۇ سەۋەبلىك بارغانچە بوشاڭ، چىدىماس، قورقۇنچاق، قول مىجەز، ھورۇن، چۈشكۈن ۋە زەئىپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى چۈشەنمەك تەس ئەمەس.

زەئىپلىك، بوشاڭلىق، چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلۇپ، مىللىي شەرىپىمىز ۋە ئىپتىخارىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن:

بالىلىرىمىزنى مەقسەتلىك ھالدا جاپا - مۇشەققەتكە كۆندۈرەيلى؛

بالىلىرىمىزغا ئانچە - مۇنچە قاتتىق - قۇرۇق، ئاشقان - تاشقان تائاملارنىمۇ يېگۈزەيلى؛

بالىلىرىمىزغا ئۆزىمىزدىن ياكى بىر - بىرىدىن ئاشقان كونا - يېڭى كىيىملەرنىمۇ كىيگۈزەيلى؛

بالىلىرىمىزنى ئانچە - مۇنچە ئېغىر - يېنىك ئىشلارغا سالايلى؛

بالىلىرىمىزنى بەزى ئەگرى - توقاي ۋە جاپالىق يولدىن توسمايلى؛

بالىلىرىمىزنى بەزى ناچار - جاپالىق شارائىت ھەم مۇھىتتا چېنىقتۇرايلى؛

بالىلىرىمىز كىچىككىدىنلا ئۆزىنىڭ قاچىسىدىكى تاماقنى ئۆزى يەپ، ئۆزىنىڭ كىيىمىنى ئۆزى كىيىپ، ئۆزىنىڭ يۈزىنى ۋە ئۆزىنىڭ كىرلىرىنى ئۆزى يۇيۇپ، ئۆزىنىڭ ئويۇنچۇقىنى ئۆزى ياساپ، يىقىلغان يېرىدىن ئۆزى ئۆمىلەپ قوپۇپ، دوستلىرى ئارا چىقارغان چاتاقلىرىنى ئۆزى تۈزەپ ئۆگەنسۇن، ھەممىگە چات كىرىپ، ھەممىنى قىلىپ بېرىپ ئۆگىتىپ، ھەمىشە باغرىمىزغا تېڭىۋېلىپ، ئۇلارنى قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، پەقەت ياخشىنىلا يېيىشكە، ياخشىنىلا كىيىشكە تۇغۇلغان بىر دۆۋە خام گۆشكە، تىرىكتاپ - نانتېپىغا ئايلاندۇرۇپ قويمايلى؛

بالىلىرىمىزغا ئەمگەكنى سۆيۈش ۋە جاپا - مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىشنىڭ ئىنسانىي پەزىلەت، ئىنسانىي بۇرچ ۋە ئىنسانىي قەرز ئىكەنلىكىنى كىچىككىدىنلا چۈشەندۈرەيلى؛

بالىلىرىمىز ئىنساننىڭ تەييارنى يېيىش ئۈچۈن ئەمەس، يوقنى يارىتىش ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى، يارىتىش، ئۆزىنى ساقلاش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەت چېكىشكە جۈرئەت قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەنسۇن ۋە شۇنداق قىلىدىغان بولسۇن. M1

1995 - يىلى فېۋرال، ئۈرۈمچى




ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت كومىتېتى مۇنداق تەكلىپ بەردى:

# ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك

«ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى خەۋىرى: 20 - ماي ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پاشا ئىشان ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ قىسمەن ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىنىڭ ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى ۋە ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى 1984 - يىلى ئەسلىگە كەلگەندىن بۇيان، تەشكىلىي ئاپپارات ئەسلىھەلىرىنى نۇقتىلىق تۈزۈپ، قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، ئىچكى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، كۆپ قېتىم دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا شان - شەرەپ كەلتۈرگەنىدى، بىراق، ھازىر بۇ ئىدارە نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. بۇ ئاساسەن مۇنۇلاردىن ئىبارەت: **1. ئىدارىنىڭ ئورنى مەسىلىسى.** ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى ئەسلىگە كەلگەن 10 يىلدىن بۇيان ئىزچىل تۈردە ئىشخانا ئىجارىگە ئېلىپ پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بەش قېتىم كۆچتى. 1992 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 11 - نومۇرلۇق قورۇدىكى كونا كۆتۈپخانىنى ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىنىڭ ئىشلىتىشىگە بەردى، بىراق بۇ كونا كۆتۈپخانا 1957 - يىلى سېلىنغان بولۇپ، 1981 - يىلى مۇناسىۋەتلىك تېخنىكا تارماقلىرى تەرىپىدىن خەتەرلىك ئۆي، دەپ بېكىتىلگەن. **2. خىراجەت ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەي، ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرالمىغان.** ئىدارىنىڭ يىللىق خىراجىتى پەقەتلا خادىملارنىڭ مائاشىغا يەتكەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دورا پۇلىمۇ بىر قەدەر كەمچىل بولغان. **3. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بۇ ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى ئۇيۇشتۇرغان، يېتەكچىلىك قىلغان ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت ئىجادىيەتلىرى كۆپ قېتىم مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، ئاپتونوم رايون بۇنى ھېچقانداق ماددىي جەھەتتىن مۇكاپاتلىمىغان.**

ئەزالار مۇنداق دېدى: مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى بىر مىللەتنىڭ روناق تېپىشى، تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئەدەبىيات - سەنئەت كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، ئىدىيىسىنى ساپلاشتۇرىدۇ. مەركەز «ئىككى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» نى قايتا - قايتا تەكىتلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى ئاپتونوم رايونىمىز ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ باشلامچىسى، بۇ ئىدارە پۈتۈن شىنجاڭغا يۈزلىنىپ ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىدارە مەۋجۇت بولمىسا ياكى ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسىي شەرت - شارائىتى كەمچىل بولسا، شىنجاڭنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شىنجاڭ مول مەزمۇنلۇق مىللىي مەدەنىيەت - سەنئەت ئەنئەنىسىگە ئىگە. بىراق، ئىگىلىشىمچە، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) دەرىجىلىك ئاممىۋى سەنئەت يۇرتلىرى ئىچىدىكى بىردىنبىر خىزمەت بىناسى يوق ئورۇن ئىكەن.

بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئەزالار تۆۋەندىكى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتىدىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «خەلق» تىياتىرخانىسىنى رېمونت قىلىش خىزمىتىنى پىلانغا كىرگۈزۈشى كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مالىيە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىنىڭ ئورنىنى دەرھال ھەل قىلغىلى بولمىسا «خەلق» تىياتىرخانىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ۋە ئىشلىتىشىگە ئايرىپ بېرىشى كېرەك. ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى يىلمۇ يىل كۆپەيتىش كېرەك. ھەر يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىنىڭ «كىچىك ئاق تېرەك ئۆسمۈرلەر سەنئەت ئۆمىكى» گە بېرىلىدىغان 5000 يۈەن ياردەم پۇلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، خەلقئارا ۋە مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئاممىۋى سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ۋە شەخسلەرنى بەلگىلىك ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلىشى كېرەك. **M3**



كۇسەن سۇ بېشى قەدىمكى شەھىرى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى

قەيـيۇم قادىر فوتوسى




《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شنجاڭ مەدەنىيىتى» 1995 - يىل 4 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主　管：新疆维吾尔自治区文化厅
主　办：新疆维吾尔自治区群众艺术馆
编　辑：《新疆文化》杂志编辑部
地　址：乌鲁木齐市新华南路11号
邮　编：830002　电话：2824771
印　刷：新疆《工人时报》印刷厂
发　行：乌鲁木齐市邮局
订　阅：全国各地邮局

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى
تۈزگۈچى: «شنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 11-قورو
پوچتا نومۇرى: 830002. تېلېفون نومۇرى: 2824771
باسقۇچى: شنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65－1073／I
本刊代号：58－22　　定　价：1.20

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN 65 -1073 / 1
ۋەكالەت نومۇرى: 22-58. باھاسى: 1.20 يۈەن